ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2 2012

新疆大學學報

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

哲学社会科学维吾尔文版

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**مۇسا روزى**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**2012 ـ يىللىق 2 ـ سان**

**(ئومۇمىي 130 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: جوش

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى

بەت لايىھەلىگۈچى: ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى

ئابلىكىم ياسىن

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ئابلىكىم ھەسەن

ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى

ئابدۇۋەلى ھامۇت

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ئاسىمە نىياز

پەخرىدىن ھېسامىدىن

تۇرسۇن قادىر

چىمەن نەجمىدىن

راھىلە داۋۇت ئەلچىن

شېرىن قۇربان

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى

مۇختەر مەخسۇت

مۇھەببەت قاسىم

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
33-يىللىق 2-سان(ئومۇمىي 130-سان)    2012-يىلى 6-ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش — «غەيرى دېھقان» لارنىڭ يارىتىلىشى......... ساۋۇت پاۋان، مۇھەممەتيۈسۈپ تاھىر(1)
ئۇيغۇر تىلىنىڭ فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ھەققىدە............
..........................................ئابلىمىت يۇنۇس(9)
ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە.............................. ئابدۇرېھىم راخمان (19)
«شىنجاڭچە روھ» نى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا.................. ماھىرە ئابلىز (26)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش
توغرىسىدا ........................................ مۇھەممەتيۈسۈپ سۇلايمان (33)
شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ دىن قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە
تەتقىقات ........................................ خۇرشىدە غوپۇر (40)
سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى
ئۆستۈرۈش توغرىسىدا.................................... مۇختار ئابدۇرېھىم (44)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ھەرپ ۋە سۆزلەرنىڭ N-gram لىق تۈزۈلۈشى ھەققىدە.........................................
.........ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىم، نىجاد نەجمىدىن، مەھمۇتجان مەمەت (52)
ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش-ھاسىل قىلىش گىراماتىكىسىدىكى
تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقى توغرىسىدا.................................. ئادىلە مۇسا (62)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە.....ئادىلە قاھار (71)
خەلق ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى..... ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق(72)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە......ئابدۇللا مەتقۇربان(89)
كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئانالىز قىلىشقا ئائىت بەزى ماھارەت توغرىسىدا.............. باتۇر مەخسۇت (96)
«خەمسەئى نەۋايى» دىكى ئاياللار ئوبرازى ۋە نەۋايىنىڭ دەۋردىن ھالقىغان ئاياللار قارىشى....گۈلجامال مەمتىمىن (105)

## تارىخ تەتقىقاتى

كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا............
.........................................چىمەنگۈل سەمەت، مۇنىرە ياقۇپ(116)

## ئاخباراتچىلىق ۋە تەھرىرلىك ئىلمى تەتقىقاتى

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە.............................ئادىلجان ئاقيول(127)
ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا........................ئەخمەتجان ئۆمەر(137)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-06

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第33卷第2期（总130期）　2012年6月

# 目　录

## 西域文化研究

集体化：“非农民”的创造……沙吾提·帕万，买买提玉苏甫·塔依尔 (1)

论维吾尔语熟语中反映的文化……阿不力米提·尤努斯(9)

论维吾尔语短语及其类型……阿不都热依木·热合曼(19)

关于弘扬“新疆精神”的途径和意义……玛依拉·阿布力孜 (26)

## 政治、经济与管理学研究

关于加强人才队伍建设，促进人力资源开发……买买提玉素甫·苏来曼(33)

新疆高校少数民族学生宗教信仰观点存在的一些问题研究……胡尔西旦.吾甫尔(40)

关于提高艺术专业大学生思想政治教育工作的效果……木合塔尔·阿布都热依木(44)

## 语言与文化研究

基于 N-gram 的维吾尔弹词字母结构分析……阿布都哈力力·阿布都热依木，尼加提·纳吉米，买合木提·买买提(52)

关于传统语法的词组在生成语法的不同分析……阿迪拉.木沙(62)

关于《突厥语大辞典》中包含动物词语熟语的意义……阿迪来.卡哈尔 (71)

民间娱乐习俗及其社会功能……阿布力米提·麦麦提(74)

## 文学研究

试论买买提沙力·买提肉孜的部分报告文学作品……阿布都拉·买提库尔班(89)

论影视剧作分析技巧……巴图尔·买合苏提(96)

纳瓦依《海米赛》中的女性形象及其超时代的女性观……古力加马力·买买提明(105)

## 历史研究

论柯坪县维吾尔文化促进分会的建立历史及活动……齐曼古丽•赛麦提(116)

## 新闻学与编辑学研究

新疆天山网维吾尔文版发展现状研究……阿迪力·阿合约力(127)

学报编辑的素质结构分析……艾合麦提·吾买尔(137)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-06

ماقالە نومۇرى: 08 - 001 - 02 (2012) 5878 - 1005

# كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش — «غەيرى دېھقان» لارنىڭ يارىتىلىشى[1]*

ساۋۇت پاۋان، مۇھەممەتيۈسۈپ تاھىر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش جەريانى، يەنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، باشلانغۇچ كوپېراتسىيە، ئالىي كوپېراتسىيە ۋە خەلق گۇڭشېسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ جەرياندا دېھقانلار خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلىرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قىلىنغانىدى. شۇ مەزگىللەردە گەرچە ئىقتىسادىي پەرقلەر مۇتلەق تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، سىنىپىي كىملىكى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلىشىدىكى سەۋەبلەر، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش جەريانىدىكى خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرگە بولغان ھېسلىرىمۇ بۇ ماقالىنىڭ نەزەر دائىرىسىدە بولىدۇ.

**摘要：**这篇论文将探讨维吾尔农村的集体化过程即互助组、初级合作社、高级合作社和人民公社。在此过程中，农民们逐渐失去对私人财产的所有权。虽然经济差异早已消失，但阶级身份与阶级斗争依然更被强调的原因以及农民对集体化过程中的种种运动的感受也是本论文所覆盖的范围之内。不当之处，敬请赐教。

**Abstract:** This paper analyzes the process of collectivization in Uyghur villages, namely the mutual aid team, the low-level agricultural production commune, the high-level agricultural production commune, and the people's commune. During this process, peasants were gradually deprived of their private property rights. This article will consider the reasons that class consciousness and class struggle increased in intensity during this period, despite the fact that economic inequality had been completely done away with, and will also treat the reactions of peasants to various campaigns during the collectivization process.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F121    ماتېرىيال بەلگىسى: A

جۇڭگو تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، «يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يېرى بولۇشى كېرەك» دېگەن شوئاردا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ تامغىسى بارلىقىنى بايقىيالايمىز. تارىختىكى ھەر بىر سۇلالە تىكلەنگەندە، يېڭى ھاكىمىيەت ھامان يەر ئىسلاھاتى خاراكتېرىنى ئالغان بەزىبىر سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارغا بىرەر پارچىدىن يەر بەرگەندى. بىراق يەرلەر بارا-بارا يەنە زېمىندارلارنىڭ قولىغا يىغىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ئازىيىپ بارغان. كۆپلىگەن سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يەرسىز قېلىشىدەك ئەھۋال سۇلالىنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى يوقاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپ قالاتتى[2]. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئىتتىپاقچىلىرىنى يەرگە تەشنا بولغان دېھقانلاردىن تاپالىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى[+2]. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى بىر

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار پەن تەتقىقاتىنى باشلاش فوند تۈرى (نومۇرى: 07020428073) «سىنىپىي تەركىب ئايرىشنىڭ ئۇيغۇر يېزا جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر فوند تۈرى (نومۇرى: 10BMZ073) «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتورلار: ساۋۇت پاۋان (1968 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور. شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى، كۇلتۇرى ۋە ئانتروپولوگىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇھەممەتيۈسۈپ تاھىر(1966 - يىلى7 - ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تەھلىلى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىكى ئەڭ تەلتۆكۈس بولغان يەر ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى، ھەمدە ئىنقىلابقا ساداقەتمەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەگىشىشنى خالايدىغان، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان «ئوتتۇرا دېھقانلار»نى زور كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى[3]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر ئىسلاھاتى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ مەملىكەت مىقياسىدىكى قۇدرىتى ۋە ئابرۇيىنى تىكلىدى. بىراق شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن خۇسۇسىي يەرلەر دېھقانلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى يېڭى ھاكىمىيەت تەشكىللىگەن كەڭ كۆلەملىك سىنىپىي كۈرەشلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان يەر تەقسىماتىنىڭ نەتىجىسىدۇر[4].

يەر ئىگىدارچىلىقىنىڭ بۇ خىل «ياسالما» خاراكتېرى دۆلەتنى كېرەك بولغاندا مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئۆزگەرتەلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەمىنلىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى پىلانىنى تۈزۈلسىلا، دۆلەت ئورناتقان يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلەتتى[5]. چۈنكى بارلىق سىياسەتلەرنى بەلگىلەش ۋە تۈزۈملەرنى ئورنىتىش، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە بويسۇنۇشى شەرت ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق شەكلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەر تېرىغۇچىلارنى يەككە دېھقانلاردىن كوممۇنا ئەزالىرىغا ئايلاندۇرۇشتەك كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش جەريانى خۇسۇسىي يەرلەرنى پەيدىنپەي يوقىتىپ، كوللېكتىپ يەرلەرنى «قۇراشتۇرۇپ» چىقتى. كوللېكتىپ يەرلىرى ئەمەلىيەتتە دۆلەت ئىگىدارچىلىقى بىلەن خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مەۋھۇم ئىگىدارچىلىق شەكلى ئىدى.

## 1. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى: لاپقۇتلىششنىڭ يېڭى شەكلى

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ياللانما دېھقانلار بىلەن كەمبەغەل دېھقانلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 68.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى جەدۋەلدە ئېنىق كۆرسىتىلگىنىدەك، ھەر بىر ئائىلە ئاران 0.2 كالا، 0.04 ئات ۋە قېچىر، 1.15 ئېشەك، 1.04 كەتمەن، 0.3 بوقۇسا، 0.59 ئورغاققا ئىگە بولغان. دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى.

جەدۋەل: يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ئەھۋالى[6]

| سىنىپ تۈرلىرى | ياللانما دېھقان | كەمبەغەل دېھقان | ئوتتۇرا دېھقان | باي دېھقان | پومېشچىك |
|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | 10054 | 19913 | 12834 | 355 | 594 |
| كالا | 761 | 3251 | 7908 | 420 | 76 |
| ئات ۋە قېچىر | 277 | 639 | 1497 | 133 | 17 |
| ئېشەك | 4869 | 18180 | 20175 | 894 | 416 |
| كەتمەن | 5467 | 15374 | 15004 | 656 | 443 |
| بوقۇسا | 476 | 2111 | 6141 | 359 | 21 |
| ئورغاق | 3027 | 8771 | 10049 | 497 | 318 |
| تاغار | 6170 | 14732 | 16828 | 1252 | 641 |

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىلى دېھقانلارنى ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تەشكىللەشكە ھەرىكەتلەندۈردى ھەمدە «ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ» دەپ تەشۋىق قىلدى. ئارخىپلارغا

ئاساسلانغاندا، دېھقانلار ئۆزئارا ئەمگەك ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە كېلىشكەن. مەسىلەن، ئىككى ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكى بىر ئېشەكنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكىگە تەڭ بولغان؛ تۆت ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكى بىر كالىنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكىگە تەڭ بولغان[7]. بۇ خىل ئەمگەك ئالماشتۇرۇش ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن يېڭى ھادىسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئازادلىقتىن بۇرۇنلا بۇنىڭغا ماس بولغان لاپقۇتلىشىش نامىدىكى ھەمكارلىق مەۋجۇت ئىدى. ھەر ئىككى جايدىكى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللاردىن ئېنىق ئەسلىمىسى بار ياشانغان كىشىلەر لاپقۇتلىشىشنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچۈرلارنى بەرگەنىدى؛

*«لاپقۇتلىشىش ئۇ ۋاقىتلاردا (ئازادلىقتىن ئىلگىرى) كۆپ ئىدى. كالا ۋە باشقا تېرىقچىلىق سايمانلىرى ئاز بولغانلىقتىن، تېرىقچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە قولۇم-قوشنىلار ۋە تونۇش-بىلىشلەر كۆپ ۋاقىتلاردا لاپقۇتلىشاتتى. لاپقۇتلىشىشتا ئەمگەك ۋە ئاشلىقمۇ ئىشلىتىلەتتى. مەسىلەن، بىرسىنىڭ كالىسى بولسا، بوقۇسىسى بارلار بىلەن لاپقۇتلىشاتتى، كالىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشى بىر ئادەمنىڭ ئىككى كۈنلۈكىگە تەڭ ئىدى، ئەمگەك قىلالمايدىغانلار بولسا، كۈزدە ئىككى چارەك (8 كىلوگرام) بۇغداي بېرەتتى. ئورما مەزگىلىدىكى لاپقۇتلىشىشقا پەقەت ئەرلەرلا قاتنىشاتتى[8]».*

يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق تىكلەنگەن يېزىلاردىكى مۈلۈك ھوقۇقى دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. يەككە دېھقان يەرنىڭ ئىگىسى شۇنداقلا بىۋاسىتە باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندى. ئۇ يەنە بۇ خىل مۈلۈكنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتدارى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇپ بەردى[9]. دېھقانلار گەرچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشسىمۇ، دېھقانلارنىڭ يەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىمىغان ئىدى. شۇڭا، دېھقانلار ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلغانىدى. بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ سۇ تەقسىملەش ھوقۇقىنى تىزگىنلىنىشى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋېلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بەردى. پېشقەدەم يېزا كادىرلىرى ۋە يەر ئىسلاھاتىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتدارلىرىنىڭ بۇ مەزگىلگە ئائىت ئەسلىمىلىرى تولىمۇ مەمنۇنلۇققا تولغان. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن ياخشىلانغان، يېمەك - ئىچمەكمۇ يېتەرلىك بولغانىدى. ھەتتا بىر قىسىم دېھقانلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مۇنداق باياشات تۇرمۇشنى كۆرۈشكە نېسىپ بولماي بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە قايغۇرۇپ يىغا-زار قىلىشقانىدى[10].

## 2. يېزا كوپېراتسىيەسىدىن خەلق گوڭشېسىغا ئۆتۈش، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ يوقىتىلىش جەريانى

ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ. 1954-يىلى 3-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسىنى قۇرۇش قارارىنى چىقاردى ھەمدە خۇسۇسىي دېھقانچىلىققا قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى باشلىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسى (باشلانغۇچ كوپېراتسىيە) دە، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى كوممۇنا تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى، ئەمما مۈلۈك ھوقۇقى دېھقاننىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئىگىسىگە بەلگىلىك مىقداردا ھەق تۆلەندى[11]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشلانغۇچ كوپېراتسىيە ئەزالىرىنىڭ بىرەر پارچە كۆكتاتلىق يېرى، مېۋىلىك دەرەخلىرى ۋە باشقا دەل-دەرەخلىرىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلدى. ئۆي قۇشلىرى، مال-چارۋىلار ۋە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كوممۇناغا قوشۇش مەجبۇرلانمىدى. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ كوپېراتسىيەدىن ئايرىلىش

ئىختىيارلىقمۇ بار بولدى. تەقسىمات پرىنسىپىدا ئوخشاش ئەمگەككە ئوخشاش ھەق بېرىش بەلگىلەندى. باشلانغۇچ كوپېراتسىيە بىرلىككە كەلگەن يەر باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ۋە مەلۇم مىقداردا ئومۇمىي مۈلۈككە ئىگە بولغاچقا، ئۇنى ئاللىبۇرۇن سوتسىيالىستىك خاراكتېرنى يېتىلدۈردى دېيىشكە بولىدۇ[12].

ھالبۇكى، باشلانغۇچ كوپېراتسىيەنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنى نىشانغا يەتتى دېگىلى بولمايتتى. پارتىيەنىڭ مەقسىتى يېزا ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، پۈتكۈل مەملىكەت (?) ناھىيەسىدىكى تەخمىنەن 96 پىرسەنت يېزىدا يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتسىيەسى (ئالىي كوپېراتسىيە) قۇرۇلدى. باشلانغۇچ كوپېراتسىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالىي كوپېراتسىيە كۆلەم جەھەتتىنلا چوڭ بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئۆزگىرىش شۇكى، خۇسۇسىي يەر ھەقسىز شەكىلدە كوپېراتسىيەگە تەۋە قىلىندى، يەردىكى مايسىمۇ مەلۇم مىقداردا تولۇقلىما بېرىش شەكلى ئارقىلىق كوپېراتسىيەگە تەۋە قىلىندى. خۇسۇسىيلارنىڭ كالا ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى باھالىنىپ كوپېراتسىيە تەرىپىدىن نەقلەشتۈرۈلمىگەن ئاساستا سېتىۋېلىندى. كوپېراتسىيەدىكى تەقسىمات شەكلى ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش بولدى. نەتىجىدە، دېھقانلار ئىلگىرىكى يەرلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، تولۇق ئەمگەك نومۇرى ئېلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئىشلەيدىغان سوتسىيالىستىك «يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى» غا ئايلاندى[13].

شۇ دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئالىي كوپېراتسىيەگە بولغان قىزغىنلىقى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە باشلانغۇچ كوپېراتسىيەگە بولغان قىزغىنلىقىدەك يۇقىرى بولمىغان. ھەتتا دېھقانلار يەر خېتىنى كۆتۈرۈشۈپ نامايىش قىلغان ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن. ھالبۇكى، خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرلىرى تەربىيەلىنىش كۇرسلىرىدا ئۆگىنىلگىنىدەك، كوپېراتسىيەلىشىش تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھەرىكەت ئىدى. كوپېراتسىيەلىشىش خىزمىتىگە قاتناشقان كادىر ئەخمەت شاكىر تەربىيەلەش كۇرسىدىكى تەلىملەر ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارنى بەرگەن:

سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ھەرقانداق ئىستراتېگىيەنى قوللىنىپ، يەر ئىسلاھاتىدا دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرنى كوپېراتسىيەگە قايتۇرۇپ ئېلىش. شۇنىسى كاللاڭلاردا ئايدىڭ بولسۇنكى، كوپېراتسىيەلىشىش خۇددى يىلنىڭ پەسىلگە ئوخشايدۇ، سىلەر توپ-زەمبىرەك بىلەن قىشنىڭ ئارقىسىدىن باھارنىڭ كېلىشىنى توسۇيالامسىلەر؟ كوپېراتسىيەلىشىشكە قارشى چىقىش خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش[14].

دېمەك، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كوپېراتسىيەلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى، دېھقانلاردىن كېلىدىغان ھەرقانداق توسالغۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ئىدى. گەرچە خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرلىرى «كوپېراتسىيەگە قاتنىشىش ئىختىيار، چىقىپ كېتىش ئەركىنلىك» دەپ تەشۋىق قىلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيەگە قاتنىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان، ھەتتا بېسىممۇ ئىشلەتكەن. كوپېراتسىيەگە قاتنىششنى خالىمىغان دېھقانلارغا قوللىنىلغان ئاساسلىق تاكتىكا ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سۇ قاتارلىق بايلىقلاردىن پايدىلىنىشىغا چەك قويۇش ھەمدە ئاممىۋى يىغىنلاردا تەنقىد قىلىش ئىدى. مانا مۇشۇنداق رادىكال سىياسەتلەر نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى كوپېراتسىيەلىشىش دۆلىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تاماملاندى. بۇ خىل تۈزۈمگە مۇناسىپ ھالدا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئەركىن ئاشلىق بازارلىرىنى تاقاپ، كوممۇنادىكى ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان دۆلەت كونتروللۇقىدىكى تەقسىمات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1958 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە قوزغالغان، شۇنداقلا كەڭ ئاممىنى سانائەتلىشىشكە سەپەرۋەر قىلىدىغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى (دايۆجىن) نەتىجىسىدە، بارلىق كوپېراتسىيەلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا خەلق

گۈگۈشىلىرى قۇرۇلدى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى — دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ پولات تاۋلاش ۋە ئائىلە بويىچە كەنتلەردىكى ئاممىۋى ئاشخانىلاردا تاماق يېيىش بولدى. دېھقانلارنىڭ بۇ دەۋرگە ئائىت ئەسلىمىرى قورساقنىڭ تويماسلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى.

## 3. كوممۇنا ئەزاسى — ئالاھىدە تۈستىكى «ياللانما ئەمگەكچى»

دېھقانلار كوپېراتسىيەلىشىش مەزگىلىدىلا باياشات كوممۇنا تۈزۈمىگە ئېرىشىش ۋەدىلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار پەقەت كوممۇنا مۈلكىنىڭ ساختا خوجايىنىغىلا ئايلىنالىدى. كوممۇنىزمغا يۈگۈرۈپ كىرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتلار كۆچەيگەنسېرى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ ناچارلاشتى. ئەمەلىيەتتە، دېھقانلار ئۆز ئىستېمالى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتەك ئاساسىي مۇددىئاسىنى تولۇق ياكى قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان ماددىي ۋە غەيرى ماددىي ئامىللارنى يوقاتتى. ئانتروپولوگلار دېھقانلارنىڭ بۇ خىل ئىستېمال خاراكتېرىنى «تىرىكچىلىك» (subsistence) دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز يېرى ۋە ئۆز ئەمگىكىدىن يىراقلاشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئۆزلىرىنىڭ يېرى ئۈچۈن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتمۇ ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەترەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى[15].

خۇسۇسىي مۈلۈك يوقىتىلغاندىن كېيىنكى دېھقانلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق ئىزاھلاش كېرەك؟ ئۇلارنى داۋاملىق دېھقان دەپ قاراشقا بولامدۇ-يوق؟ ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زاماندىكى دېھقانلارغا ئائىت تەتقىقاتلار تارىخشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار، ئانتروپولوگلار ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار دېھقانلارنى ئوخشىمىغان ئېنىقلىمىلار ۋە ئۇقۇملار بىلەن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، كۆپ جەھەتتىن يەنىلا ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئې. ۋولف دېھقانلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھمىيەتلىك ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) ئاساسەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش؛ (2) تېرىلغۇ يەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش؛ (3) ئاساسلىق نىشانى قايتا مەبلەغ سېلىش بولماستىن بەلكى تىرىكچىلىك ئۈچۈن بولۇش[16].

ت. شانىن دېھقانلارغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىغىنچاقلاپ چىققان. ئۇنىڭ نەزەرىدە، دېھقان ئائىلىۋى ئىگىلىك، دېھقانچىلىق، كەنت ۋە ئۇنىڭ كۇلتۇرى ھەممىدە ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدىكى ئاجىز ئورنى قاتارلىق بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان تۆت خاسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

(1) دېھقانلارنىڭ ئائىلىۋى ئىگىلىكى — كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي ئورگاننىڭ ئاساسىي بىرلىكى. ئائىلىۋى ئىگىلىك دېھقانلاردىكى مۈلۈك، ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال، پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش، سالاھىيەت، ئىناۋەت، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىقلارنى توپلايدىغان ياكى يۈرگۈزىدىغان ئاساسلىق ئورۇن.

(2) دېھقانچىلىق — ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش يولى. دېھقانلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆز ئاشلىقىنى ئىشلەپچىقىرىشتەك ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تېرىلغۇ يەر بىلەن ئائىلىۋى ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ

(3) كۇلتۇر ئەندىزىسى — يېزا جامائىتىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. يېزا جامائىتى دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرىدىغان سورۇن. تۇرالغۇلارنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋە ھېس-تۇيغۇلار ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ. دېھقانلار كۇلتۇرى كىچىك يېزا جامائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەم ئۇلارنى كۆچەيتىدۇ. چۈنكى يېزا جامائىتى ئوخشاش بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

(4) دېھقانلار باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە كونتروللۇقىدا ياشايدۇ. ئۇلار سىياسىي ۋە كۇلتۇر جەھەتتە موھىم بولمىغان ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە باج، ئىجارە، ھاشار شۇنداقلا ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغان سودا ئىشلىرى ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدۇ[17].

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، كوممۇنا ئەزالىرى گەرچە يېزا جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، دېھقان خاراكتېرىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. يېزىلاردىكى سىنىپىي تەركىب ئايرىش ھەرىكىتى، ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك تەرتىپىنى تەتۈرسىگە ئۆرۈۋەتكەنلىكتىن، يېڭىدىن تىكلەنگەن يېزا تايانچ كۈچلىرى سىياسىي مەنپەئەت ئۈچۈن جامائەت مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كوممۇنا ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ جامائەت يۇقىرىدىن كەلگەن بېسىم ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭىدىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيەتتە ياللانما ئەمگەكچىلەر مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ كونا زاماندىكى ياللانما ئەمگەكچىلەردىن كۆپ ياخشى بولۇشى كېرەك ئىدى. كونا زاماندىكى ياللانما ئەمگەكچىلەرنىڭ «قاباھەتلىك» تۇرمۇشى ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئەسلىمىلەردىن ھەتتا ماۋ زېدوڭنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ تاپالايمىز. دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياللانغان ئەمگەكچىلەر ئادەتتە يىللىق، ئايلىق ۋە كۈنلۈك بويىچە ياللانغان. پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئادەتتە يەر ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولمايتتى. ئۇلار ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقى، قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ ناچارلىقى، كەسپىنىڭ تۇراقسىزلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى[18].

ئازادلىقتىن كېيىنكى كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى قانداق ئىدى؟ تەكشۈرۈلگەن ھەر ئىككى جايدىكى كادىر ۋە دېھقانلارنىڭ كوممۇنا دەۋرىگە ئائىت ئەسلىمىلىرى تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىكى ئەڭ ئېنىق خاتىرە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۇ قۇرۇلۇشى ھاشارلىرى ۋە قورساقمۇ تويمايدىغان ھەق ئىدى. بۇ ھاشارلار بەزىدە بىر نەچچە ئايغا سوزۇلغان بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئەمگەكچىلەر ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي ئىشلىشى كېرەك ئىدى[19]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشلىق نورما بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان تۇراقلىق نوپۇس تىزىملاش تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشلىشى ياكى ئولتۇراقلىشىشىنى چەكلەپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش تۈزۈملەر تۈپەيلىدىن، يېزا نوپۇسىدىكىلەر شەھەر ئاھالىسى بەھرىمەن بولغان نۇرغۇن ئاممىۋى مۇلازىمەتلەردىن بەھرىمەن بولالمايلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەتكە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى[20].

قىسقىسى، ماركسىزم قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى شەكىل ئىدى[21]. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك سۇ قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش زور كۆلەملىك قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار ئائىلىۋى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، بارلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندۇرغىلى بولمايتتى. كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى يەنە ماشىنىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرەتتى، مۈلۈك ھوقۇقى تالاش-تارتىشلىرىنى يوقىتاتتى، ئاممىۋى يەسلى ئارقىلىق ئايال ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلغىلى بولاتتى... ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى رادىكال كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش، ئايال ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىشتەك گۈزەل ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى[22]. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلاشتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق تىكلەنگەن كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق قىزغىنلىقى تېز سۈرئەتتە سوۋۇشقا باشلىدى. دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشكە بولغان قارشىلىقىنىڭ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدىكى زېمىندارلارنىڭ قارشىلىقىدىنمۇ كۈچلۈك بولغانلىقى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، پارتىيە يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە پۈتۈنلەي تۈگىتىلگەن ئېزىش-

ئېزىلىش ھادىسىسىنى كوممۇنا دەۋرىدە يەنە قايتىدىن سىنىپىيلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ھەقتە بو يىبو «رەئىس ماۋ زېدۇڭ سىنىپىي كۈرەش ۋە سىنىپىي زىددىيەتنى كۆپتۈرۈۋەتكەن ھەم مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى» دېدۇ[23]. مەلۇمكى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، يېزا ئاھالىسى ئارىسىدا باي - كەمبەغەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق خۇسۇسىي مۈلۈك يوقىتىلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت سىمۋوللۇق كاپىتال ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسىي كاپىتال ئاتا قىلىش ئارقىلىق، يەر ئىسلاھاتىدا مەنپەئەتدار بولغانلارنى ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغانىدى[24].

كوللېكتىپلاشقان ئىگىلىك ھەرگىزمۇ يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك ئاساسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ھوقۇقىنى تىزگىنلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى. كوپېراتسىيەلىشىش دېھقانلاردىكى كەمتۈك بولغان خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يوقاتتى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ھەرىكىتى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى بىرلەشتۈردى. باشلانغۇچ كوپېراتسىيە دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق مۈلكىنى بىرلەشتۈردى. ئالىي كوپېراتسىيە يەر ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىغا بولغان پايدا بۆلۈشۈشنى يوقاتتى. خەلق گۇڭشېسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويدى. نەتىجىدە، دۆلەت يېزا جەمئىيىتىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى چېگرالىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، مەمۇرىي ھوقۇق يېزا-كەنتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك بېسىپ كىردى. ... ھۆكۈمەت بىلەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىرلەشكەن كوپېراتسىيەلەشكەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى جۇڭگو يېزىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تۈزۈم ۋە تەشكىل ئاساسىنى قۇرۇپ چىقتى[25].

## پايدىلانمىلار


[1] ماقالىدە ئىشلىتىلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار 2006-يىلى 7-ئايدىن 2007-يىلى 9-ئايغىچە يېڭىسار ناھىيىسى ۋە غۇلجا شەھىرى دادامتۇ يېزىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان.

[2] Li Yi, 2004. *The Chinese Social Stratification after 1949.* Conference Papers of American Sociological Association; Annual Meeting, San Francisco.

[+2]毛泽东.在土地委员会第一次扩大会议上的发言，《毛泽东文集》第一卷，北京，人民出版社，1993年。

[3] Polachek, James M. 1983. *The Moral Economy of the Kiangsi Soviet (1928-1934).* The Journal of Asian Studies.

[4] 周其仁. 产权与制度变迁：中国改革的经验研究，北京，北京大学出版社，2004年，第10页。

[5] 梅德平. 中国农村微观经济组织变迁研究，北京，中国社会科学出版社，2004年，第60-61页。

[6] 英吉沙县志，乌鲁木齐，新疆人民出版社，2003年，第490页。

[7] 英吉沙县志，乌鲁木齐，新疆人民出版社，2003年，第492页。

[8] جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان ماتېرىيال، رەت نومۇرى: YM2006121603.

[9] يەر مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىدە ئېنىق قىلىپ، «يەر خۇسۇسىينىڭ ئىلكىدە بولۇپ، تېرىش، ئولتۇرۇش، رەنىگە قويۇش، سېتىش، باشقا كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش، تەقدىم قىلىش ھوقۇقلىرى بولىدۇ» ، دەپ يېزىلغان ئىدى.

[10] جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان ماتېرىيال، رەت نومۇرى: YM2006100701.

[11] 梅德平. 中国农村微观经济组织变迁研究，北京，中国社会科学出版社，2004年，第122-124页。

[12] جون ئېدسوننىڭ سابىق شەرقىي گېرمانىيەدىكى كوپېراتسىيەلىشىش جەريانى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي گېرمانىيە ۋە جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى (كولخوز) ئۈچ خىل بولغان: كوممۇنا، ئارتېل ۋە توز. كوممۇنادا بارلىق ئەزالارنىڭ يەرلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تېرىقچىلىق ئۇلاغلىرى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى. لېكىن 1929-يىلدىن ئىلگىرىكى ئارتېل ۋە توزدا، مۈلۈك ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كوللېكتىپ بىلەن

خوسۇسىينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ماتېرىيالدىن كۆرۈڭ:

John Eidson, 2001. *Colectivization, Privatization, Dispossession: Changing Property Relations in an East German* Village, 1945_2000, and James R. Millar, 1971. The Soviet Rural Community.

[13] Beller_Hann, Ildiko, 2006. Community Matters: Towards a historical anthropology of the Uyghur in Xinjiang, 1870s _ 1990s. pp.427_432.

[14] جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان ماتېرىيال، رەت نومۇرى:YM2006100703

[15] Chris Hann, *Embedded Socialism? land and labour in eastern Xinjiang.* In C. Hann and K. Hart (eds), 2009. *Market and Society: The Great Transformation Today,* Cambridge University Press.

[16] Wolf, Eric R. 1955. *Types of Latin American Peasantry; A Preliminary Discussion.* American Anthropologist 57(3) : 452_471. In Micheal Kearney, 1996. *Reconceptualizing the Peasantry: Anthropology in Global Perspective.* University of California_Riverside.

[17]Teodor Shanin, 1987. *Peasants and Peasant Societies,* Basil Blackwell Ltd. pp.3_5. Teodor Shanin, 1990. *Defining Peasants,* Basil Blackwell Ltd, pp.41_43.

[18] ماۋ زېدۇڭ: «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل»، 1926 ـ يىل، «يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك»، 1933 ـ يىل. «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1965 ـ يىل نەشرى.

[19] جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان ماتېرىيال، رەت نومۇرى: YM2006120702، GM2007040902.

[20] Kam Wing Chan and Li Zhang, *The Hukou System and Rural_Urban Migration in China: Processes and Changes,* China Quarterly (1999), 818_822; Li Zhang, *Spatiality and Urban Citizenship in Late Socialist China,* Public Culture (2002), 311_315.

[21]Tom Bottomore ed. 1991. *A Dictionary of Marxist Thought,* Second Edition Blackwell Publishers Ltd. p. 91.

[22]郭于华. 心灵的集体化：陕北骥村农业合作化的女性记忆，中国社会科学，2003年第4期。

[23] 薄一波. 若干重大决策与事件的回顾(下)，北京，中央党校出版社，2008年，第1098页。

[24] Zhang Xiaojun, 2004. *Land Reform in Yang Village: Symbolic Capital and the Determination of Class Status,* Modern China 2004; 30; 3. Unger, Jonathan. *The class system in rural China: a case study.* In Watson, James L. ed.. *Class and Social Stratification in Post_Revolution China,* Cambridge, UK: Cambridge Univ. Press. 1984, pp.121_141.

[25] 周其仁. 产权与制度变迁：中国改革的经验研究，北京，北京大学出版社，2004年，第9页。

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

33 ـ يىللىق 2 ـ سان — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) — 第 33 卷第 2 期
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي — 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) — 2012 年 6月

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 009 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ھەققىدە*

ئابلىمىت يۇنۇس

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : مەلۇمكى، تىل بىلەن مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، تىل ـ مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ ۋاسىتىچىسى. تىلنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئامىللار ئىچىدە لېكسىكىنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، بولۇپمۇ لېكسىكا تەكىبىگە مەنسۇپ بولغان فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ئۆزىنىڭ مەنا ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇقىملىقى، مۇكەممەللىكى بىلەن شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ماقالىدە، مەدەنىيەت ھەم ئۇنىڭ قاتلاملىرى، تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى مەزمۇنى ھەم قاتلىمى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：某种意义上说，语言和文化是紧密相连的，广义来说也包括文化语言。即语言是文化的组成部分，也是文化的媒介。组成语言的各要素中词汇与文化的关系是尤为密切，熟语作为词汇的特殊成员具有结构上完整性和意义上整体性等特点并且集中体现一种民族文化。在这篇文章中，详细说明语言和文化的关系，陈述了维吾尔语熟语中蕴含的维吾尔族物质文化和精神文化的方方面面。

**Abstract:** It is clear that language is closely bound up with culture, and that culture in the broad sense includes language. Thus, language is a constituent part of culture, as well as a conveyor of culture. Of all the elements making up language, lexicon is the most closely related to culture; in particular, the idiomatic phrases of a given lexicon, with their fixed meaning and structure and their perfection, can display the culture of a people speaking a given language. This article, along with a detailed explication of various layers of culture and of the relations between language and culture, will discuss the content and cultural layers hidden within the idiomatic phrases of the Uyghur language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەلۇمكى، فىرازېيولوگىيە «تۇراقلىق ئىبارە ھەققىدە تەلىمات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا «熟语» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىمۇ رۇس تىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپتە تىلدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ يىغىندىسى؛ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، يەنى «熟语学» دەپ ئاتالدى. ئۇ ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1]. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئاتالغۇ «ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېيولوگىيەلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر» ياكى «ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېيولوگىيەلىك تەركىبلەر» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بىراق، بەزى تىلچىلار «فىرازېيولوگىيە» ئاتالغۇسىنى ئۆز تىلىمىز بويىچە «لېكسىكىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر»[2] دەپ ئاتىدى. بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەر قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەللىككە، مەنە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، ئۇلارنى ئادەتتىكى ئەركىن

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە 2011 ـ يىللىق مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى شىنجاڭ تۈرى، تۈر نومۇرى: (11XJJA740001)نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئابلىمىت يۇنۇس (1963 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوكتور، دوتسېنت، تىل ۋە فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىلدىكى بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەر قويۇق مىللىي خاسلىققا ھەم كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تىلچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن. بولۇپمۇ فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ئىچىدىكى ماقال - تەمسىل يالغۇز لېكسكولوگىيەنىڭلا تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالماي، يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلور، ئىستىلىستىكا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭمۇ تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. فىرازىيولوگىيەلىك تەركىبلەر پەقەت تىل تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، بىز ئاۋۋال تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەلۇمكى، تىل بىلەن مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، تىلنىڭ ئۆزىمۇ ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر، مىللەتنى ھاسىل قىلغۇچى ھەرقايسى ئامىللار ئىچىدە تىلدىن ئىبارەت بۇ ئامىل ئالاھىدە گەۋدىلىك ھەم تۇراقلىق دەپ قارالغاچقا، ئالىملار تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. شۇنىڭدەك تىلچىلارمۇ تىل تەتقىقاتى، قوش تىل ئوقۇتۇشىدىمۇ بۇ ساھەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆتۈشمە تىلشۇناسلىق بويىچە يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئۇزاقتىن بۇيان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىلەن مەدەنىيەت پەرقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تىلشۇناسلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. تىلشۇناس ھامبۇلت (1767-1835) مۇنداق دېدۇ: «ھەر قانداق ئادەم مەيلى قايسى تىلدا سۆزلىسۇن، ئۇنىڭغا ھامان بىر خىل دۇنيا قاراش يۈكلەنگەن بولىدۇ، دۇنيا قاراش بولسا تىلنىڭ ياردىمى بىلەن شەكىللىنىدۇ، ھەر بىر تىلدا ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش بولىدۇ»[3]. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ ھەم تىلشۇناس ئېدۋارد ساپىر (E.SAPIR) بىلەن ۋولف (B.L.WOLF): «تىلنىڭ ئۇلى بولىدۇ، مەلۇم بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئادەتتە مەلۇم بىر خىل ئىرققا مەنسۇپ بولىدۇ. تىل مەدەنىيەتتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، يەنى جەمئىيەتتە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان، تۇرمۇشىمىزنىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەيدىغان ئۆرپ - ئادەت بىلەن ئېتىقادنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئايرىلالمايدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن ھەم تىلنى مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە تەتقىق قىلىشنى تەكىتلىگەن. بۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئېلىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىن باشلاندى، ئاتاقلىق تىلشۇناس لو چاڭپېيىنىڭ «تىل ۋە مەدەنىيەت» ناملىق ئەسىرى 1950-يىلى ئېلان قىلىندى. مەركۇز ئەسەر دۆلىتىمىزدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە ئىزدىنىلگەن تۇنجى ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «جوڭگو مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى»نىڭ باشلىنىشى دەپ تەرىپلەندى. 80-يىللارغا كەلگەندە بۇ ساھەگە بولغان تەتقىقات يەنىمۇ چوڭقۇرلىدى.

فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەرگە يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە يەنىلا جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت»تىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمىگە بولغان چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئىنسانلار تىلىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقى بىردەكلىككە ئىگە ھەمدە بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تىل مەدەنىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ۋاسىتە ۋە شەكىل. شۇڭلاشقا، ھەر قانداق بىر تىلغا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ تامغا بېسىلماي قالمايدۇ. بۇ ھەقتە تىلشۇناس يې پېيشېڭ مۇنداق دېيدۇ: «باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. تىل بىلەن مەدەنىيەت چەمبەرچەس باغلانغان، تىلدا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل فۇنكسىيەلىرى ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئارخېئولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېتنولوگىيە قاتارلىق گۇمانىتار پەنلەر ئەزەلدىن تىلشۇناسلىقتىن ئايرىلغان ئەمەس، بۇ پەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. بەلكى بۇ ھەمكارلىشىش،

ئۆتۈشۈش بارغانسىرى كۈچەيمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى، ئانتروپولوگىيە تىلشۇناسلىقى، ئېتنولوگىيە تىلشۇناسلىقى قاتارلىق پەنلەر بارلىققا كەلدى»[5]. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ۋە تىل بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەتنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى ئالدى بىلەن شۇ تىلنىڭ لېكسىكىسىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، لېكسىكا تىلدىكى ئەڭ ئۆزگىرىشچان تەركىب بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئەينەك سۈپىتىدە جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ تېز ۋە بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر لېكسىكىدىكى باشقا سۆزلۈكلەرگە سېلىشتۇرغاندا سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، بىراق، ئۇ لېكسىكىنىڭ مۇھىم ھەم ئالاھىدە تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا ئۇنىڭدا تىلنىڭ مىللىي شەكلى ۋە تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تاۋلانغان تىل ياكى تىلنىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتايدۇ.

مەلۇمكى، مەدەنىيەت دېگەن ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن كەڭ ھەم مۇرەككەپ. ئالىملار بۇ ئۇقۇمغا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەبىر بەرگەن. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر «مەدەنىيەت» سۆزىگە بېرىلگەن تەبىرلەر 200 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەلىك مەدەنىيەت ئانتىرپولوگى ئېدۋارد تىلورنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» (1877-يىلى) ناملىق ئەسىرىدىكى «مەدەنىيەت» دېگەن ئۇقۇمغا بەرگەن تەبىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەدەنىيەت مۇرەككەپ بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ بارلىق بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، ئەخلاق، قانۇن، ئۆرپ-ئادەتلەرنى شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە ئېرىشكەن ھەرقانداق بىر ئىقتىدارلىرى ھەم ئادەتلىرىنىڭ مۇرەككەپ گەۋدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[6]. ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تەبىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئېدۋارد تىلورنىڭ تەبىرىنى ئاساس قىلغان. كېيىنرەك دۆلىتىمىزدە بۇ ساھە ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرمۇ چوڭقۇرلۇققا ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە بولدى. «جوڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىن 300سوئال»دا مەدەنىيەت ئۇقۇمى مۇنداق 3 نۇقتىدىن شەرھلەنگەن: «1. ئاڭ فورماتسىيە (ئىدېئولوگىيە) يەنى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، دىنىي ئېتىقادى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، بىلىش ئىقتىدارى؛ 2.تۇرمۇش ئۇسۇلى، يەنى ئىنسانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ھەم ياسىنىش ئادىتى، تۇرمۇش، يۈرۈش - تۇرۇش، نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم، تۇغۇلۇش قاتارلىقلارغا بولغان پوزىتسىيەسى ھەمدە بۇ جەھەتلەردە قوللانغان ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ 3. روھىيەتكە ئائىت مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماددىي مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ»[7].

فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ماقال - تەمسىل، ئىدىيوم، ئادەت سۆزلىرى ھەم ئوخشىتىش سۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق بىر مەزمۇن يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ھالىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئېتىكا - ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش فولكلورى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەرقانداق بىر تىلدا لېكسىكىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان بۇنداق تەييار تىل ماتېرىيالى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇنى بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈپ ئۆتىمىز:

1) بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مەلۇم ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ بۇ تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىشى ھەققىدىكى مەلۇم چوڭقۇر پىكىر ئىچىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈنچە-مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - بۇغداي تاش ئىكەن، دېگەن ماقالنى مەرھۇم تىلشۇناس رەۋمىدۇللا ئەپەندى «تارىخى رەشىدى»دە بايان قىلىنغان بىر تارىخىي ۋەقەلەكتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. «ئاق تاغلىق قارا تاغلىق بولۇپ كەتمەك»

دېگەن ئىدىيوم 16 ـ ئەسىردە بۇخارادىن قەشقەرگە كەلگەن ئىشان مەختۇم ئەزەمنىڭ ئىمام كالان ۋە ئىسھاق، ۋەلى ئاتلىق ئىككى ئوغلى، شۇنداقلا ئىككى مەزھەپنىڭ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇزۇلمەس نىزا ـ جاڭجاللىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. كېيىن بۇ ئىدىيوم ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىقنى كۆرسەتكەن.

2) بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ قىياپىتى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «دەۋاگەر سۇس كەلسە، قازى مۇتىھەم بولار»؛ «ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە»؛ «بۇغدايىنى تېرىدى ھېكىم، ئاق ناننى يېدى بېگىم»، مانا بۇنىڭدىن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەڭسىز، زۇلمەتلىك تەرەپلىرى ئىپادىلەنگەن.

3) بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ۋە پىسخىك مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**A**. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى شۇنىڭدەك شەيئى ـ ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، مەسىلەن: «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن»؛ «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، بۆركۈتتەك بىر يىل ياشا»؛ «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق»؛ «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە»؛ «بەخت ئاسماندىن چۈشمەس، ئامەت تۆكۈلۈكتىن»؛ «پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن»؛ «زامانغا قاراپ ئىش تۇت، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن»؛ «سىڭگەن نېنىنى يېمەك»؛ «تۇغۇلماق بىر، تۆرەلمەك باشقا»؛ «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم»، قاتارلىقلار

**B**. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە پەلسەپەۋى ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. پەلسەپە تەتقىق قىلىدىغان ئاساسىي مەسىلە روھ بىلەن ماددا (تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەت)نىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ھەرقانداق چاغدا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاساس قىلىش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇن يوشۇرۇنغان. مەسىلەن: «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار»؛ «سۆز بىلەن پولو پىشماس، ياغ بىلەن گۈرۈچ لازىم».

دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەم ئۆزئارا ئالاقىدار، بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان ھەم ئۆزئارا قارىمۇقارشى، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئىككى تەرەپ مەۋجۇت دەپ قارايدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت، مانا بۇ زىددىيەتتۇر. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە مۇشۇ خىل قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئالمىقىنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى»؛ «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار»؛ «بۇ كۈنلەر كىمنىڭ بېشىدا يوق»؛ «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق»؛ «دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىرىدىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق» قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە «مۇقەررەرلىك، تاسادىپىيلىق، سان ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشى» قاتارلىق پەلسەپەنىڭ تۈرلۈك كاتېگورىيەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «جان تەندە ئامانەت»؛ «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار»؛ «بەش گەز مۇز بىر كۈندە قاتماس» دېگەندەك.

**C**. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئۆزگىچە مۇھىت ھەم ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى نامايان قىلىنغان. مەسىلەن: «تاز كاللىغا گۈل قىسقاندەك»؛ «قۇم چېچەكلىگەندە»؛ «ئوجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش»؛ «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ»؛ «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك»؛ «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە»، دېگەنگە ئوخشاش.

**D**. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق ماقال خاتىرىلەنگەن: «قىلىنۇ بىلسە قىزىل يارانۇ بىلسە ياشىل كەزەر» ـ (قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر). يەنى خوتۇنلار ئېرى بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولماقچى بولسا، قىزىل يېپەك كىيىدۇ. بۇ

ماقال خوتۇنلارنى ئېرىگە دائىم خۇش مۇئامىلىلىك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ». («تۈركىي تىللار دىۋانى»1 ـ512) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئاق يول بولسۇن»؛ «ئاھۇ كۆز»؛ «قاشى قارا قىياقتەك» دېگەن ئىبارىلەردىمۇ ئېستېتىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

**E**. مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىسى بىر مىللەتنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان ئۆزگىچە تونۇشى، خاھىشى ھەم ھېسسىيات مايىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئوخشىمايدۇ، بۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسى تىلدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى»؛ «قوينى بۆرىگە ئامانەت قويماق»؛ «بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر، ھۇقۇش چۆلنى»؛ «مۈشۈكتەك يالىشىپتۇ، ئىتتەك تالىشىپتۇ»؛ «پەرۋانە بولماق»؛ «ئىتنىڭ كۆڭلى»؛ «چۆجە خوراز»؛ «قوينىڭ قوزىسىدەك» قاتارلىقلار. بۇ بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان «ئىت، مۈشۈك، قوي، قاغا، بۆرە...» قاتارلىق ھايۋانلار مۇئەييەن نىسپىي مۇقىم بولغان سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بىرەر مىللەتنىڭ پسىخىك ئېڭىدا ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان تىللاردا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان سىمۋوللۇق مەنىسى ياكى چاتما تەسەۋۋۇر مەنىسى تۈرلۈك بولىدۇ: بەزىلىرىنىڭ مەنىلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ بەزىلىرى قىسمەن ئوخشىشىدۇ؛ بەزىلىرى تامامەن ئوخشىمايدۇ.

**F**. بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەرنى ئېفىمىزمنى قوللىنىشنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ گىرېكچە سۆز بولۇپ، توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش ياكى دېمەكچى بولغان سۆزنى ئەينەن ئېيتماي، شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنى ئېيتىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىپادىلەش دېگەنلىك. مەسىلەن: «مەشرەپ كۆرمىگەن»، «ئانىسى باشلىمىغاننىڭ ئالمىسى چوڭ»، «بۇقا قېرىسا بۇرنى قېرىماس»، «بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تېشى»، «ئاپئاق ساقىلى بىلەن»، «پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرماس».

G. ئۇيغۇرلار خۇش چاقچاق، يۇمۇرغا باي خەلق. شۇڭا ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چاقچاقنى ئۆز تۇرمۇشىغا ھەمراھ قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چاقچاقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «ئىككى ئۇيغۇر بىر بولسا چاقچىقى تۆش خالتىدا» دېگەن ماقالمۇ بار. يۇمۇر سۆزى ئىنگلىزچە بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ پسىخىك مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بەزى تەسەۋۋۇرغا باي، مەزمۇنى تىرەن فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خۇش چاقچاق، يۇمۇرىستىك پسىخىك خاراكتېرى نامايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بۇرۇتنى پىلىكتە مايلاپ پولو يېيىدىم دېمەك»؛ «نورپاقنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغان»؛ «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان»؛ «ئات مۇتتىن بولسا، قوڭ چويۇندىن»؛ «شەيتانغا نوختا سالىدىغان»...

H. فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە بەزى سانلار تەكرار ئۇچرايدۇ. سانغا بولغان ئېتىقاد ۋە خۇراپاتلىق سىرلىق مەدەنىيەتتىكى مۇھىم بىر ھادىسە. دۇنيا مىقياسىدىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئېتىقادتا ھەممىشە مەلۇم بىر ئالاھىدە ساندىن ھاسىل بولغان ئۇقۇم ياكى شەيئىنى ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلغان ئەھۋالنى بايقايمىز. مەسىلەن، خىرىستىيان دىنىدىكى7 سانى، شامان دىنىدىكى 3 سانى. بۇ خىل سانلار دىنىي مۇراسىم، ئەپسانە ـ رىۋايەت، تارىخ، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى، ھەتتا سەنئەت بۇيۇملىرىدىمۇ قۇرۇلما ئېلېمېنتى سۈپىتىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئانتروپولوگىيە، فولكلور ئىلمىدە بۇنداق سىرلىق ھەم مۇقەددەس دەپ قارالغان سانلار «سىرلىق تىل» دەپ ئاتىلىدۇ[8]. دۇنيادا خېلى نۇرغۇن مىللەتلەردە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن خاسىيەتلىك سان بار. ئەمما، ئۇنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈش سەۋەب ـ جەريانى ۋە تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىش شەكلى ھەر خىل. ئۇيغۇرلاردا تاق سان «توققۇز» خاسىيەتلىك سان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالەم مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار ئاسمان، يەر ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىغا ھەر خىل تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان يەتتە چوڭ پىلانېتانى ئالەم مەنبەسى سۈپىتىدە

ئۆلۈغلاپ چوقۇنۇپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا سان ئۇقۇمى بويىچە «توققۇز» ئەڭ مۇقەددەس سان بولۇپ تونۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇغ» سۆزىگە مىسال كەلتۈرۈلۈپ: «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى، توققۇز خاسىيەتلىك سان» دەپ ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان (شۇ ئەسەر، 3-توم 175 ـ، 176 ـ بەتلەر). بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرى ۋە بەزى قەدىمكى يەر ـ جايناملىرى ھەم رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇ چۈشەنچە ـ ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماقلاردىكى: «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم»، «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ»؛ «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز»؛ «تۆت تەڭگىگە قىممەت، توققۇز تەڭگىگە ئەرزان» قاتارلىقلار ئەنە شۇ خاسىيەتلىك «توققۇز» سان چۈشەنچىسىدىن كەلگەن. رېئال تۇرمۇشىمىزدا كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىشلار جۈملىسىدىن بولغان تويدا ئىككى ياشقا بىلدۈرۈلىدىغان ئارزۇ ـ تىلەكلەردە، تۇغۇت ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقى، تويلۇق ئۆلچىمى قاتارلىقلاردىمۇ خاسىيەتلىك «توققۇز» سان چۈشەنچىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن؛ «توققۇزۇڭلار تەل بولسۇن!» «توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولۇڭلار»؛ «توققۇزىمىز تەل» دېيىلىشى قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرلاردا «يەتتە» ۋە «قىرىق» مۇ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «يەتتە»نىڭ مۇقەددەس سان دەپ قارىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى ۋە بۇددا دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى «يەتتە» پارسلار بىلەن ھىندىلاردا بۇرۇندىنلا مۇقەددەس سان ھېسابلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»؛ «يېمەيمەن دەپ تۇرۇپ 70 قۇيماق يەپتۇ»؛ «يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيۇپ تۇرماق»، قاتارلىقلار. رېئال تۇرمۇشىمىزدا «توققۇز»غا سېلىشتۇرغاندا «يەتتە»نىڭ مۇقەددەس سان قاتارىدا كۆپ تىلغا ئېلىنماسلىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قىرىق» سانىغا كەلسەك، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەجدادلىرىمىزدا كېيىنچە ئىككى قول بارمىقىنى ساناشتىن كېلىپ چىققان ئەڭ چوڭ سان «ئون» ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە بەش بارماق قوشۇلسا «ئون» ھاسىل بولىدىغىنىغا قاراپ ئۇنى (كۆن ) چىقىش، (كۆن) پېتىش، تاغ، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە تەتبىقلاشنى چۈشىنىپ يەتكەن بولۇشى، نەتىجىدە «ئون» بارماقنىڭ تۆت تەرەپكە تەتبىقلىنىشىدىن كېلىپ چىققان «قىرىق» ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەڭ كۆپ (چوڭ) سانغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن «قىرىق»مۇ مۇقەددەس سان تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن: بىر ئۈزۈم قىرىق ئادەمگە يېتىپتۇ؛ «قىرىق غۇلاچ قۇدۇق»؛ «بىر قېتىم جېدەل بولغان ئۆيدىن، قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار»، ۋەھاكازا.

I. فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ئۇيغۇر دىن مەدەنىيىتىگە دائىر ئۇچۇرلار. دىن مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان ھەم چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىگە ئائىت فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر خېلى كۆپ. مەسىلەن: «بىسمىللا دېسەڭ بېشىدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن، شۈكرى دېسەڭ ئىچىدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن». «روزىدا گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ باراتتا». «قازاغا رىزا، بالاغا شۈكۈر». «قازى بىلەن كېتەمسەن، مۇپتى بىلەن قالامسەن». «سوپى بەرگەننى يەر، تاپسا يوغاننى». «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما». «موللام مۈشۈك بولماق»، «موللا كۆپ يەردە قوي ھارام بوپتۇ». «خوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق». «سوپىغا باغاق كەتمەس، تازغا تارغاق».

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مازار ئېتىقادچىلىقىغا دائىر مەزمۇننى دائىم ئۇچرىتىمىز. مازار سۆزى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مۇقەددەس جاي»، «ئەۋلىيالار قەبرىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. مازارنى تاۋاپ قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مۇراسىمى بولۇپ، خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئىسلام دىنىنى تەبلىغ قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن خاقان،

ئىمام قاتارلىقلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئاللاھتىن مەدەت تىلەش، ساۋابلىق دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىش، مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىدىن مەدەت تىلەش، قايغۇسىنى ئىزھار قىلىش، ئىستىقامەت قىلىش، كېسەلگە شىپالىق تىلەش ۋە پەرزەنت تىلەش قاتارلىقلار ئۈچۈن مازارلارنى تاۋاپ قىلىدۇ. مەسىلەن: «مازاردىن ئامەت تىلىمەك»؛ «مازارغا چالما ئاتقانددەك»؛ «ئۈمچى يوق مازاردىن شەيخ زېرىكىپتۇ»، قاتارلىقلار.

يۇقىرىقى تۇراقلىق بىرىكمىلەردىن ئىسلام ئەقىدىسى، شەرىئىتى، ئىسلام مەزھىپى، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىغا ئائىت سۆز-ئىبارىلەردىن دىنىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد - خەلق ئىچىدىكى ئېتىقاد خاراكتېرلىك ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە مەنىۋى ئادەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب-ئامىللارنىڭ ئورتاقلىقى ئىنسانلار ئەجدادىدىكى ئىپتىدائىي ئەقىدە - ئېتىقاد ئادىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئورتاقلىق دۇنيادا بۈگۈن مەۋجۇت مىللەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمىزم، روھ - ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، سېھىرگەرلىك، رەمباللىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل ئىپتىدائىي ئىستىخىيەلىك دىن ۋە ئۇنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن كېيىنكى ئىجتىمائىيلاشقان سۈنئىي دىن ۋە ئۇنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن، سۈنئىي دىنلار ئەنە شۇ ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق»؛ «كۆككە سوزسا يۈزگە تۈشۈر» — ئاسمانغا تۈكۈرسە يۈزگە چۈشەر، («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - 182) دېگەن ئىبارىلەردە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا ئائىت مەزمۇن ئىپادىلەنسە؛ «رەمچى سالىدۇ رەمنى، كۆڭۈلگە سالىدۇ غەمنى»؛ «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ئىبارىلەردىن خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پالچىلىق ۋە سېھىرگەرلىككە ئائىت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئىزلىرىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «چىرىغىنى ياندۇرماق»، «تىل تەگمەك»، «كۆز تەگمەك»، «شامال دارىماق»؛ «سارىڭ بولساڭ پېرە ئوينا، ئەل يۇرتتىن نېرى (ئوينا)» دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادتىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، تىل تابۇسى (تىلنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىش)دىن ھەتتا شامان دىنى ئەقىدىسىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ.

J. فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەخلاق قانۇن بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى چەكلەش رولىغا ئىگە. قانۇن - تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغان، قانۇن ئېڭى سۇس بولغان جەمئىيەتتە ئەخلاق مۇھىم رول ئويناپ، ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان ئىجتىمائىي مىزان ۋە ھەرىكەت مىزانى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئەخلاق - مەزمۇنى كەڭرى بولغان ئۇقۇم. ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن ئائىلە ئەخلاقى، جامائەت ئەخلاقى، تىل ئەخلاقى... دەپ نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. مەسىلەن: «ئەخلاق-ئادەم زىننىتى»؛ «ئاتا رازى، ئانا رازى - خۇدا رازى»؛ «ئايالىڭنى دەپ ئاناڭنى ئۇنۇتما»؛ «ئايالنىڭ ئىپپىتى - ئەرنىڭ زىننىتى» قاتارلىقلار.

تىلدىكى ئەخلاق. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تىل-كىشىلەرنىڭ ئالاقە جەريانىدا تىلدىن ئىبارەت بۇ ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزلىگەندە سىلىق - سىپايە بولۇش، راست سۆزلەش، زەھەرلىك، سېسىق گەپلەر بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك، ئاساسسىز، ئورۇنسىز سۆزلەشتىن كېلىپ چىققىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: ئەردەم باشى تىل ئەدەب - ئەردەمنىڭ بېشى تىل، (1 - 144) دېگەن ماقال خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدەك «ياخشى سۆز جان ئوزۇقى، يامان سۆز جان قوزۇقى»؛ «سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل»... دېگەن

ماقاللاردا كىشىلەرنى سىلىق سۆزلەش، مۇئامىلىدە ئەدەپلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە تىل بىلەن دىلنىڭ بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: تىل ـ دىلنىڭ ساداسى. تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمىغان كىشىلەر ھەمىشە جامائەت تەرىپىدىن قامچىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ رەزىللىكى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر»؛ «ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق»، قاتارلىقلار. يەنە بەزى فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە تىلدا، گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش، تىلنىڭ ئاقىۋىتى يەنى گەپ ـ سۆزدە ئېھتىيات قىلماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ ئېغىر ئاقىۋەت تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن: «تىلدىن كەتكەن تۇرالماس»؛ «بېشىڭ نەدىن كېتەر، تىلىڭدىن»؛ «ئېغىز ساقلىغان جان ساقلار». بۇ خىل ئىبارىلەر دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن مەلۇم دەرىجىدە پاسسىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش، سالماق بولۇش جەھەتلەردىن كىشىلەرگە تەربىيە بېرىدۇ.

4) فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئەكس ئەتكەن ماددىي مەدەنىيەت.

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئائىت مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرمۇش فولكلورى ياكى تۇرمۇش مەدەنىيىتى ـ بىر مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلىرىدە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار تولۇق نامايان قىلىنىدۇ:

A. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ تىلىغا ئىز قالدۇردى. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «قۇش قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن» (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن. 1 ـ 48) دېگەن ماقال، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا دائىر خاس ئاتالغۇلار ۋە تەمسىللەرنىڭ مول بولۇشىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ تىلدىكى نامايەندىسىدۇر.

B. دېھقانچىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىقتىسادىي تارماق ھەم ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى. شۇڭا، تىلىمىزدا دېھقانچىلىق تەجرىبىلىرى ھەققىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»؛ «بۇغداي تەرسەڭ كۈزگى تەر، ئارپا تەرسەڭ بوزغا»... قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار پەسىل، مۆچەللەرنى بەلگىلەش بويىچە، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە مول تەجرىبىلەرنى ياراتقان. مەسىلەن: «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار»؛ «سۈنبۈلەدە سۇ تۈت، مىزاندا تېرى، سەرەتاندا ئور»؛ «ھۈت، كەتمەن سېپىنى تۈت»... قاتارلىقلار. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ يەكۈنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. بەزىلىرىدە يەنە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، سۇ ئىنشائاتىنىڭ تېرىقچىلىقتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى سۆزلەنگەن. مەسىلەن: «ئاتاڭ مىراپ بولغىچە، يېرىڭ باشتا بولسۇن»؛ «يېرىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن»؛ «يىغلاپ تۇرۇپ قىر ئەت، ئويناپ يۈرۈپ يەر سۇغار»؛ «يىلتىز سۇدا بولمىسا، ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە»، قاتارلىقلار.

C. ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان . ئاز ـ تولا شارائىتى بار ئادەم باغ ـ باراڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شارائىتى يوق دېگەنلەرمۇ ئىشىك ئالدى ياكى كەينىگە بىرەر يېرىم تۈپتىن ئۈجمە ـ سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەردىن ئۆستۈرىدۇ. كاۋا ـ قاپاق، ھەشقىپىچەك قاتارلىقلارنى تېرىپ باراڭ قىلىدۇ. فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىككە ئائىت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن: «يېتىپ يەي دېسەڭ باغ

قىل»؛ «ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ»؛ «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە»؛ «بازارنى ئاۋات قىلغان- مال، ھويلىنى ئاۋات قىلغان ـ تال»، قاتارلىقلار.

D. بەزى فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان ھەر قانداق بىر بۇيۇملار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھۈنەر ـ كەسىپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە: «ئوغۇل بالىغا 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ»؛ «ھۈنەر پۈتمەس گۆھەر»؛ «ھۈنەر، قىلسا ئۈنەر»؛ «ھۈنەر كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ، كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ»؛ «ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس»؛ «ھۈنىرى بار قول بولماس»؛ «ئاتا كەسپىنى تاشلىغان، پېشانىسىنى قاشلىغان»... دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئىبارىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 260 نەچچە خىل ھۈنەر- كەسىپ تۈرى بولغانلىقى مەلۇم.

E. فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە سودا مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنى ئېچىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشقان. ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى ئاۋات شەھەرلەر ئۇيغۇر سودىسىنىڭ نەتىجىسى. فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردىن ئۇيغۇر سودا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: «ئادىم بالىسى دۇكان كۆرمىگىچە ئادىم بولماس»؛ «كاجىنى بازار ئوڭشايدۇ»؛ «ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار»؛ «سودىدا دوست يوق»؛ «قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا، قالغىنى بازاردا بار»؛ «شەھەر كۆرگەن ئېشەكتىن قورق»؛ «سودا-سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس»؛ «پۇل تاپقۇچە يول تاپ»؛ «قول قولنى تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى(تونۇيدۇ)»؛ «بىكارغا پۇل تاپساڭمۇ سانىۋال»؛ «خېرىدارنىڭ بالىسى بول، پۇلنى ئېلىپ دادىسى بول»؛ «ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازاردا نەرخى بار»؛ «ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق»؛ «دەسمايە غالتەككە چىقتى، توخۇ قونداققا»؛ «ئالسا بازارى، ئالمىسا سازايى»؛ «سودىنىڭ يولى بىر، رىسقى باشقا»؛ «ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل»؛ «دەللالنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق»؛ «پۇل پۇلنى تاپىدۇ»؛ «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا»؛ «بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان ـ ساراي»؛ «ئاز يېگەن نەق يەپتۇ، جىق يېگەن پوق يەپتۇ»؛ «خېرىدار خۇدا»؛ «گېلەمنىڭ ئېسىللىقى قىلىدىن، سودىگەرنىڭ خېرىدارلىقى تىلىدىن»... بىز بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ سودا پىسخىكىسى، تاۋار ئېڭى، سودا ئەخلاقى، سودا تاكتىكىسى قاتارلىق سودا مەدەنىيىتى بىلەن باغلانغان مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

F. ئۇيغۇر تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە ئۇيغۇر يېمەك- ئىچمەك مەدەنىيىتى ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «تۇز ھەققى ـ خۇدا ھەققى»؛ «زىخمۇ كۆيمىسۇن، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن»؛ «تونۇرنىڭ قىزىقىدا نان ياق»؛ «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى»؛ «شورپا سورۇشتىن، پولو قورۇشتىن»؛ «چۆچۈرە تۈگۈلگىچە، ئۈگرە ئۈزۈلگىچە»؛ «ئاش پەيغەمبەر، نان ئەۋلىيا»؛ «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ»... قاتارلىقلار.

G. ئۇيغۇر تۇراقلىق ئىبارىلىرىدە يەنە ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ياسىنىش ئادىتى ئەكس ئېتىدۇ. «چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان»؛ «دوپپىسىغا جىگدە سالماق»؛ «سەللە يوغان باش كىچىك، داستىخان يوغان نان كىچىك»؛ «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» قاتارلىقلار.

5) فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي ئادەت ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بىراق ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېئولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئەكس ئەتكەن مەزمۇن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

مۇراسىم پائالىيەتلىرى ياكى ئۆمۈر پائالىيەتلىرى ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە ئادەت شەكلى. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى شۇنىڭدەك قوشنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمۇ بۇنىڭغا مەنسۇپ.

بەزى فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـچىراغ ئادەتلىرى ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «تويغا بارساڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار»؛ «تويۇڭنى چوڭ قىلغۇچە، غېمىڭنى چوڭ قىل»؛ «تويىنىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، بايىنىڭ غالچىسى بول»؛ «ئۆلگەن بولسا ئېگىسىنى تاڭاي، تىرىك بولسا يارىسىنى»... قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك «چاي ئىچكۈزمەك»، «ئۆمۈر سودىسى»، «قايچا قۇدا»، «ئوغۇلچىلاپ كىرمەك» دېگەن ئىبارىلەردە نىكاھ قارىشى ۋە نىكاھ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بەزى فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە يەنە ئۇيغۇر قوشنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «سەھەر تۇرۇپ قوشناڭغا باق»؛ «ئۆتنى كولىساڭ ئۆچەر، قوشنىنى كولىساڭ كۆچەر»؛ «قوشناڭ يىغلىغاندا كۈلمە»؛ «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى»؛ «كۆرپە سېلىش ھۆرمەت، داستىخان سېلىش ھىممەت»؛ «مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ»؛ «مېھمان بار چاغدا مۈشۈكنى پەش دېمە»؛ «سالام قىلماق پەرز، ئىلىك ئالماق قەرز»، قاتارلىقلار.

فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەردە ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار. ئۇيغۇرلار ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەردىمۇ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن: «ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىمەك»؛ «ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك تارتماق»؛ «داپنى باشقا سەنەمگە چالماق»؛ «گاھىدا ناخشا بىلەن ئۇسسۇل، گاھىدا خۇدا بىلەن روسۇل»؛ «داپقا بېقىپ ئۇسسۇل»؛ «دۇتتاردا بار قۇلاق ساتاردا يوق، ئىمانى يوق ئادەم قاتاردا يوق»؛ «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە»؛ «كانايغا يوق سۇنايغا نەدە»... ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇللۇق ئۇنىۋېرسال كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى «مەشرەپ»، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل «سەنەم» قاتارلىق ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇم ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدۇر. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت ئامىللىرى سىستېمىلىق يوروتۇپ بېرىلسە، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ۋۇجۇتقا چىققان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى پىششىق ئىگىلەش قوش تىل ۋە تەرجىمە ئىلمى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار


[1] ما شۆلياڭ، لى باۋرۇڭ :«فولكلور تىلى ھەققىدە» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى، 1994 -يىل، 5-سان، 73-بەت

[2] ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994-يىلى 12-ئاي نەشرى، 125-بەت

[3] چىڭ خۇڭ، جاڭ گوياڭ «ئىنگلىز تىلىدىكى ئىدىيوم ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا مەدەنىيىتى» چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى، 2000-يىلى1-ئاي نەشرى، 10-بەت

[4] ئېدۋارد. ساپىر: «تىل توغرىسىدا» (خەنزۇچە) شاڭخۇ نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 186-بەت

[5] يې پېيشېڭ: «ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1992-يىللىق 1- سان، 1-بەت

[6] ئېدۋارد.تىلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» (1877-يىلى)، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيىى، 2005-يىلى 1-ئاي نەشرى، 3-بەت

[7] لىن ياۋخۇا : «ئېتنولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،1997-يىلى 12-ئاي نەشرى، 389-بەت

[8] جىن لياڭنيەن: «جۇڭگو سىرلىق مەدەنىيىتى» شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1992-يىلى 12-ئاي، 150-بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 07-019-02 (2012) 5878-1005

# ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە*

ئابدۇرېھىم راخمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر پەن-تېخنىكىسى پوستدوكتور پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** «بىرىكمە» - ئائىنتما گىراماتىكا رامكىسىدىكى خاس ئاتالغۇ بولۇپ، تەخمىنەن ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى «سۆز بىرىكمىسى»گە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىلىق قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە بىرىكمە تەتقىقاتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ماقالىدە ئائىنتما گىراماتىكا رامكىسى ئىچىدە بىرىكمە نەزەرىيەسى ۋە ئىنگلىز، خەنزۇ، كورېيان، رۇس، تۈرك تىللىرىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ئاساسىدا ئىسىم بىرىكمىسى، كۆپلۈك بىرىكمىسى، تەۋەلىك بىرىكمىسى، كېلىش بىرىكمىسى، تىركەلمە بىرىكمىسى، سۈپەت بىرىكمىسى، رەۋىش بىرىكمىسى، پېئىل بىرىكمىسى، تۈس بىرىكمىسى، باغلامچى بىرىكمىسى، زامان بىرىكمىسى، راي بىرىكمىسى، يېنىك پېئىل بىرىكمىسى، شەخس بىرىكمىسى، ئىسىمداش بىرىكمىسى، سۈپەتداش بىرىكمىسى، رەۋىشداش بىرىكمىسى، باغلىغۇچى بىرىكمىسى، يۈكلىمە بىرىكمىسى، بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى قاتارلىق 20 خىل بىرىكمىنىڭ تەبىرى، خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ئەمەلىي مىساللار ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要:** 短语”是转换生成语法框架内的一个术语，该术语大概相当于传统语法中的“词组”、“结构”等。要理解和解释维吾尔语中的句法结构，短语结构的理解和解释颇有意义。本文通过在生成语法框架内的汉、英、韩、俄、土耳其语等诸多语言有关短语的知识并且结合维吾尔语句法结构的实际特点，提出维吾尔语中名词短语、复数短语、从属短语、格短语、后置词短语、形容词短语、副词短语、动词短语、体助动词短语、系助动词短语、时态短语、式短语、轻动词短语、人称短语、名词化短语、形容词化短语、副词化短语、连词短语、语气词短语、否定短语等 20 种短语的定义、性质、结构等特征。

**Abstract:** The "phrase" is a unique term within the framework of generative grammar, and is roughly equivalent to the "söz birikmisi" (word compound) of traditional grammar. Phraseological research occupies a very important place in the understanding and explication of the Uyghur language's syntactic structure. This article, working within the framework of generative grammar and drawing on prior work on the English, Chinese, Korean, Russian, and Turkic languages to inform our knowledge of Uyghur, uses real examples to analyze the meaning, character, and structure of twenty types of phrase in Uyghur, including noun phrases, complex phrases, subordinate phrases, genitive phrases, postpositional phrases, adjective phrases, adverb phrases, verbal phrases, corporal auxiliary verb phrases, structural auxiliary verb phrases, tense phrases, infinitive phrases, light verb phrases, personal nominal phrases, impersonal nominal phrases, adjectival phrases, adverbial phrases, conjunctional phrases, tonal phrases, and negational phrases.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04** **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

«بىرىكمە» (phrase/短语) دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا ئەڭ دەسلەپ پىروفېسسور لىتىپ توختىنىڭ ماقالىلىرىدە قوللىنىلغان[1]. ئۇيغۇر تىلىدا «بىرىكمە» دېگەن ئاتالغۇ ھازىرچە ئائىنتما گىراماتىكا

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر پەن-تېخنىكىسى پوستدوكتور پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقات فوندى (نومۇرى: 74150)، 2012-يىللىق مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەن فوندى (نومۇرى:12YJA740001) ۋە 2010-يىللىق دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى (نومۇرى: 10&ZD111) قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.
**ئاپتور:** ئابدۇرېھىم راخمان (1970-يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور. ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

رامكىسى ئىچىدە، ئايىنتىما گىراماتىكىسىنىڭ ئالاھىدە كاتېگورىيەسىدىكى تەركىبلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.

ئايىنتىما گىراماتىكا رامكىسىدا ھەر بىر قاتلام بىرىكمىنىڭ زۆرۈر تەركىبى (必有成分) ۋە بىزۆرۈر تەركىبى(可有可无成分) بولىدۇ. بىرىكمىنىڭ زۆرۈر تەركىبى باش تەركىب (head/核心语)، تولۇقلىغۇچى تەركىب (complement/补足语) ۋە كۆرسەتكۈچى تەركىب (specifier/指示语) ، دېگەن ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىزۆرۈر تەركىب قوشۇمچە تەركىب (adjunct/附加语) دەپ قارىلىدۇ. دەرەخسىمان ئىسخېمىدا باش تەركىب، تولۇقلىغۇچى تەركىب، كۆرسەتكۈچى تەركىب، قوشۇمچە تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئايىنتىما گىراماتىكا ئىككىگە بۆلۈش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، يەنى بىر قېتىمدا پەقەتلا ئىككى تەركىب بىرىكىدۇ. شۇڭا X بىلەن Y بىرىككەندە، ئۇلاردىن بىرى باش تەركىب، يەنە بىرى تولۇقلىغۇچى تەركىب بولىدۇ. ئەگەر X باش تەركىب بولسا، Y تولۇقلىغۇچى تەركىب بولىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ بىرىكمە «X بىرىكمە» (يەنى XP) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر Y باش تەركىب بولسا، X تولۇقلىغۇچى تەركىب بولىدۇ. بۇ چاغدا بىرىكمە «Y بىرىكمە» (يەنى YP) دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆرسەتكۈچى تەركىبنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇ ئادەتتە ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا ئىگە ياكى كېلىش شەكلىنى ئالغان ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئايىنتىما گىراماتىكىدا بولسا ئۇ باش تەركىبمۇ ئەمەس، تولۇقلىغۇچى تەركىبمۇ ئەمەس، بەلكى يەنە بىر بىرىكمىنىڭ زۆرۈر تەركىبى بولىدۇ. بۇ يەردىكى 'Xبىلەن پاراللېل تۇرغان Z كۆرسەتكۈچى تەركىب.

قوشۇمچە تەركىب ۋاقىت، ئورۇن، ئۇسۇل قاتارلىق قوشۇمچە ئۇچۇرلارنى بىلدۈرىدىغان تەركىبتۇر. بۇ تەركىبلەر باش تەركىبكە نىسبەتەن بىزۆرۈر تەركىب ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ قوشۇمچە تەركىب دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر بىرىكمىدە كۆرۈلۈش-كۆرۈلمەسلىكى دەرەخسىمان ئىسخېمىدىكى ھەرقانداق بىر نۇقتىدىكى بەلگىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر تۆۋەندىكى فورمۇلادا Wنى قوشۇمچە تەركىب دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ 'X بىلەن بىرىككەندىن كېيىن ھاسىل بولغان نەتىجە يەنىلا 'X بولىدۇ.

ئۇ باشقا بىرىكمىلەر بىلەن بىرىككەندىمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىر XP بىلەن بىرىكتى دەپ پەرەز قىلساق، نەتىجە يەنىلا XP بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى باش تەركىب كەينىدە كېلىدىغان تىل بولغاچقا، بىرىكمىلەرنىڭ باش تەركىبى ھامان كەينىدە، تولۇقلىغۇچى تەركىب ھامان ئالدىدا بولىدۇ. يەنى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەر ھامان «Y بىرىكمە» (يەنى YP) بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنى باش تەركىبنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) ئىسىم بىرىكمىسى. ئىسىم بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىنىڭ[2] بىر ئىسىمغا قوشۇلۇشىدىن، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈپەتلەپ، ئېنىقلاپ، چەكلەپ كېلىدىغان تەركىب ئالدىدا، باش تەركىب بولغان ئىسىم كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

[tömür] sanduq, [qaysi] mashina, [altinchi] madda, [bir kilo] süt, [ghur _ ghur] shamal, [biz izdewatqan] maarip, [Uyghurlar toghrisidiki] hëkaye, [til] we terjime…

(2) كۆپلۈك بىرىكمىسى. كۆپلۈك بىرىكمىسى كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار\-لەر» بىلەن ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىرىكمىدە ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمە تولۇقلىغۇچى تەركىب، كۆپلۈك قوشۇمچىسى باش تەركىب بولىدۇ. مەسىلەن:

[adem]ler, [chirayliq qiz]lar, [tatliq pichirlash]lar, [muzikini yaxshi köridighan]lar…

(3) تەۋەلىك بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىلىگۈچى تەركىب بىلەن ئىگىلەنگۈچى تەركىب ئارىسىدا بىردەكلىك مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئىگىلىگۈچى تەركىب ئادەتتە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «-ni» بىلەن بىرىككەن ھالدا ئىگىلەنگۈچى تەركىبنىڭ ئالدىدا بولىدۇ ۋە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ، تەۋەلىك

قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىگىلەنگۈچى تەركىب ئىگىلىگۈچى تەركىب بىلەن قوشۇلۇپ تەۋەلىك بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىرىكمىدە ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمە تولۇقلىغۇچى تەركىب، تەۋەلىك قوشۇمچىسى باش تەركىب بولىدۇ. مەسىلەن:

[sheker]im, [yëngi somka]nglar , [bügün kelidighan mëhman]im, [amraq]ing, [besh]imiz , [ussul oynash]i , [këlish_kelmeslik]i, [sizni tonuydighan]im…

(4) كېلىش بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدىكى 10 كېلىشنىڭ ھەممىسى كېلىش بىرىكمىسى ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باش كېلىش نۆل شەكىلدە كېلىدۇ. باشقا 9 خىل كېلىش شەكلىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىسى بار. كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىسىم خاراكتېرلىك تەركىبنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە كېلىش بىرىكمىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

[nan]ni, [öy]ge, [besh]tin , [saet on]da, [bir yutum]dek, [besh qëtim]da, [këlish_kelmeslik] tin, [bu sheherde turuwatqan]da, [sizni tonuydighan]dek, [bügün kelgenler]din, [ikkinchi ukang]gha, [besh balam]din…

(5) تىركەلمە بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا 20دىن ئارتۇق تىركەلمە بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆپلۈك بىرىكمىسى، تەۋەلىك بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملار بىلەن بىرىكىدۇ، بەزىلىرى كېلىش بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىدۇ. تىركەلمە بىرىكمىسىدە تىركەلمە باش تەركىب، ئۇنىڭغا بىرىككەن تەركىب تولۇقلىغۇچى تەركىب بولىدۇ. مەسىلەن:

[nan] üchün, [mashina] bilen, [sheher] boyiche , [poyiz, mashina, ayropilan] qatarliq, [toy qilish] üchün, [döletler] ara, [ikkinchi ukang] heqqide, [höjjetning rohi] boyiche, [hökümitimiz] teripidin, [sizge] nisbeten, [buyruqqa] binaen, [shundin] tartip…

(6) سۈپەت بىرىكمىسى. كۆپىنچە ھاللاردا سۈپەتلەر ئىسىم خاراكتېرلىك تەركىبلەرنى ئېنىقلاپ، سۈپەتلەپ، چەكلەپ كېلىدۇ. ئەمما سۈپەتلەر دەرىجە رەۋىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ھالەتلىك قۇرۇلمىلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەگداش باغلانغان سۈپەتلەرمۇ سۈپەت بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەكرارلانغان سۈپەتلەرمۇ سۈپەت بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

[bek] chirayliq, [oqushqa] amraq, [sheherdin] yiraq, [japasi] yoq, [qizil we] qara…

(7) رەۋىش بىرىكمىسى. رەۋىشلەر سۈپەتلەرنى ۋە پېئىللارنى سۈپەتلىگەندىن باشقا، بەزىدە باشقا تەركىبلەرنىڭ سۈپەتلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە رەۋىش بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

[sel] baldur , [yuqiri]_töwen, [nëri]_bëri, [bir yil] burun, [oqush püttürgendin] këyin…

(8) پېئىل بىرىكمىسى. پېئىل ناھايىتى مۇرەككەپ بىر تۈر، جۈملىدە ئادەتتە پېئىللار ئۆزىنىڭ ئەزاسىنى (论元argument/) تەلەپ قىلىدۇ. ئەزا بىر پېئىلنىڭ ئۆزىدىكى لوگىكىلىق مەنە خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشتىراكچىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر پېئىل ئۆزىدىكى لوگىكىلىق مەنە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بىر ئەزالىق پېئىل، ئىككى ئەزالىق پېئىل، ئۈچ ئەزالىق پېئىل دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، «ياز-» دېگەن پېئىلنى ئالساق، ئۇنىڭ «ياز-» دېگەن ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچى x ئەزاسى بىلەن «ياز-» دېگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى y ئەزاسى بار. شۇنداق بولغاندا «ياز-» دېگەن پېئىل ئىككى ئەزالىق پېئىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ پېئىلدىن «تۇرسۇن خەتنى ياز-» دېگەن پېئىل بىرىكمىسى مەيدانغا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە پېئىل ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنچىكە پېئىل بىرىكمىلىرىنى ئەمەس، پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپلا كۇپايىلىنىمىز.

[Tursun] kel_, [derexqe] chiq_, [Tursun mekteptin] ayril_, [Tursun bu sheherde] tur_, [Tursun gëzit] oqu_, (Tursun) [bolidu] de_…

(9) تۇس بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل تۇس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى پېئىللار بار. ئۇلار ئاساسەن «$p^0$-»لىق رەۋىشداش بىلەن كەلگەن مۇستەقىل پېئىللارنىڭ كەينىدىن كېلىپ، بۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى تۇس ياردەمچىلىرى رەۋىشداش بىرىكمىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە ئىشلىتىلىش جەريانىدا فونېتىكىلىق جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ،

ئالدىدىكى رەۋىشداش بىرىكمىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ، تۇس ياردەمچىسىدىن تۇس قوشۇمچىسىغا ئۆزگەرگەن. تۇس قوشۇمچىسى ـ$^{0}$wat ـ (-wat/-iwat-/ -uwat-/ -üwat-) مانا بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تىپىك مىسالى. مەسىلەن:

[xet yëz-]-iwat-, [mektepke mang-]-ghiliwat-, [mashina heydi-]-yele-, [ishingizni qil-]-iwër-, [xëtimni yëz-]-ip bol-, [bala yighli-]-ghili tur-....

(10) باغلامچى بىرىكمىسى. باغلامچى بىرىكمىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلامچى پېئىللارنىڭ ھەر خىل بىرىكمىلەرگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلامچى پېئىللار خاراكتېرىگە قاراپ تولۇق باغلامچىلار ۋە تولۇقسىز باغلامچىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. باغلامچى بىرىكمىسىمۇ مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن:

[mëning sawaqdish-im] bol-, [ete ishxanida] bol-, [besh yüz] chiq-, [chong] qil-, [kichik] kel-, [mëning kitabim] [i-]-di, [asta i-]-ken, [yoq] oxsha-ydu...

(11) زامان بىرىكمىسى. پېئىل ھەرقانداق بىر پېئىل بىرىكمىنىڭ (ياكى جۈملىنىڭ) يادروسى ھېسابلىنىدۇ. پېئىل ئەزالىرىنىڭ تايىنىشچانلىقى پېئىل بىرىكمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئىي تىلدا پېئىل بىرىكمىلىرى ياكى پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىمداش بىرىكمىسى، سۈپەتداش بىرىكمىسى، رەۋىشداش بىرىكمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ ياكى زامان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن زامان بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئىككىنچى شەخس بۇيرۇق شەكلىدىن باشقا ساپ پېئىل بىرىكمىسى شەكلىدە ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان زامان بىرىكمىسى ئىنتوناتسىيەنى قوبۇل قىلغان ھامان جۈملە مەنىسىنى ئالىدىغان ئەڭ چوڭ بىرىكمە ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى زامان شەكىللىرى خۇددى خەمىت تۆمۈر، لىتىپ توختى، يى كۇنشيۇلار ئېيتقاندەك ئۆتكەن زامان، ھازىرقى ـ كەلگۈسى زاماندىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا پېئىل بىرىكمىسىمۇ ھامان مۇشۇ ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن:

[Tursun kino kör-]-di

[Ular Turpan'gha ket-]-ti

[Tursun Shinjang Uniwërsitëtida oqu-]-ydu

[Tursun Rusche bil-]-idu

[U mashina heyde-yele-]-ydu

[U uxlap qal-]-di

[Sheher qurulush-i yëngila-n-]di

[Men ittin qorq-ma-]y-men

[Men shëir yaz-al-ma-]-y-men

[Men bu kitabni körü-p baq-mi-]-dim

(12) راي بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيەسى مەۋجۇت. بۇ كاتېگورىيەنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش قوشۇمچىلىرى بار. بۇ قوشۇمچىلار باش تەركىب ئورنىدا كۆرۈلۈپ، پېئىل بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، راي كاتېگورىيەسىنى ھاسىل قىلىدۇ. راي بىرىكمىسى ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈر شەكلىدە نۆل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

[Bu yaqqa kel-] e, [balilargha salam eyt-]-qin, [tiriship oqu-]-nglar, [bu yaqqa kel-]-ing, [tez mang-]-ghin, [men bar-]-ay, [hemmeylen kel-]-sun...

(13) يېنىك پېئىل بىرىكمىسى. يېنىك پېئىل (light verb/轻动词) ئەنئەنىۋى گىراماتىكا رامكىسىدىكى پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ خاس قوشۇمچىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئايىنىتما گىراماتىكا رامكىسىدا يېنىك پېئىل پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ پېئىلغا يېڭى مەنە يۈكلەيدىغان، بۇ ئارقىلىق پېئىلنىڭ مۇناسىپ ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەركىبنى كۆرسىتىدۇ. ئايىنىتما گىراماتىكا رامكىسىدىكى يېنىك پېئىل ئۇقۇمىنىڭ پېئىللارنىڭ ئەزالىرىنى ئېنىقلاشتا ئەھمىيىتى زور. يېنىك پېئىل باش تەركىب سۈپىتىدە پېئىل بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ يېنىك پېئىل بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

[Tursun mashinini mang-]-dur-

[remontchigha saetni yasa-]-t-

[saet (remontchi teripidin) yasa-]-l-

[Tursun maxta-]-n-

[ular kör-]-üsh-

[ular kör-]-üsh-]-tür-]-ül-

(14) شەخس بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى بار. بىرىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە قوشۇلۇپ تەۋەلىك بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ، زامان بىرىكمىلىرىدىن ئۆتكەن زامان بىرىكمىسىگە قوشۇلىدۇ. ئىككىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە، ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ شەخس بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ، زامان بىرىكمىلىرىدىن ھازىرقى-كەلگۈسى زامان بىرىكمىسىگە قوشۇلىدۇ. ئۈچىنچى يۈرۈش شەخس قوشۇمچىسى پېئىل بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ راي بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز ئىككىنچى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە، ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ شەخس بىرىكمىسى ھاسىل قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەسىلەن:

[xushpuraq gül]siz , [birinchi]sen, [kim]siz, [sëtiwalghan qulung]men, [qul emes]miz...

(15) ئىسىمداش بىرىكمىسى. ئىسىمداش بىرىكمىسى بىر پېئىل بىرىكمىسىگە ئىسىمداش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بۇ پېئىل بىرىكمىسىنىڭ ئىسىملاشقانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىمداش بىرىكمىسى پېئىل بىرىكمىسىگە -$^{0}$sh (-sh/-ish /-ush/-üsh)، -mAK(-maq/-mek)، -GU (-ghu/ -qu/ -gü/ -kü) ۋە -GAnliK (-ghanliq/ -qanliq/ -genlik/ -kenlik) تىن ئىبارەت تۆت يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى ئىشلىتىشچانلىقىدا ۋە ئىپادىلىگەن قوشۇمچە مەنىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

[sen kel-]-ish-tin burun, [köwrüktin öt-]-mek, [tamaq yë-]-güm yoq, [qol kötür-]-genlik...

(16) سۈپەتداش بىرىكمىسى. سۈپەتداش بىرىكمىسى بىر پېئىل بىرىكمىسىگە سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بۇ پېئىل بىرىكمىسىنىڭ سۈپەتلەشكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۈپەتداش بىرىكمىسى پېئىل بىرىكمىسىگە -r/Ar (-r/-ar/-er) ۋە -GAn (-ghan/-qan/-gen/-ken) دىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى ئالدىنقىسى پۈتمىگەن سۈپەتداش بىرىكمىسىنى، كېيىنكىسى پۈتكەن سۈپەتداش بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

[öt-er] yol, [aq-ar] su, [kel-er] yil, [bar-ar] jay, [tur-ar] jay;

[tünügün kel-gen] mëhman, [mektepte oqu-watqan] chaghlar, [top oyna-ydighan] meydan...

(17) رەۋىشداش بىرىكمىسى. رەۋىشداش بىرىكمىسى بىر پېئىل بىرىكمىسىگە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بۇ پېئىل بىرىكمىسىنىڭ رەۋىشلەشكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. رەۋىشداش بىرىكمىسى پېئىل بىرىكمىسىگە يەتتە يۈرۈش قوشۇمچىدىن خالىغان بىر يۈرۈشىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ يەتتە يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ پەرقى بىرقەدەر مۇرەككەپ. شۇڭا بۇ يەردە بىر-بىرلەپ توختالمايمىز. مەسىلەن:

[sinipqa kir-]-e [kirme-]y-;

[oltur-]-up sözle-, [ornidin tur-]-up, [mektepke ber-]-ip;

[men bilen körüsh-]-kili, [bu yerde tur-]-ghili;

[ular kel-]-güche, [bu yaqqa mang-]-ghuche, [öl-]-güche;

[oltur-]-ghach (turung), [chay ich-]-kech, [kech bol-]-ghach;

[aghrip qal-]-ghachqa, [bil-]-gechke, [hemmini chüshen-]-gechke;

[kësili ëghirlash-]-qansëri, [hawa issi-]-ghansëri...

(18) باغلىغۇچى بىرىكمىسى. باغلىغۇچىلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى سىنتاكسىس كاتېگورىيەسىدىكى ھەر خىل تىل شەكىللىرىنى باغلاش. ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلىغۇچىلار خېلى مول. بۇ باغلىغۇچىلاردىن تەڭداش باغلىغۇچى «we»، «bilen» ھەر خىل بىرىكمىلەرنى باغلاپ باغلىغۇچى بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاينىتما گىراماتىكىسىدىكى «ئىككى مەنبە» پىرىنسىپىغا ئاساسەن تەڭداش قاتلاملىق مۇناسىۋەتنى باغلىغۇچىنىڭ رولى نەزەرگە ئېلىنسا، بۇ بىرىكمىلەر

ئاۋۋال باغلىغۇچى بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ باغلىغۇچى بىرىكمە باش تەركىب بولغان بىرىكمىگە باغلىنىپ يېڭى بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

[til] we (terjime), [yëngi pikir] e (yëngi idiye), [bir kilo gösh] we (on kilo may), [ming yil burun] we (ming yil këyin), [hawa özgergechke] we (mashina tëpilmighachqa), [besh balam] we (yashan'ghan ata-anam), [taghdin] e (baghdin)...

(19) يۈكلىمە بىرىكمىسى. ئۇيغۇر تىلىدا سوئال، ئۆتۈنۈش، ئەپسۇسلۇق، يالۋۇرۇش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بار. بۇ ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى قوشۇمچىلارغا ئوخشاش ھەر خىل بىرىكمىلەرگە قوشۇپ يېزىلسا، يەنە بەزىلىرى سۆزلەرگە ئوخشاش باشقا بىرىكمىلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ، مەيلى قانداق شەكىلدە بولسۇن، بۇنداق ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ قارىلىدۇ. يۈكلىمىلەر ھەر خىل بىرىكمىلەرگە قوشۇلۇپ يۈكلىمە بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

[nan]chu, [kitab]qu, [yëngi pikir]ghu, [yaxshi ish]mikin, [saet töt]mu, [kim]kin, [sen]ze, [awu]mu, [toydin burun]ghu, [yiraqtin kelgen]ghu, [hawa özgergechke]mikin, [bügün kelgenler]chu, [besh balam]chu, [bu kitabni körü-p baq-mi-di]mikin, [bala emes]mu...

(20) بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى. بولۇشسىزلىق دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تىلدا كەم بولسا بولمايدىغان ئومۇمىي ھادىسە. تىلدا بولۇشسىزلىقنىڭ ئىپادىلىرى خېلى كۆپ ۋە مۇرەككەپ.[3] بىز بۇ يەردە سىنتاكسىس قاتلىمىدىكى بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى ھەققىدىلا توختىلىمىز. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەر ۋە پېئىل بىرىكمىسى، تۇس بىرىكمىسى قاتارلىقلاردىن بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى تۈزۈلىدۇ. بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى پېئىل بىرىكمىسى ياكى تۇس بىرىكمىسىگە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى - (-ma/-me) mA نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە بولۇشسىز تەركىب emes سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

[men ittin qorq-ma-]y-men

[men shëir yaz-al-ma-]-y-men

[men bu kitabni körü-p baq-mi-]-dim

[yëngi kitab] emes, [mëning] emes, [mëning somkam] emes, [jerimane ëlish] emes...

## خۇلاسە

بىرىكمە تەتقىقاتى ئاينىتما گىراماتىكىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى. بىزدە ئاينىتما گىراماتىكا تەتقىقاتى ھەقىقىي مەنىدىن ئالغاندا 2000-يىللاردا باشلانغان. ئاينىتما گىراماتىكىسى چومىسكىنىڭ «سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما» (1957-يىلى) ناملىق ئەسىرىدىن باشلانغان دەپ قارىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا بىزدە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بۇ يېڭى تەتقىقات تەخمىنەن يېرىم ئەسىر كېيىن باشلانغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخىچە كۆلەم ۋە تەتقىقات قوشۇنى شەكىللەندۈرەلمىدى. بۇ ساھەدە پىروفېسسور لىتىپ توختى يالغۇز دېگۈدەك ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق مەسىلىلەرنى ئاينىتما گىراماتىكا ۋە بۇ گىراماتىكىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى نەزەرىيەلەر ۋە مېتودلار ئارقىلىق ھەقىقىي چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 20 خىل بىرىكمىنىڭ بىر قىسمىنى لىتىپ توختى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە بىر قىسمىنى بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ 20 خىل بىرىكمە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىرقەدەر تولۇق ۋە تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ دەپ قارايمىز. بۇ 20 خىل بىرىكمە ئىچىدىكى كۆپلۈك بىرىكمىسى، تەۋەلىك بىرىكمىسى، كېلىش بىرىكمىسى، تۇس بىرىكمىسى، باغلامچى بىرىكمىسى، زامان بىرىكمىسى، راي بىرىكمىسى، يېنىك پېئىل بىرىكمىسى، شەخس بىرىكمىسى، باغلىغۇچى بىرىكمىسى، يۈكلىمە بىرىكمىسى، بولۇشسىزلىق بىرىكمىسى قاتارلىقلار ئەنئەنىۋىي تىلشۇناسلىق رامكىسىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن بۇ بىرىكمىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم

بىرىكمىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاينىتما گىراماتىكا رامكىسىدا مانا بۇ بىرىكمىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە رولى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ 20 خىل بىرىكمىنى ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ساھەسىدىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. سەھىپە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەر بىر بىرىكمىنىڭ قانداق بىرىكمىلەر بىلەن بىرىكىدىغانلىقى ۋە ئەمەلىي مىساللىرى ئىخچام شەكىلدە بېرىلدى.

## ئىزاھلار

[1] لىتىپ توختى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997-يىل 3-سان.

[2] بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمە» ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان، مىقدار، تەقلىد قاتارلىق سۆزلەر ۋە بۇ سۆزلەر باش تەركىب بولۇپ ھاسىل بولغان بىرىكمىلەرنى ۋە كۆپلۈك بىرىكمىسى، كېلىش بىرىكمىسى، تەۋەلىك بىرىكمىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

[3] لىتىپ توختى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997-يىل 3-سان.

## پايدىلانمىلار


1.力提甫·托乎提. 从短语结构到最简方案— 阿尔泰语言的句法结构[M]，北京：中央民族大学出版社. 2004.

2.力提甫·托乎提. 阿尔泰语言构形成分的句法层次问题[J].中央民族大学学报. 2002(6).

3.力提甫·托乎提. 生成语法框架内的维吾尔语句法[J]. 民族语文. 2005(6).

4.力提甫·托乎提. 维吾尔语名词性语类的句法共性[J]. 民族语文. 2006(4).

5.何元建. 现代汉语生成语法[M].北京：北京大学出版社. 2011.

6.徐烈炯. 生成语法理论[M]，上海：上海外语教育出版社. 1988.

7.范晓. 短语[M].北京：商务出版社. 1991.

8.齐沪扬. 现代汉语短语[M].上海：华东师范大学出版社. 2000.

9. Chomsky，N. *Bare Phrase Structure*, in G. Webelhuth (ed.), *Government Binding Theory and the Minimalist Program*, Blackwell, Oxford. 1995

10.Chomsky，N. *The Minimalist Program*, Cambridge, Mass., MIT Press. 1995.

11.Chomsky，N. *Minimalist Inquiries,The Framework.* MIT Occasional Paper in Linguistics, 15, MIT. 1998.

12.Comrie B. *Language Universals and Linguistic Typology*, Chicago: Chicago University Press. 1981

13. Jackendof. *X-bar Syntax: A study of Phrase Structure*, Cambridge, MIT Press. 1977.

14. Radford, Andrew. *Transformational Grammar*, Cambridge University Press. 1988.

15. Radford, Andrew. *Syntactic Theory and the Structure of English --- A Minimalist Approach*，Cambridge University Press. 1997 .（最简方案：句法理论与英语结构[M]. 北京：北京大学出版社. 2002.）

16. 高莉琴.维吾尔语句法结构分析[M]. 乌鲁木齐：新疆人民出版社. 1987.

17. 高莉琴. 维吾尔语句型、句类与句式研究[J]. 语言与翻译. 2008(1)

18. 高莉琴. 谈谈维吾尔语的短语及其类型[J]. 语言与翻译. 2008（2）

19. 张玉萍. 维吾尔语短语结构分析.[J] 民族语文. 1998 (5).

20. 玛依拉·阿吉艾克拜尔. 汉维词组对比研究[D]. 新疆大学 2009.

21. 木再帕尔. 维吾尔语的名词化短语[D].中央民族大学. 2008.

22. 木再帕尔. 维吾尔语名词化短语的一些句法特征.民族语文. 2008(4)

23. 木再帕尔. 维吾尔语的形容词化短语[J]. 满语研究. 2009(2).

24. 易坤琇、高士杰. 现代维吾尔语语法[M]. 北京：中央民族大学出版社. 1997.

25.张定京. 现代哈萨克语实用语法[M]. 北京：中央民族大学出版社. 2004.

26. لىتىپ توختى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997-يىل 3-سان.

27. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى . مورفولوگىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىلى.

28. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2010-يىلى.

29. مۇھەببەت قاسىم: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولى»، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، 1984-يىلى، 119-221-بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 026 ـ 02 (2012) 5878 ـ 1005

# «شىنجاڭچە روھ»نى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا*

ماھىرە ئابلىز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا «شىنجاڭچە روھ» قا «ۋەتەننى ـ شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش ـ تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش ـ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش ـ ئىلگىرىلەش» دەپ ئېنىق تەبىر بېرىلدى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاندى. «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلغان» شىنجاڭچە روھ دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە تارىخىي ئەنئەنىنىڭ بىرلىكى، مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن خەلق رايىنى مايىل قىلىشنىڭ بىرلىكى، بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى. بۇ ماقالىدە «شىنجاڭچە روھ» نىڭ مەزمۇنى، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئەھمىيىتى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要：**“爱国爱疆、团结奉献、勤劳互助、开放进取”，自治区第八次党代会报告中给予“新疆精神”明确的定义和高度概括。以现代文化为引导的“新疆精神”是时代的要求与历史传统的统一、是义与利的统一、是惠民生与聚民心的统一、是知与行的统一。本文详细地分析了新疆精神的内容，弘扬«新疆精神»的途径和意义。

**Abstract:** The document produced by the 8th Autonomous Region Party Congress clearly and concisely explained the "Xinjiang spirit" as consisting of "loving the homeland and loving Xinjiang, living in unity and contributing, working hard and helping each other, opening up and moving forward." The Xinjiang spirit, which "takes modern culture as its leading principal," represents the union of the era's needs and historical tradition, of responsibility and gain, of improving the people's lives and winning their hearts, of knowledge and action. This article will thoroughly discuss the content of the "Xinjiang spirit," as well as ways in which it can be promoted.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D67 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇلۇغلىرىمىز ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر»، «ھەركىم ئۆز روھىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك» [1]. ئىنسانلار جەمئىيىتى ماددا ۋە روھتىن تەركىب تاپقان. روھ دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ مەقسەتلىك ھالدىكى يۈزلىنىش بولۇپ، ئادەتتە بىر ئىرادە بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ئىدىيەگە مۇجەسسەملىنىپ، ئىزدىنىشتە نامايەن بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى روھ ماددىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر دۆلەت، بىر مىللەت، ھەتتا بىر رايوندا روھىي تىرەك بولمىسا بولمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ 5000 يىلدىن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئەمگەكچان، باتۇر، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، تىنچلىقنى سۆيىدىغان، تىرىشچان بولۇشتەك ئۇلۇغ مىللىي روھنى يېتىلدۈردى، مىللىي روھ خۇددى جەمئىيەتنىڭ «يىلىمى»دەك ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى جىپسىلاشتۇردى. مۇشۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچنى جىپسىلاشتۇرغان مىللىي روھتا شىنجاڭلىقلارنىڭمۇ خاس رايون روھى بار. شۇڭا شىنجاڭلىقلارمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان «شىنجاڭچە روھ» نى

* بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ماھىرە ئابلىز(1960 ـ يىلى12 ـ ئايدا تۇغۇلغان ) لېكتور، سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەۋج ئالدۇرۇشى، شىنجاڭچە ئۈنۈم يارىتىپ، يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشى، ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

## 1. «شىنجاڭچە روھ» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

پارتىيەنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدا يولداش خۇ جىنتاۋ: «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى - جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ساقلاپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك»[2] دەپ كۆرسەتكەنىدى. پارتىيە 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىر قانچە چوڭ مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا: «مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيەۋى قىممىتىنى قېزىش ۋە شەرھلەشنى كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنى قوغداپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يېڭى دەۋردىكى خەلقنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان روھىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ جۇڭگونى مەدەنىيەتتە قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئورۇنلاشتۇرمىسىدۇر. ئېنىقكى، مىللىي روھ - مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. يۇقىرىقى قاراردا ئېيتىلغان روھىي كۈچ دەل مىللىي روھتۇر. بۇ مەنىدە رايون روھى مىللىي روھنىڭ خاسلىقتا ئىگە قىسمى سۈپىتىدە رايون مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا رايون روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى — جۇڭخۇا مىللىي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇچۇن ئورتاق مەنىۋى ئائىلە قۇرۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«يۈنەن گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 2007-يىلىلا مەملىكىتىمىزدىكى جېجياڭ قاتارلىق سەككىز ئۆلكىدە «رايون روھى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدىكى 13 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا «رايون روھى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان ياكى بۇ توغرىدا مۇھاكىمە باشلانغان[3]، دېمەك، ھازىر ھەرقايسى رايونلار ئۆزلىرىنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى ياكى «رايون روھى»نى يەكۈنلەپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا تۇتۇش قىلغانلىقى ج ك پ 17-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئەمەلىي ھەرىكىتى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭمۇ يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچقا كىرگەندىن كېيىن يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ۋەزىپىلەرگە دۇچ كېلىپ، يېڭى تەپەككۇر، يېڭى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلدى. ئۆتكەن يىلى شىنجاڭدا «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» تەشەببۇس قىلىندى. ئۇ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ئىدى. بۇ چاغدا «شىنجاڭچە روھ»، «زامانىۋى مەدەنىيەت»نى يېتەكچى قىلغان، «ۋەتەننى سۆيۈش، مىننەتدار بولۇش، تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئالغا ئىنتىلىش»[4] دەپ تونۇلدى. بۇ بىر مەزگىل مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن، 2011-يىلى 11-ئايدا ئېچىلغان ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 8-قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا «شىنجاڭچە روھ»قا «ۋەتەننى-شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش - تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش-ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش - ئىلگىرىلەش» دەپ ئېنىق تەبىر بېرىلدى ۋە يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاندى.

## 2. «شىنجاڭچە روھ» نىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى

«ۋەتەننى - شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش- تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش - ئۆزئارا

ياردەملىشىش، ئىچىۋېتىش ـ ئىلگىرىلەش» تىن ئىبارەت «شىنجاڭچە روھ» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت جۇغلانمىسى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئىچىۋېتىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى مەنبە قىلغان. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دەۋر روھىنىڭ شىنجاڭدىكى جۇغراپىيەلىك ئىپادىسى.

«ۋەتەننى ـ شىنجاڭنى سۆيۈش» شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھېسسىيات بەلبېغى، بۇ بەلباغ شىنجاڭ بىلەن ۋەتەن بۈيۈك ئائىلىسىنى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرغان. ۋەتەننى سۆيۈش دېگەنلىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ، ۋەتەننى سۆيۈش — ئۆزىنى بېغىشلاش، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتۇر. ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۇلۇغ ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدىلا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىغىلى، تەرەققىياتنىڭ ئەۋزەل پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ياراتقىلى بولىدۇ. شىنجاڭنى سۆيۈش دېگەنلىك شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن دۆلەت ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھەرمىللەت خەلقى قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىدىن ھاسىل بولغان ئىدىيە.

«ئىتتىپاق ئۆتۈش ـ تۆھپە قوشۇش» بىزنىڭ ئىلگىرى شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدىكى تۈپ سەۋەبنى شەرھلەپ بەردى. ئۇنىڭغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ قىلغان كۈرەشلىرى ۋە بوشاشماي ئىزدىنىشى مۇجەسسەملەنگەن. ئىتتىپاق ئۆتۈش دېگەنلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىللە ياشاپ، ئورتاق نەپكە ئېرىششنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىدىيەنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، كۈچىنىڭ مۇجەسسەملىشىشى بولۇپ، ئورتاق نىشاننى ھەربىر كىشىنىڭ ئاڭلىق ئەمەل قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانىغا ۋە ئىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان كوللېكتىپ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئىناقلىق، مۇقىملىق، گۈللىنىش، تەرەققىياتقا ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۆھپە قوشۇش بىر روھىي مەنزىل بولۇپ، ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇش، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىك، ۋەتەننى، خەلقنى كۆزلەپ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، ئۆزىنى خالىس بېغىشلاش، ئۆكۈنمەسلىك ـ پۇشايمان قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تۆھپە قوشۇش روھىنى داۋاملىق كۈچەپ تەشەببۇس قىلىش ھەم تارىخنىڭ تەلىپى ھەم دەۋرنىڭ چاقىرىقى.

«تىرىشىپ ئىشلەپ ـ ئۆزئارا ياردەملىشىش» شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇقىملىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان گۈزەل ئەخلاقىي مىزاننى كۆرسىتىپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق ئۆتۈش ـ ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئىتتىپاق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەملەشكەندىلا، ئورتاق گۈللەنگىلى ۋە تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. ئەمگەكچانلىق ـ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تاۋلاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان تەبىئىي، ئاددىي ھەم گۈزەل پەزىلەت، شىنجاڭنىڭ تارىخى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلغانلىقىغا ئائىت تەرەققىيات تارىخى.

«ئىچىۋېتىش ـ ئىلگىرىلەش» شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ھالەت. ئىچىۋېتىش ـ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، كەڭ قورساق بولۇپ، كۆپنىڭ ئەقلىنى قوبۇل قىلىش، پەرققە ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىنى قەدىرلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىچىۋېتىش مەردانە روھىي ھالەت بولۇپلا قالماي، مەسىلىلەرگە توغرا قارايدىغان، بارلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە. يېڭى تارىخىي پۇرسەت ئالدىدا ئىچىۋېتىلگەن روھىي قىياپەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىچىۋېتىش دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا، تەرەققىياتنىڭ ماكانى شۇنچە چوڭ، ھاياتىي كۈچى

شۇنچە يېتەرلىك، سۈرئىتى شۇنچە تېز بولىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش، جان تىكىپ كۈرەش قىلىش، ئۆزگىرىش ياساشنى، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشنى، جاسارەتلىك بولۇش ئۇلۇغ روھىنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا شىنجاڭدا ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ۋەتەننى - شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش - ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش - ئىلگىرىلەش»تىن ئىبارەت «شىنجاڭچە روھ» ئاشۇنداق مول مەزمۇنغا ئىگە. بۇ مەزمۇنلار بىر مۇكەممەل مەنىۋى سىستېما، بۇ مەزمۇنلار يەككە - يېگانە بولماستىن، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. دېمەك «شىنجاڭچە روھ»نىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

«شىنجاڭچە روھ»تا يەنە مۇنداق بىر قانچە دىيالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىمۇ مۇجەسسەملەنگەن:

1) «شىنجاڭچە روھ» دەۋر تەلىپى بىلەن تارىخىي ئەنئەنىنىڭ بىرلىكى. «شىنجاڭچە روھ» ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىشىنى نامايەن قىلدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە دەستىنلىگەن، ئۇ ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشتەك دەۋر تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، جۇڭخۇا مىللىي روھىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى، ئۇنىڭدا باشتىن - ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت يادرودا چىڭ تۇرۇلغان.

2) «شىنجاڭچە روھ» مەسئۇلىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى. «شىنجاڭچە روھ»، تا «مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەت بىردەك بولۇشى»دىن ئىبارەت قىممەت قارىشى مۇجەسسەملەنگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەت قارىمۇقارشى بولىدۇ، ھەتتا مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەت توقۇنۇشىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەتنىڭ توقۇنۇشى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشى بىلەن جەمئىيەتتىن مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشىنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەجبۇرىيەت بىلەن دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بىردەك بولىدۇ، مەنپەئەت بولسا شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىدۇر. «تىرىشىپ ئىشلەش - ئۆزئارا ياردەملىشىش»نى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى مەجبۇرىيەت، دېيىلىۋاتقىنى شىنجاڭلىقلار ئەمگەكچان، باتۇر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك گۈزەل ئەخلاق ۋە خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ھازىرلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرمىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، گۈزەل، باي تۇرمۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشى كېرەك.

3) «شىنجاڭچە روھ» خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن خەلق رايىنى مايىل قىلىشنىڭ بىرلىكى. شىنجاڭچە روھ خەلق تۇرمۇشىنى، خەلق رايىنى ئاساس قىلغان. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ شەرھى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خەلقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىك بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممە بىر نىيەتتە ئىشلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگىلى، ئورتاق تىرىشىدىغان دەۋر روھىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈشنى مىسالغا ئالساق، دۆلەت ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى خەلقنى سۆيۈش، خەلقنى كۆزلەش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلسا، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەتكەن، خەلققە رىشتە باغلىغان، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن بولىدۇ، خەلق ئاممىسى ئاندىن ۋەتەننى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدۇ. ئىككىسى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

4) «شىنجاڭچە روھ» بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى. بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. «شىنجاڭچە روھ»نىڭ مەزمۇنى ھەم بىلمەك ھەم قىلماقتۇر. ئۇن نەچچە خەتلىك «شىنجاڭچە روھ» ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر

ئۈستىدىكى يېڭى هۆكۈم ۋە تارىخىي تەرەققىيات تەجرىبىلىرى، قانۇنىيەتلىرىنىڭ يېڭى يەكۈنى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر ئۈستىدىكى ئەتراپلىق چۈشەنچە، دېمەك بۇ بىر يېڭى بىلىش ـ بىلمەك. بىلمەك بىلەن قىلماق ئايرىم ـ ئايرىم ئىش، بىلگەن ئىكەنمىز قىلىشىمىز زۆرۈر. بىلىش ئەلۋەتتە مۇھىم، ۋەھالەنكى قىلماق تۈپ مەسىلە. يېڭى ئىدىيە، يېڭى هۆكۈمنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ھالقىلىق بىر نۇقتا شۇكى، بۇ بىلىشنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «شىنجاڭچە روھ»نى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، «شىنجاڭچە روھ»نىڭ تۈرتكىسىدە يېڭى ئىزدىنىش ۋە مەنىۋى قىياپەتنى نامايەن قىلىش لازىم.

## 3. قانداق قىلغاندا «شىنجاڭچە روھ»نى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇنى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

1) يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچ، يېڭى پەللىدە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «شىنجاڭچە روھ»نى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، «شىنجاڭچە روھ»نى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، خىزمەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئىچكى جەھەتتە ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئېڭىغا، تاشقى جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇش، بەختىيار كەلگۈسىنى يارىتىشىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

2) «شىنجاڭچە روھ»نى ئەۋج ئالدۇرۇشتا زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. ھالقىما تەرەققىيات بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىيار گۈزەل تۇرمۇشى بولمايدۇ. بۇنى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى مەدەنىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

3) «شىنجاڭچە روھ» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ماكانىنىڭ يادروسى. شۇنداق ئىكەن ھەر ساھەدە كۆپ خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەمكارلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ھەر مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولغان مەنىۋى جەھەتتىكى «ئائىلە» قۇرۇپ چىقىش كېرەك. رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال، تور، ناخشا ـ ئۇسسۇل، دراما، گۈزەل ـ سەنئەت قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاممىغا نەزەرىيە ـ تەشۋىقات تەربىيەسى بېرىش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك.

4) بىزدە تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، رايونلارغا «يېتىشىۋېلىش» ئېڭىدىن سىرت، «باشلامچى بولۇش» ئېڭى بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن «ھالقىما» نەزەر ۋە «ھالقىما» ئىستراتېگىيە ئارقىلىق كەلگۈسىنى پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممە كىشى مەن «شىنجاڭلىق» دېگەن مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بۇ خىل ئاڭ، روھنى ئىشەنچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، «شىنجاڭچە ئۇنۇم» يارىتىشتا ھەسسە قوشۇشى، بۇ جەرياندا «شىنجاڭچە ئىقتىدار» يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر.

## 4. «شىنجاڭچە روھ»نى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى

شىنجاڭ ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تارىخىي

ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ روھى ۋە ئىدىيەسى جەھەتتە چوڭ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، «شىنجاڭچە روھ»نى ئەۋج ئالدۇرۇش تولىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئۈلى. مۇشۇ روھنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان «شىنجاڭچە روھ»، شىنجاڭچە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، شىنجاڭچە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش، ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىققا تولۇپ غەلىبەسېرى ئىلگىرىلەپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپمۇ باشقىلارغا يېتىشىۋېلىش ياكى باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنىڭ كاپالىتى. ئۇ ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپلا قالماي، بەلكى كۈچلۈك ماددىي كۈچكە ئايلىنالايدۇ.

2) قىممەت يۆزلىنىشىدىن ئېيتقاندا، «شىنجاڭچە روھ» بايراق بولۇپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەۋرەنمەس ئېڭى، بۇرچ ئېڭى، ساداقەتمەنلىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەيدۇ.

3) تەپەككۇر شەكلىدىن ئېيتقاندا، «شىنجاڭچە روھ» ئىدىيە بولۇپ، ھەر بىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كىشىلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىش جەريانىدا قارىشىنى ئۆزگەرتىشى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشىغا، شۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

4) ھەرىكەت ئەمەلىيىتىدىن ئېيتقاندا، «شىنجاڭچە روھ» مەسئۇلىيەت بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ «تىرىشقاندىلا ئۆزگىرىش بولىدۇ» دېيدىغان مۇستەھكەم ئېتىقاد تۇرغۇزۇشىغا، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىي ھالىتىنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

5) «شىنجاڭچە روھ»نى جارى قىلدۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىپ، مەنىۋى كۈچىنى ئۇرغۇتۇتىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئۆزگىرىش ياساش، ئىسلاھ قىلىشتىكى روھىي تۈۋرۈك ۋە كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ھاسىل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

قىسقىسى، «شىنجاڭچە روھ» خەلق ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، «شىنجاڭچە روھ» خەلقنىڭ كۈچلۈك رايى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم ئۇنىڭدا مىللىي روھ ۋە دەۋر روھى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتەك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «شىنجاڭچە روھ» خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئورتاق گەۋدىلەندۈرگەچكە، ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى ۋە شىنجاڭلىقلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى، سۆزسىزكى، ئادەمنىڭ ياشاشتىكى ئەھمىيىتى — ئۆز روھىنى كامالەتكە ئىگە قىلىش، شىنجاڭلىقلارمۇ ئۆز روھىنى كامالەتكە ئىگە قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئۆز روھىنى دەۋر ئوزۇقى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، ئۆز روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشى كېرەك. «شىنجاڭچە روھ» مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن ھەرقاچان شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك. مانا مۇشۇ مەنىۋى تۈۋرۈك — «شىنجاڭچە روھ»نىڭ تۈرتكىسى «ئىلمىي ھالقىش، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئېشىپ كېتىش ئۇلۇغ پىلانى شىنجاڭنىڭ پارلاق گۈزەل كەلگۈسىنى نامايەن قىلدى. مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، يېڭى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي رايوندىكى

كۈچلۈك رايوننى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە بەخت ئاتا قىلىشىمىز كېرەك».

## ئىزاھلار

[1] چىڭگىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن، ئەنۋەرجان سادىقنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 6-سانىدىكى «ئەسىرنى يىغلاتقان بىر كۈن» دېگەن ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شۇ ژۇرنالنىڭ 58-بېتى.

[2] «17-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2007-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 26-بەت.

[3] ئەن يۈجۈن: «شىنجاڭ روھى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ 2011-يىللىق 4-سانى، ئۇيغۇرچە 54 -بەت.

[4] جاڭ چۈنشيەن: «ئاپتونوم رايونلۇق 8-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن سۆز»، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 2011-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانىنىڭ 2-بېتى.

## پايدىلانمىلار


1. «17-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2007-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. « ‹شىنجاڭچە روھ› ۋۇجۇدىمىزدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانسۇن»، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 2011-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانىنىڭ 7-بېتى.
3. جاڭ چۈنشيەن:«ئۆزگىرىش ياساپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە دادىل ئېلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى يولىدا كۈرەش قىلايلى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 2011-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سانى.
4. شىن شۆمىن: «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت بايلىقى مول رايوندىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرايلى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 2011 -يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانىنىڭ 2-بېتى.


جاۋابكار مۇھەررىرى : مۇسا روزى

33 ـ يىللىق 2 ـ سان
2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 33 卷第 2 期
2012 年 6月

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 033 ـ 02 (2012) 5878 ـ 1005

# ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا*

مۇھەممەتيۈسۈپ سۇلايمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كادىرلار باشقارمىسى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. ماقالىدە «ئىختىساسلىقلار يېڭى، كۈچلۈك بولۇش» ئىستراتېگىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، جەلپ قىلىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنى چىڭ تۇتقاندا، بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 人才资源开发是新疆经济社会发展的关键因素。将进一步实施“人才强新”的战略，把培养高素质的人才摆在更加突出的战略地位，紧紧抓住培养人才、吸引人才、用好人才这三个环节，培养造就一支宏大的高素质的人才队伍。

**Abstract:** Tapping our professional resources is a key factor in the general development of Xinjiang's economy and society. This article will propose that by further implementing the strategy of "making professionals new and strong," by placing even more strategic emphasis on the training of high-quality professionals, and by holding firmly to the three principles of training professionals, attracting professionals, and making use of their skills, it will be possible to train a pool of high-quality professionals.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C963　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يولداش خۇجىنتاۋ: ئىختىساسلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، دەپ كۆرسەتكەن. ئىختىساسلىقلار بايلىقى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە باشلامچىلىق رولىغا ئىگە بولۇپ، سانىنىڭ يېتەرلىك، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىششى ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئۈچ قەدەملىك ئۇلۇغۋار نىشان ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم يۇقىرى ساپالىق ھەم يېتەرلىك ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ غەربىي رايون ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭغا نىسبەتەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش تېخىمۇ مۇھىم.

## 1. ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق ئامىل

تارىخ ئىختىساسلىقلارنى يارىتىدۇ، ئىختىساسلىقلار تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 3- ئاينىڭ 6-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇھەممەتيۈسۈپ سۇلايمان(1969-يىلى7-ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، ماگىستىر، كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، چوقۇم كۆپ مىقداردىكى، ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىشكەن ئىختىساسلىقلار بولۇشى زۆرۈر. تارىختىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىختىساسلىقلارغا كۆڭۈل بۆلگەندە چوقۇم ئىشلاردا غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەر قانداق بىر رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا رايونلار رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ، بۇ خىل يۈزلىنىش ھەر قايسى رايونلارنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر تاللىشىغا ئايلىنىپ قالدى. پۈتۈن دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىختىساسلىقلار بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەممىدە كەسكىن رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچى ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. 1992 ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان سۆزى ئارقىلىق ئىختىساسلىقلار مەسىلىسىدە پۈتۈن پارتىيەنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ: دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھەل بولۇش ـ بولماسلىقى، سوتسىيالىزم ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش- تۇرالماسلىقى، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىشقا ئېشىش - ئاشماسلىقى قاتارلىقلاردا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ئادەم ئامىلى دەپ كۆرسەتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى غەربىي رايوندىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. بۇ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى چەكلىگۈچى توپ ئامىل. شۇڭلاشقا، غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئىختىساسلىقلار ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا ئىختىساسلىقلاردىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى يولداش خۇ جىنتاۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سەرخىل ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش كۆز قارىشىنى تىكلەپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە قاتارىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئەسلىدە بار بولغان ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور كۈچ بىلەن قوزغاش، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ياش ئىختىساسلىق تايانچ خادىملارنى تەربىيەلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

مۇشۇنداق ئىختىساسلىقلار قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گوۋۇيۈەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭغا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ئۇسۇلنى تەستىقلىدى ھەمدە كادىرلار مىنىستىرلىقى ۋە پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆپلىگەن ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيەلىنىپ، شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇ بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق

خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جاينىڭ تېخنىكا تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى، يەنە بەزىلىرى شۇ كەسىپ ياكى شۇ سىستېمىنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. شۇنداقلا كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رول ئويناپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇڭا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، بۇ خىزمەتلەرگە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىش، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئىدىيە ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

## 2 . شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان رايونلارنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى ئاستىدا، مائارىپ ئىشلىرى، جۈملىدىن مىللىي مائارىپ ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشى بارا - بارا كۈچىيىپ باردى، ئىختىساسلىقلارنى تەڭشەش بازار مېخانىزمى شەكىللىنىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلار مەيدانغا كەلدى، ساپاسىمۇ ئېشىپ باردى. 2009-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىختىساسلىقلار ئومۇمىي سانى 2 مىليون 193 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 11.8% تىنى تەشكىل قىلدى. ئەمما، ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمئىيەت قۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشالمىغانلىقتىن، يەنىلا بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

**(1) ئىختىساسلىقلار سانى ۋە ئومۇمىي ساپاسى مۇۋاپىق ئەمەس**

ئىختىساسلىقلار سانى ۋە ئومۇمىي ساپاسى بىر رايوندىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاساسى. بەلگىلىك مىقداردىكى سۈپەتلىك ئىختىساسلىقلار بولمىسا، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى چوقۇم تەسىرگە ئۇچرايدۇ. 2009 - يىللىق ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا تۆت ئاكادېمىك، 44 نەپەر دۆلەت دەرىجىلىك ئوتتۇرا ياش تۆھپىكار مۇتەخەسسىس بار بولۇپ، كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلىرى % 9.4 نىلا تەشكىل قىلىدىكەن. بىراق، ئادەتتىكى ئىختىساسلىقلار سانى نىسبەتەن كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سانى تولىمۇ ئاز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئۇل كەسىپلىرى ۋە ئۆزگىچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان كېرەكلىك ئىختىساسلىقلار، ئىلمىي تەتقىقات ئىختىساسلىقلىرى، ئىلىم - پەن باشلامچىلىرى كەمچىل.

**(2) ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رايونلار ئارا تەقسىملىنىشى تەكشىسىز**

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 2.8% ىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئىختىساس ئىگىلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىختىساسلىقلار ئومۇمىي سانىنىڭ 12.07% ىنى ئىگىلىگەن. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، قاراماي شەھىرى قاتارلىق ئۈچ شەھەر، بىر ئوبلاست شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كەسپىي

تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ %35تىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلار تېخىمۇ يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىگەن. بىراق، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %54 نى ئىگىلىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى پەقەت شىنجاڭدىكى ئومۇمىي ئىختىساسلىقلار سانىنىڭ ئاران %38 نىلا ئىگىلىگەن، بەزى چەت رايونلارنىڭ ئىختىساسلىقلارنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن بولغان. يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىختىساسلىق خادىملار ئاساسلىقى شارائىتى ياخشى، نوپۇس نىسبەتەن زىچ بولغان چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرى بىر رايونغا ھەددىدىن ئارتۇق توپلىشىۋالغاچقا، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان چېگرا رايونلار ۋە ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

**(3) ئىختىساسلىقلار تۇراقسىز بولۇپ، ئېقىپ كېتىش مەسىلىسى ئېغىر**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىل مابەينىدە، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بىراق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بار. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئىنتايىن ئېغىر. ھەر يىلى شىنجاڭدىن ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 12 مىڭدىن ئاشىدىغان بولۇپ، پەقەت %27 ئوقۇغۇچىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئېقىپ كەتكەن ئىختىساسلىقلارنىڭ سانى 210 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار، ئىلىم ـ پەن باشلامچىلىرى، يېڭىلىق ياراتقۇچى تايانچ تېخنىكلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئاشىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە چەت نامرات رايونلاردىكى ئىختىساسلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىقتىساد بىر قەدەر گۈللەنگەن رايونلارغا، بۇ يەردىكى ئىختىساسلىقلار ئىچكىرى رايونلاردىكى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان رايونلارغا قاراپ ئاقىدىكەن. ئىقتىساد، مۇھىت، مالىيە كۈچى قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئېتىبار سىياسەتلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇئامىلىلىرىنى ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا بەلگىلىك پەرق مەۋجۇت، مۇشۇ پەرقلەر تۈپەيلى ئىختىساسلىقلارغا بولغان مۇئامىلىنىڭ تەڭسىز بولۇشى، ئىختىساسلىقلارنىڭ تۇراقسىز بولۇشى، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇلليالماسلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

## 3.شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنىڭ ئاساسلىق يوللىرى

ئىختىساسلىقلار بايلىقى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئالغا بېسىشى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم بايلىق ۋە ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇنداق بولغاچقا، دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى توختۇپ قېلىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، تۇرمۇش سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن، پەن تەتقىقات شارائىتلىرى ناچار بولغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن ئىختىساسلىقلارنى قىزىش، تاللىشىشقا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا ئالغا بېسىشى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. شۇڭا، مېنىڭچە بولغاندا، ئىختىساسلىقلار بايلىقى ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئەلالاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئىلغار

كارخانىچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش، ئىلمىي بولغان ئىختىساسلىقلار خىزمەت مېخانىزمىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش ھەمدە ئىختىساسلىقلارنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈشنى ئىختىساسلىقلار خىزمىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىش، «ئىختىساسلىقلار يېڭى، كۈچلۈك بولۇش» ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم:

**(1) مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش**

پارتىيەنىڭ 16- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ ئاساسى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باشلامچىلىق رولىغا ئىگە مائارىپ چوقۇم ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ غەربىنى ئېچىشتا ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە شەرقتىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى تۈگىتىشتە چوقۇم ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشتىكى ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش تولىمۇ زۆرۈر. شىنجاڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ بېكىتىش؛ پەن ۋە كەسىپلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بولۇش، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدىكى تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، تېببىي ئىلىم، گۈزەل سەنئەت، باشقۇرۇش ئىلمى قاتارلىق پەن تۈرلىرىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئالىي مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە، شەكىل جەھەتتە تولۇق كۇرسنى ئاساس قىلىش، شۇنىڭدەك ماگىستىر، دوكتور، پوستدوكتور ھەمدە كادىرلارنى تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنىمۇ تەڭ قوللىنىش؛ ئوقۇتۇش تىلى جەھەتتە خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى كۈچەيتىش لازىم، سەۋەبى، بىرىنچىدىن: شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنىدا ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خادىملار نىسبەتەن كۆپرەك بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خادىملار ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ، تىل ئۆتكىلى نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشىغا (ماگىستىر ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇش) توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن: تۈرلۈك ئىختىساسلىقلار ئىچىدە خەنزۇ تىلى ۋە مىللىي تىلدىن ئىبارەت ئىككى تىلنى تەڭ ئىشلىتەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملار تولىمۇ ئاز، بۇ ئەھۋال شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە خەلقئاراغا ئېچىۋېتىلىشى، ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تېزلىتىش، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ؛ شۇڭا، شىنجاڭنىڭ پەن- تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپاسى، پەن - مەدەنىيەت ساپاسى ۋە بەدەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىختىساسلىق خادىملارغا تايىنىپ تېزلىتىش لازىم.

**(2) ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ئەلالاشتۇرۇش، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش**

غەربىي رايون ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، رايونىمىز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەلالىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ باردى، بۇ

ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ تەڭشىلىشىگە بەلگىلىك تەلەپلەرنى قويىدى. چۈنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەلالىشىشى بىلەن ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەن ۋە ئەلالاشتۇرغاندىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى، سانائەت ۋە ساھەلەرنىڭ تەقسىملىنىشى مۇۋاپىق بولمايلا قالماستىن، يەنە ئىقتىدار قۇرۇلمىسىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى رايونى ھەمدە ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىمۇ زور. بىراق، يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت تېخنىكا خادىملىرىنىڭ پۈتكۈل كەسپىي خادىملار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولغانلىقتىن، زور بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملار تەربىيەلىنىشكە ئېھتىياجلىق. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى خىل تېخنىك خادىملارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملارنىڭ سانى تولىمۇ ئاز بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنىڭ ئايلىنىش ئىستراتېگىيەسىنى چەكلەپ قويىۋاتىدۇ، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار پۈتۈن ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ھالقىلىق، سەرخىل تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا، باشقا تۈرلۈك كەسپلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقىغۇچى، تەربىيەلىگۈچى، ئىشلەتكۈچىسى ۋە باشلامچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېخنىك خادىملارغا قارىتا داۋاملىق تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ كارخانىلار، گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىش ھەم تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، شارائىتى يار بەرگەن تېخنىك خادىملار دۆلەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردا بىلىم ئاشۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بىلەن جەمئىيىتىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان كارخانا باشقۇرغۇچىلار، كەسپىي تېخنىكلار ۋە ئىقتىدارلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**(3) ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىگە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈش**

يولداش خۇجىنتاۋ: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ھەم ۋاستە، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم تايانچ كۈچى، دەپ كۆرسەتكەن. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي باشقۇرۇش خادىملىرى، تېخنىك خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەل قىلغۇچ ئامىل، شۇنداقلا ئىختىساسلىقلارنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرۇش، ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى دانا تەدبىر. شۇڭلاشقا، دۆلەتنىڭ «يىراقتا نەزەر پىلانى غەربىي رايون ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

**(4) داۋاملىق مائارىپ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش**

ئىختىساسلىقلار بىر خىل ئالاھىدە بايلىق ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەر مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىدىن ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىشلىتىلىش جەريانىدا

كونىرايدىغانلىقى ۋە خورايدىغانلىقى ھەممىدە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كونىراش سۈرئىتىنىڭمۇ ماس ھالدا تېزلىشىپ بارىدىغانلىقىنى بارا - بارا تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق مائارىپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بۇ قۇرۇلۇشنى ئىختىساسلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش، بۇنى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلىش كېرەك. داۋاملىق مائارىپ قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. بۇ ئىختىساسلىقلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ياخشى يول.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، «ئىختىساسلىقلار يېڭى ھەم كۈچلۈك بولۇش» ئىستراتېگىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش، ئىشلىتىش ۋە پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەتنىڭ بىرىنچى سېپى ۋە مۇھىم پەن - تېخنىكا ساھەلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا كۈچىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا بېرىپ تۆھپە يارىتىشقا يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1]胡锦涛：在中央民族工作会议暨国务院第四次全国民族团结进步表彰大会上的讲话. 2005 年 5 月 27 日.

[2]邓小平：《邓小平文选》 第三卷、人民出版社、1993 年、第一版,第 380 页.

[3]肖鸣政.研究与规划高校人力资源开发战略〔N〕.中国教育报，2005.02.25

[4]曾湘泉.国际化背景下中国教育发展与人力资源开发〔J〕.中国人力资源开发，2004.

[5]许益锋.新时期高校人力资源管理浅析〔J〕.琼州大学学报，2002（1）.

[6]杨文明.人力资源和人事管理的关系.博天人才网，2005-03-16.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 04 ـ 040 ـ 02 (2012) 5878 ـ 1005

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ دىن قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات*

خۇرشىدە غوپۇر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئىستۇدېنتلار ئاتېئىزم تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغۇچىلار سۈپىتى بىلەن ماركسىزملىق دىن قارىشى تەربىيەسىنى توغرا قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ دىن قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم يۈزەكى قاراشلار ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**: 现代大学生应正确认识和接受马克思主义宗教观，本文主要研究新疆少数民族大学生宗教观上存在的一些问题。

**Abstract:** As recipients of atheism training, college students must be properly trained in a Marxist view of religion. This article will discuss some superficial ideas regarding religion which persist among minority students in Xinjiang's institutions of higher education.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D64	ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، ھەرخىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى. دىن مەسىلىسى خەلق ئارىسىدا تەسىرى كۈچلۈك ئىدېئولوگىيە مەسىلىسى بولۇپ، ئىستۇدېنتلار ئارىسىدىمۇ دىنىنىڭ تەسىرى قىسمەن دەرىجىدە مەۋجۇت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىستۇدېنتلارنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىگە بولغان تونۇشىدىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئىستۇدېنتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقى، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋال تېپىشى بىلەنمۇ چوڭقۇر باغلىنىشلىق، شۇڭا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي ھالىتىگە، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شىنجاڭدا 47 مىللىي تەركىب بار بولۇپ، 13 مىللەت ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىللەت كىشىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەم شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان

كۆپ ساندىكى ئىستۇدېنتلارمۇ كىچىكىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇرمۇش مۇھىتىدا شۇ خىل دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن ئىستۇدېنتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدۇ ۋە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ دېگەن تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار تولۇق چۈشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە بۇ تۈزۈمنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى مەلۇم ئاساسقا ئىگە. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيە سىياسىي دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ھەمدە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللىرىغا دۇچ كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار «دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئىستۇدېنتلار پۇقرالارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن نېمىشقا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدىكەن؟» دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىگە كىشىنى قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىش ئاسان ئەمەس، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە 2010-يىللىق مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى ــ «ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات» (10JDSZ3079) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور :خۇرشىدە غوپۇر(1983-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر، ئوقۇغۇچىلار سىياسىي-ئىدىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇھىم نۇقتىنى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا تونۇتۇش لازىم.

بىرىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز لازىم، دىن قارىشى كىشىلەرنىڭ دىن ۋە دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسى، دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراش ۋە ئىدىيەسى بولۇپ، ماركسىزملىق دىن قارىشى بولسا ماركسىزملىق پەلسەپە ئوقۇمىدىكى دىن ۋە دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئاساسىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ئۇنىڭ ئاساسى ماركس، ئېنگېلس ياراتقان دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش بولۇپ، بۇ مەنبە ماركسىزملىق دىن قارىشىنى باشقا دىن قاراشلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىل.

ماركسىزملىق پەلسەپەنىڭ قارىشىچە، دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان، تەرەققىي قىلىدىغان ۋە يوقىلىدىغان تارىخىي ھادىسە.

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەمەلىيەتتە دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى ۋە دىنىي پائالىيەت ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى تەركىبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى بىلەن دىنىي پائالىيەت ئەركىنلىكىنى بىر – بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن، دۆلەت قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىنغا ئىشىنىش بولسا ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇپ، ئۇنى ئىدىيە دائىرىسى ئىچىدىكى روھىيەت ئەركىنلىكى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ، دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 36- ماددىسىنىڭ 2- تارمىقىدىكى «ھەر قانداق دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر پۇقرالارنى دىنغا ئىشىنىشكە ياكى ئىشەنمەسلىككە زورلىماسلىقى كېرەك، دىنغا ئىشىنىدىغان ياكى ئىشەنمەيدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇنى دەل دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە قارىتىلغان بەلگىلىمىدۇر. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 36-ماددىسىنىڭ 3- تارمىقىدىكى: «دۆلىتىمىز پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق شەخسنىڭ دىنىي پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دېگەن ماددا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە قارىتىلغان بەلگىلىمە ھېسابلىنىدۇ.

دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان قانۇنىي مەنىگە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىدىيە ۋە ئىدىيەنىڭ ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشىگە دائىر ئوخشىمىغان ئوقۇملار كاتېگورىيەسىگە تەۋە مەسىلىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ئەركىن بولىدۇ، ئۇنى چەكلەشكە بولمايدۇ ياكى زورلۇق كۈچ ۋاستىسى بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ پائالىيەت روھىي پائالىيەت بولۇپ، تاشقى جەھەتتىن ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلەنمەيدۇ. باشقا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەيدۇ، كۆپلىگەن ئىستۇدېنتلار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى مۇنداق دەپ چۈشىنىدۇ: ھەرقانداق پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ئۇ دىنغا ياكى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ بولىدۇ، ئوخشاش بىر دىنىنىڭ ئۇ مەزھىپىگە ياكى بۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىشى، ئۆزى ئەركىن تاللىسا بولىدۇ، ھېچقانداق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دەل ئىدىيە جەھەتتىكى «دىنغا ئىشىنىش» ئەركىنلىكىدۇر. بۇ خىل ئەركىنلىك دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، كۆپ ساندىكى ئىستۇدېنتلار دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىمىز بولغان ئىكەن، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانساق بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يۈزەكى قاراشتۇر. ئادەتتە بىزنىڭ ئىدىيەمىزدىكى نېمىگە ئىشىنىش – ئىشەنمەسلىك شەخسنىڭ ئىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىدىيەۋى ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلەنسە

باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، قانۇن كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئېڭىنى باشقۇرالمايدۇ، لېكىن بۇ خىل ئىدىيەنى ئۆزىدە ئىپادىلىگەن ھەرىكەت، يەنى ئېتىقاد مۇراسىملىرى، دىنىي تەشكىلات پائالىيەتلىرى ۋە ھەرخىل دىن تارقىتىش شەكىللىرى ھەم شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان پائالىيەتلەر بولغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىكى دىنىي چۈشەنچە رەسمىي يوسۇندىكى دىنىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ قالىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدا باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى ھېسابلانغان دىنىي پائالىيەتلەرمۇ ھەرقانداق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئوخشاش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. تەرتىپسىزلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتا دۆلەتنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ، ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت چوقۇم قانۇننى ئۆلچەم قىلىدۇ ھەم قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەركىنلىك نىسپىي، چەكلىك ئەركىنلىكتۇر. دىن ئۆزىدە ئىپادىلىگەن تاشقى ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەرگە قانۇننىڭ ئارىلىشىشى مۇقەررەردۇر، چۈنكى قانۇننىڭ ئوبيېكتى پەقەت كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى. شۇڭا ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئاتېئىزم تەربىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان بىلىم يۇرتىدا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق باشقا ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولسا نىسپىي، چەكلىك بولغان ھوقۇق ھەم ئەركىنلىكتۇر. بىز يۇقىرىدا توختالغان كۆپلىگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ: «ئىستۇدېنتلار نېمىشقا دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ 36- ماددىسىدىكى بەلگىلىمەلەرنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئىستۇدېنتلارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش زىددىيەتلىك مەسىلە ئەمەس، ئىستۇدېنتلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدىغانلىقى ئالىي مەكتەپنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ساپلىقىنى ۋە ئىلمىيلىكىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ، ماركسىزملىق دىن قارىشىغا ئاساسلانغاندا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ئىستۇدېنتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خۇسۇسىي ئىش ئەمەس، ئەمما باشقا پۇقرالارغا نىسبەتەن خۇسۇسىي ئىش بولۇشى كېرەك.

ئىستۇدېنتلار يۈزەكى جەھەتتە پەقەت ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلگەنلىكىنى بىلىدۇ، پۇقرالار دىنغا ئىشەنسىمۇ ياكى ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەن قائىدىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنغا ئىشىنىش مەسىلىسىنى پۇقرالار ئەركىن تاللىۋالىدىغان مەسىلىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىستۇدېنتلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشى ئېنىق ئەمەس، ئۇلار پەقەت ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ قانۇندا بېرىلگەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ-يۇ، قانۇننىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە چەكلەش كۈچى بولىدىغانلىقىنى، ھوقۇق ئوبيېكتىنىڭ يەنە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيدۇ، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بىردەكلىككە ئىگە، ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ھوقۇق بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك نىسپىي بولىدۇ، دۇنيادا مۇتلەق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بولمايدۇ، ھوقۇق مەجبۇرىيەتكە نىسبەتەن، ئەركىنلىك قائىدە ـ تۈزۈمگە قارىتا ئېيتىلغان. مەجبۇرىيىتى يوق ھوقۇق، ھوقۇقسىز مەجبۇرىيەت بولمايدۇ، ھەرقانداق ھوقۇق شۇ ھوقۇق ئىگىسىنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرىدە مەلۇم ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىدەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى ئۇلارنىڭ ھوقۇقى، ئۇ ھەرىكەتنى قانۇن

دائىرىسىدىن ئاشۇرماي ئورۇنداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ مەجبۇرىيەتنى قانۇن تەلەپ قىلغان دائىرە ئىچىدە ئۆتىشى مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ ئەركىنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىستۇدېنتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويۇلماسلىقى، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ۋە ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۇرگەنلىك، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى مەكتەپ ئىچىدە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىن چەكلەش. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئۇلارنى مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، پۇقرالارنىڭ يەنە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، بۇ ئوخشاشلا قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، شۇنداقلا مەجبۇرلاشقا ۋە كەمسىتىشكە بولمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش ۋە مەكتەپلەر بىلەن دىنىي تەشكىلاتلارنى ئايرىۋېتىش، دۆلەت دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىق، دىنىي تەشكىلاتلار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئېتىقادىغا بولغان مەجبۇرلاش تۈگىتىلدى.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە سىياسىي ئەھۋالىنى توغرا چۈشىنىش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا قارىتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېنىق ھالدا : شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن كېلىدۇ دەپ كۆرسەتتى. يەنە جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋە ئامانلىقنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دۆلەت پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە زۆرۈر بولغان چەكلىمىلەرنى يۈرگۈزدى. دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى قانۇنلۇق، توغرا تۇرۇمدۇر. ئىستۇدېنتلار چوقۇم نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈشى كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكىمىز لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭ ۋە شىزاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچىيىۋاتىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ داۋامى، شۇنداقلا مۇئەييەن دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىي داھىي ياكى دىنىي خادىم سالاھىيىتى بىلەن مىللەت، دىن مەنپەئەتى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭا دىن بىلەن سىياسەتنىڭ چەك-چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك.

ئىستۇدېنتلارنى دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرى قىلىپ تەربىيەلەش سالاھىيىتى ۋە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئالىي مەكتەپلەر چوقۇم ئوقۇغۇچىلارغا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش تەربىيەسى بېرىپ، ئۇلارنى ماركسىزم ئاساسىي قائىدىلىرى، مېتودولوگىيەسى ۋە دىنىي ئېتىقاد مەسىلىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە، توغرا تەھلىل قىلىشقا، ئىلمىي پوزىتسىيە تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار


1.祁忠良:《大学生宗教信仰问题研究》,《高校思想政治教育》第四期，2008 年.

2. گوڭ شۆزىڭ: «دىن مەسىلىسى توغرىسىدا كادىرلار ئوقۇشلۇقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 -يىلى.

3.《中华人民共和国法律词典》: 2007 年，中国法制出版社.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 08 - 044 - 02 (2012) 5878 - 1005

# سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئىستۇدېنتلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا*

مۇختار ئابدۇرېھىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش ۋە باشقۇرۇش دۆلىتىمىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئومۇميىلىققا ئىگە قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى 。 ماقالىدە ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيە -سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئارقىلىق، ئۇلاردا بارلىققا كەلگەن ئالاھىدىلىك ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**摘要：**艺术专业的大学生的教育和管理问题是我国大学生工作中普遍存在的，并且难以解决的问题，本文通过进一步加强和改进艺术专业大学生的思想政治教育工作，并对他们的各种特点和问题进行分析，为提高艺术专业大学生思想政治教育工作效果提出了相应的措施。

**Abstract:** Training and managing art students is one of the difficult problems broadly faced in the administration of students in our country's institutions of higher education; this article, via strengthening and improving the ideological and political training which they receive, will analyze the special characteristics and remaining problems existing among them, and put forward a number of suggestions for increasing the effectiveness of ideological and political training.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D63    ماتېرىيال بەلگىسى: A

سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - سىياسىي تەربىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە ۋە باشقۇرۇشقا يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. «سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرماق تەس» دېيدىغان قاراش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدە ئورتاقلىشىپ قالغان سۆزگە ئايلاندى. سەنئەت تۈرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئىدىيە - سىياسىي تەربىيەنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇش ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمەتچىلىرى سەل قارىسا بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى.

## 1. سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

(1) ئۇلاردا كەسپچانلىق بىرقەدەر كۈچلۈك، ئەمما مەدەنىيەت ئاساسى بىرقەدەر ئاجىز.

يىللاردىن بۇيان سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان كەسپىي ئىمتىھاننى ئاساس قىلدى، ئۇلار كەسپىي دەرس بىلەن مەدەنىيەت دەرسىدىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق ئىمتىھانغا ئايرىم - ئايرىم قاتنىشىدۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى كەسپىي ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: مۇختار ئابدۇرېھىم (1969 - يىلى 3- ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ئالىي مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيە-سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سەنئەت تۈرى كەسپىي ئىمتىھان لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. سەنئەت تۈرى ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بېكىتكەن، شۇ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت تۈرى كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نومۇر سىزىقى ئاساس قىلىنىپ، ماتېماتىكا، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ پەن نەتىجىسىنىڭ 40% بىلەن كەسىپ نەتىجىسىنىڭ 60% گە ئاساسەن نومۇر بېكىتىلىپ، نومۇرنىڭ يۇقىرىسىدىن تارتىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئومۇمىي نومۇرى ماس كەلگەن ياكى يېقىنلاشقان بولسا، كەسىپ نەتىجىسى يۇقىرىلار ئالدىن تاللىنىدۇ. مەدەنىيەت پېنىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىپ قوبۇل قىلىنىدۇ، ماتېماتىكا نومۇر سىزىقى بېكىتىلمەيدۇ، مەدەنىيەت دەرسى بويىچە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر سىزىقى بىلەن سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر سىزىقىنى سېلىشتۇرغاندا 60 نومۇردىن 150 نومۇرغىچە پەرق بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەقىقەتەن سەنئەت تالانتىغا ئىگە، غايىلىك ئوقۇغۇچىلار. ئەمما يەنە بىر قىسمى ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئاسان بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ كەسىپنى تاللىغان، كېيىنكىلىرى سەنئەت كەسپىدىكى ئىستۇدېنتلار نىسبىتىدە بارغانسېرى زور سالماقنى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئاجىز، ئۆگىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى، جەمئىيەتتىكى رىقابەت كۈچى ئاجىز، تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى باشقا ئوخشاش يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر تۆۋەن تۇرماقتا. بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ تار بولۇشى، ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىنىڭ كەمچىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا ئۇلاردا كەسىپچانلىق بىر قەدەر كۈچلۈك بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز بولۇش ئۇلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلىگە ئايلاندى.

(2) پىكىر ـ ھېسسىياتى جانلىق، ئەمما غايە ـ ئەقىدىسى بىرقەدەر سۇس.

سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، غەربنىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەكس تەسىرلىرى تۈپەيلىدىن سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردا سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەتتا سىياسىيدىن بىزار بولىدىغان روھىي ھالەت ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتى جانلىق بولسىمۇ، لېكىن چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى يېتەرلىك ئەمەس. ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتكە ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلىدۇ، كەسپىي ماھارەت جەھەتتىكى چېنىقىشقا ئەھمىيەت بەرسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت نەزەرىيەسىگە بولۇپمۇ «ئىككى دەرس»نى ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ماركسىزملىق نەزەرىيەۋى تەربىيەلىنىش كەمچىل بولماقتا. ئۇلارنىڭ خاراكتېر، خۇلق ـ مىجەزىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا مەسىلىلەرگە قارىغاندا سەزگۈرلۈكى بىرقەدەر يۇقىرى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن قايناق ھېسسىياتقا تولغان، مول يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، ئەمما مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا رېئال مەسىلىگە ئاسانلا سەل قارايدۇ، ئاسان ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور كوللېكتىپ ھېسابلىنىدۇ. كەسپىي ماھارەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشكە سەل قارايدۇ.

(3) پىكىر ـ ھېسسىياتى مول بولسىمۇ، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى بىرقەدەر ئاجىز.

قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەمگە قويۇلغان ئورتاق تەلەپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. ھازىرقى زامان ئوقۇغۇچىلىرى دەۋر ھالقىيدىغان ئەۋلادلار بولۇپ، ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈمىدى

ۋە كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قاتتىق ئىنتىزام بولۇشى، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا نەمۇنىلىك ھالدا رىئايە قىلىشى، مەكتەپ ئىنتىزامى ۋە مەكتەپ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «ئىنتىزامچان بولغاندا ئاندىن غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىنتىزام بىلەن ئەركىنلىك قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ چوڭ دۆلىتىمىزدە قانداق قىلغاندا ئىتتىپاقلاشقىلى، تەشكىللەنگىلى بولىدۇ؟ غايىگە ۋە ئىنتىزامغا تايانغاندىلا كۈچ ـ قۇدرەت بولىدۇ». ئىنتىزام، غايە ۋە ئەقىدە ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ، قەتئىي بولغان غايە، ئەقىدە بولۇش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ئىنتىزام ئارقىلىق ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا چەكلەپ تۇرۇشى لازىم.

سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتى مول، غايەپەرەسلىك ۋە رومانتىك تۇيغۇسى مول بولۇپ، قايناق ھېسسىياتقا تولغان، ئۇلار باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ياخشى-ياماننى ئوبدان پەرق ئېتىدۇ، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، باشقىلار بىلەن ھەمىشە قىزغىن، بىۋاسىتە پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئاسانلا ئاشكارىلايدۇ، پىكىر ـ ھېسسىياتى مۇھىتنىڭ كاشىلىسىغا ئاسان ئۇچرايدۇ. سەنئەت كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، پىكىر ـ ھېسسىياتىنىڭ مول بولۇشى، ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ روشەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما قىسمەن ئوقۇغۇچىلار سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەنمىز، بىزدە تەبىئىي ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭغا چەكلىمىنى كۆپ قويۇۋەتسە ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە تەپەككۇرنىڭ جارى بولۇشىنى چەكلەپ قويىدۇ، ئىجادىيەت ئىلھامىمىزغا تەسىر يېتىدۇ، ياخشى ئەسەرلەرنى، ياخشى ئىجادىيەتلەرنى يارىتالمايمىز دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىستۇدېنتلاردا تېگىشلىك تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىق كەمچىل بولماقتا. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ئۆز مەيلىچە كېچىكىپ كېلىش، بالدۇر قايتىش، دەرس تاشلاش، ئاممىۋى تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، سىنىپ، ياتاق تازىلىقى ناچار بولۇش، كېچىسى ياتاقلىرىغا قايتماسلىق، دەرس ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىشلەپ پۇل تېپىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. بۇ ئەھۋاللار ئۇزاققىچە داۋاملاشسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈشىگە جەزمەن ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(4)ئىندىۋىدۇئاللىقى روشەن بولغىنى بىلەن ئۇلاردا كوللېكتىپىزملىق قاراش كەمچىل

كوللېكتىۋىزم ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈپ چىقىش نۇقتىسى ھەم نەتىجىلىنىش نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا كوللېكتىپ مەنپەئەت بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. ئۇ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنىڭ بىرىكىشى ھەم شەخسىي مەنپەئەتنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىدا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرىدۇ. شەخسلەر بىلەن باشقىلار، شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت، شەخسلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تۈگىتىدۇ ۋە مۇرەسسەلەشتۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ جەمئىيەتنى ئالغا قاراپ راۋاجلاندۇرىدىغان بىر خىل كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ. سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا كەسپىي دەرسلەر ئايرىم دەرس ئۆتۈش ياكى كىچىك گۇرۇپپىلار بويىچە دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىدا ئۆتۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ يەككىلىكى (ئادەتتە ئايرىم ئۆيدە پىيانىنو، ئاۋاز مەشىقى قىلىش ياكى سىزىش، ماھارەت مەشىقى قىلىش)، ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش جەريانى ۋە ئۆگىنىش ئۈنۈمىنىڭ تېخىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىنتىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلاردا ھەممىدە شەخسنىڭ ئەھمىيىتىنى چىقىش قىلىدىغان، شەخسىي ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشى، جارى بولۇشى، شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، شەخسىي قىممەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان تەپەككۇر ئادىتى ۋە ھەرىكەت

ئۇسۇلى ئاسانلا بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان، شەخسىي مەقسەت بىلەن قىممەت يۆنىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك قىلىش ئىدىيەسى تېخىمۇ ئاسان پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلارنى سېلىشتۇرغاندا سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى، ئۆزىنى ئىپادىلەش ئېڭى ۋە ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئالاھىدىلىك تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. قىسمەن ئوقۇغۇچىلار سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئىندىۋىدۇئاللىق ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، چەكلىمە بولسا بولمايدۇ، چەكلىمە بولمىغاندىلا ئىلھام قوزغىلىدۇ، ئاندىن گۈزەللىكنى يارىتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىش ئۇسۇلى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئۆگىنىش جەريانى ۋە ئۆگىنىش ئىلمىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنداق قىلىپ قىسمەن ئوقۇغۇچىلاردا كوللېكتىپلىق چۈشەنچە بىرقەدەر سۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ئومۇمىيلىق ئېڭىنىڭ كەمچىل بولۇشى، كوللېكتىپلىق روھىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە ئانچە قىزىقماسلىقى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى، كوللېكتىپ شان - شەرەپ تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، تۇرمۇش، ئۆگىنىشتە يەككە - يېگانە بولۇشقا ئامراق بولۇشى، ئەركىنپەرەسلىك خاھىشىنىڭ ئېغىر بولۇشى، شەخسىي نەپ، نام - شۆھرەتكە بېرىلىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنمەكتە.

(5) ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ. سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكت، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ، تەپەككۇر ئۇسۇلى تەتۈر يۆنىلىشلىك تەپەككۇرغا، كۆپ يۆنىلىشلىك تەپەككۇرغا ياكى چېچىلاڭغۇ تەپەككۇر يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى يىغىنچاقلىنىش، جانلىقلىق، چوڭقۇرلۇق، مۇستەقىللىق ۋە تەنقىدىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى گۇمانىي ئاساستا، ھوشيارلىق تۇيغۇسىدا تونۇشقا ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە باشلايدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كىتابلاردىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى نەق خۇلاسىلەردىن تولا چاغلاردا رازى بولمايدۇ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ سەۋەبى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە مۇستەقىل ئىزدىنىشنى خالايدۇ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ئامراق بولىدۇ، ھازىرقى مۇھاكىمىلەردىن دادىللىق بىلەن گۇمانلىنىدۇ. گۇمان ۋە بەس-مۇنازىرىگە ئامراق بولىدۇ. تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىنتىلىدۇ، تەتۈر يۆنىلىشتىكى پسىخىكىلىق ھالىتى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان خاھىش ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى، مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېختىياسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش لايىھەسى ۋە يېتەكلىشىدىن بىزار بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش كەيپىياتى ئېغىرلىشىدۇ.

## 2. سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى

سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيە - سىياسىي خىزمەت خادىملىرىدىن يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ يېڭى مېخانىزمى، يېڭى ئۇسۇلىنى ئىزدىنىپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(1)سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

نۆۋەتتە بىز سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان قىممەت قارىشىنى تىكلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىمىز، ئۇلاردا جەمئىيەتكە، دۆلەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق بىرقەدەر سۇس بولسىمۇ، ئۇلار شەخسىي مۇۋەپپەقىيىتىمىز بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىردەك بولىدۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى بەرىبىر ئۆزىنى چىقىش قىلىشتىنلا ئىبارەت، ناۋادا شەخسىي مەنپەئەت بىلەن دۆلەت مەنپەئەتى، جەمئىيەت مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالسا، شەخسىي قىممەتنى بىرىنچى ئىزدىنىدىغان قىممەت قارىشى قىلىۋالسا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ۋە دۆلەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىن ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش ئىدىيە - سىياسىي تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيەنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىگىلىگەن كەسپىي ئىقتىدارى ۋە نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ نۇقتىلىق تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقىم مەسىلىلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، ئىقىم مەسىلىلىرى، سىياسىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلاردا دۆلەت ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئۆز - ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

(2)تەربىيەلەش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش.

تەربىيە زۆرۈر بولغان سىڭدۈرۈش، مۇۋاپىق بولغان يېتەكلەش، پايدىلىق بولغان چېنىقىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىلمىي بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مەنىۋى چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئۇقۇمنىڭ بىر تۇتاش يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قېلىپىنى ۋە بۇرچىنى بىلىش، قېلىپلاشقان تەلەپ بويىچە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. ئۇ ئىدىيە - سىياسىي خىزمەتچىلىرىدىن ئوقۇغۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى، ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەك ئىچقويۇن-تاشقويۇنمۇ بولۇپ كەتمىگەن، بەك چوڭ ئارىلىق ساقلاپمۇ كەتمىگەن مۇۋاپىق مۇناسىۋەتنى ساقلاش — ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىدىيە - سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گەپ-سۆز، يۈرۈش تۇرۇشىنى كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن قېلىپلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ مۇئەييەن كەسپىي ئىقتىدار ھازىرلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىكى نوپۇزىنى تىكلىشى زۆرۈر. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنى ھۆرمەتلىگەندە ئۇنىڭغا قايىل بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايىللىقىنى، ھۆرمىتىنى قوزغىيالمىغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىمەن

دېگەن تەقدىردىمۇ ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ رېئال ۋە نازۇك مەسىلىگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تىرىشىپ ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىستىلى ياخشى، ساپاسى يۇقىرى، بىرقەدەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ۋە مول باشقۇرۇش تەجرىبىسى بار كەسپىي ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تەربىيەلەش، باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇپ، سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەربىيە بىلەن باشقۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەكتەپ ئىنتىزامى، قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىنى جەزمەن پۇختا ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىق بولۇشقا قاراپ يېتەكلەپ، بىرقەدەر كۈچلۈك ئاڭ ـ تۇيغۇغا ئىگە قىلىش كېرەك.

(3)بىر تۇتاش تەلەپ بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەڭ يولغا قويۇش كېرەك.

سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا بىر تۇتاش تەلەپ بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنى تەڭ ئورۇندا قويۇش لازىم. ئۇنىڭدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. سەنئەت كەسپىنىڭ خاراكتېرى شەخسلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق تۈسىنى نامايەن قىلىشنى بەلگىلىگەن، ئەمما بۇنىڭدا ئىندىۋىدۇئاللىق تۈس كوللېكتىپ مەنپەئەتكە سىڭدۈرۈلگەن ئىندىۋىدۇئاللىق بولۇشى لازىم، ئۇ مۇتلەق ھالەتتە بولمايدۇ، ئىدىيەۋى تەربىيە جەريانىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر تۇتاش ئىدىيەۋى تونۇشى بىلەن بىلىم ئاساسىنى يېتىلدۈرۈش، باشقۇرۇش جەريانىدا ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، كەسپىي دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆتۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقنى يېتىلدۈرۈش بىلەن تەربىيەلەشكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىر تۇتاش تەلەپ بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ يېتىلىشى بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، قايسى بىرىگە سەل قارالسا بولمايدۇ. بىر تۇتاش تەلەپ ئاساسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق جەھەتتىكى يېتىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(4)كەسپىي ماھارەتنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

سەنئەت تەربىيەسى ــ كەسپىي تەربىيە، ماھارەت تەربىيەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەشتە ئاساسىي مەشق ئىنتايىن مۇھىم. سەنئەت ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىدار، ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ سەنئەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ھالقا، دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن سەنئەت ئەمەلىيىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئىختىساسلىقلارنى يېتىلدۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. سەنئەت تەربىيەسىدە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان تەربىيە مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، سەنئەت ئەمەلىيىتى ھالقىلىرىنى پۈتكۈل ئوقۇتۇش، باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ كۆلەمدە سەنئەت ئەمەلىيىتى پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىش، ئۇلارنىڭ مەكتەپلەردىن چىقىپ جەمئىيەتنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنى يېزىلارغا بېرىپ تۇرمۇشنى ئۆگىنىشكە، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، خەلق تۇرمۇشى، خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە، ئۇنىڭدىن بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئېلىشقا، سەنئەت ئىلھامى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنى سىرتلارغا چىقىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەش، ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، جەمئىيەت ئۈچۈن گۈزەللىك يارىتىش، سەنئەت ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلار بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە سىڭىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈپ، كەسپىي جەھەتتىكى

تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

(5) ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ باياشات بولۇپ كېتىشى ناتايىن، قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى بىرقەدەر قىيىن ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ غورۇرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات ياكى نامرات ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ. بىز دۆلىتىمىزنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، سىياسەتنى توغرا، ئادىل ئىجرا قىلىپ، دۆلەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، دۆلەتلىك رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپات پۇلى، دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى، شىنجاڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئوقۇغۇچىلارغا قەرز پۇل ئېلىپ بېرىش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ئوقۇشقا ياردەم بېرىش مەبلىغى، ئوقۇش راسخوتىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ياردەم سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، قىيىنچىلىقتا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مېھىر ـ شەپقەتتىن مىننەتدار بولۇشقا، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك كىرىزىسىغا قارىتا قول سېلىپ ئىشلەپ، مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۆزىنى باشقۇرۇش، ياراملىق ئادەم بولۇش، كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، كۈچلۈك ئىرادە ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش، پىكىر ـ ھېسسىياتىنى تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە كېلىپ چىققان پسىخىكىلىق مەسىلىلەرنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچىلىكى ۋە مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى روھىي بېسىمىنى تۆگىتىشكە ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

(6)مەدەنىيەت ساپاسى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق يېتىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئىدىيە ـ سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي ساپانى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، پىكىر ـ ھېسسىياتى، تەپەككۇرىنى جانلاندۇرۇشقا، ئادىمىيلىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، خۇلقى ـ مىجەزىنى تاۋلاشقا پايدىلىق، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن كەڭ مەدەنىيەت ئاساسى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ھازىرقى سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىرقەدەر تۆۋەنرەك بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز ئادەتتىكى دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئوبدان ئۆتۈش بىلەن بىرگە يەنە «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنىمۇ چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي ئەخلاق تەربىيەسىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەشتەك تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، ئۇلارنىڭ «ئىككى دەرس»كە بولغان تونۇشىغا، قىزىقىشىغا ۋە ئۆگىنىشىنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئەخلاق ساپاسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنى، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى مول، ئىدىيە ـ سىياسىي، ئەخلاق ساپاسى يۇقىرى، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ياخشى، مۇنەۋۋەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. «ئىككى دەرس» ئوقۇتۇشىنى

ئۇزۇپ قويماسلىق، ھەر قايسى دەرس مەزمۇنلىرى ۋە ۋاقتىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ۋە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەتبىقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، تارىخىي پاكىت، تىپىك ئىشلار ۋە رېئاللىقتىكى يېڭى مەزمۇنلار ئارقىلىق «ئىككى دەرس» نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى شەرھلەش، دەرسخانا مۇزاكىرىسى، لېكسىيە سۆزلەش، سوئال ـ جاۋاب، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ئوقۇتۇشنى پىلانلىق ھالدا يولغا قويۇپ، سەنئەت كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىككى دەرس» ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى، ئاڭلىقلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

دېمەك، بۈگۈنكى دەۋردە ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىرى، باشقۇرۇش خادىملىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇۋاتىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭمۇ يېتىلىشىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ، سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار دۆلەت ۋە شەھەر ـ يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك. مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى، مەنىۋى مەدەنىي مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچنىڭ ئېشىشى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا «ئالىي مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تېرىشىپ يېتىشتۈرۈش لازىم» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ بىزدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەنئەت كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇرەككەپ خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيەت بىلەن خىزمەت ئوبيېكتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئومۇملۇقنى ھەر ۋاقىت كۆڭۈلىمىزگە پۈكۈپ، ئامما ئۇيلىغاننى ئويلاپ، تېپىلارنى تۇتۇپ، قائىدىنى ئېنىق سۆزلىشىمىز ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كۆپ قاتلاملىق بولۇۋاتىدۇ، مۇھىت شارائىتى ئوخشاش ئەمەس، ۋەزىپە ـ تەلەپلەرمۇ ئوخشىمايدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە شۇ دەۋرنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. «يۈننەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011-يىللىق 8-سان.
2. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010-يىللىق 2-سان.
3. «ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003- يىللىق ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2011-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

33-يىللىق 2-سان 2012-يىلى 6-ئاي
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
第 33 卷第 2 期 2012 年 6月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012) 02-052-10

# ھەرپ ۋە سۆزلەرنىڭ N-gram لىق تۈزۈلۈشى ھەققىدە*

ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىم[1]، نىجاد نەجمىدىن[2]، مەھمۇتجان مەمەت[1]

(1. شىنجاڭ شىنىيىڭ ئۇچۇر ئالاقە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى. 830026)

(2. شىمالىي جۇڭگو ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ. 102206)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، n-gram ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى ۋە «ئۇيغۇرئېدىت»[1] نىڭ ئىملا ئامبىرىدا قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈشى ئانالىز قىلىنىدۇ. ئانالىز بىرلىكى سۈپىتىدە ھەرپ ئاساس قىلىنىپ، سۆزنى ھاسىل قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ سان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەقسىز n-gram لىق ئانالىز قورالى Morogram ئارقىلىق ئىستاتىستىكا قىلىنىپ، n-gram ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تونۇشلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文使用 N 元语言模型，针对维吾尔语详细词典中的维吾尔语单词进行字母构成统计分析。使用 Morogram 工具，以字母为主要分析单位，对维吾尔语单词的构词特性进行研究。本文研究成果可以进一步提高我们对维吾尔语构词方法的理解，在语言学、机器翻译学、词典构建等方面具有重要的应用价值。

**Abstract:** After characteristics. This article will analyze the orthographic structure of words in the *Explanatory Dictionary of Modern Uyghur* and the spelling database of "Uyghur Edit" via the "n-gram" method. Using the free Morogram tool for n-gram analysis, the statistical characteristics of the letters making up words will be analyzed, taking the letter as basis of analysis, with the aim of deepening our n-gram knowledge.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H03　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. N-gram نىڭ تەبىرى

ھېسابلاش تىلشۇناسلىقى ۋە تەبىئىي تىلنى[2] بىر تەرەپ قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بېرىلگەن ئۇچۇر ياكى تېكىستنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەلۇم بىر بىرلىكتە پارچىلاپ بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پارچىلاش بىرلىكىمۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىشلىتىش مەقسىتى بويىچە پەرقلىق بولۇپ، ھەرپ بويىچە پارچىلاش، بوغۇم بويىچە پارچىلاش، سۆز بويىچە پارچىلاش، سۆز بىرىكمىسى بويىچە پارچىلاش، ئاددىي جۈملە بويىچە پارچىلاش قاتارلىقلارنى ئۆيلىشىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىرلىكلەرنىڭ مەلۇم قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن ئۆزىدىن چوڭ بولغان بىرلىكلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇنى ماتېماتىكىلىق قائىدە بويىچە ئىپادىلىسەك، $W = S_1S_2S_3\ldots\ Sn_{-1}\ldots\ Sn$ بولىدۇ. يەنى W نى بىر جۈملە ياكى بىر سۆز دەپ قارىساق، جۈملە بولغان ئەھۋالدا N دانە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن، سۆز بولغان ئەھۋالدا N دانە ھەرپ ياكى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر سۆزنىڭ مەلۇم كونتېكىستتە كۆرۈلۈشى شۇ سۆزنىڭ ئالدىدا كۆرۈلگەن (N-1) سۆزگە تايانغان بولىدۇ. ئۇچۇر ئىلمى ۋە ھېسابلاش تىلشۇناسلىقىدا بۇ خىل

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالەدۆلەتلىك ئېلېكترون ئۇچۇر سانائىتى تەرەققىيات مەبلىغى تۈرى «ئۇيغۇر ، قازاق، قىرغىز تىل - يېزىقى يۇمشاق دېتاللىرىنى ئېچىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش - ئۇيغۇرچە ، قازاقچە، قىرغىزچە ئاپتوماتىك تەرجىمە ۋە ئېلېكترونلۇق لۇغەت يۇمشاق دېتالى» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى .

ئاپتور: ئابدۇخېلىل ئابدۇرېھىم (1974- يىلى تۇغۇلغان). دوكتور. مورفولوگىيەلىك ئانالىز ، لۇغەتشۇناسلىق ۋە كۆپ خىل تىل - يېزىقنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قائىدە n-gram دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇم ھەرپ ياكى سۆز قوشنا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي مۇستەقىل كۆرۈلسە بۇ uni-gram دېيىلىدۇ. مەلۇم سۆز ياكى ھەرپ قوشنا سۆزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا bi-gram دېيىلىدۇ. بۇنى ئەمەلىي مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك «ياز» دېگەن پېئىلغا سول تەرەپتىن «سىپ» دېگەن رەۋىشداش قوشۇمچىسى قوشۇلسا «يېزىپ» شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. يەنى «ياز» سۆزى بىلەن «سىپ» سۆزى ئۆز ئارا نەتىجە شەرت شەكلىدە كۆرۈلگەن بولىدۇ. بۇ خىل شەرت نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. يەنى مەلۇم سۆز ئالدى ياكى كەينىدىكى ئىككى سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۇ tri-gram (ئۈچ گىرام) دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا تۆت گىرام دېيىلىدۇ. مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ گىرامنىڭ سانىمۇ ئېشىپ ماڭىدۇ.

بىز تۆۋەندە ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولغان ھەرپ سۆزلەرنىڭ n-gram لىق تۈزۈلۈشىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتەيلى.

### 1.1 ھەرپنىڭ n-gram لىق تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ ياكى فونېما بار بولۇپ، بۇ 32 ھەرپنىڭ قانۇنىيەتلىك بىرىكىشى بىلەن بىر نەچچە تۈمەن سۆزلۈك ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. تىلىمىزدىكى ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئارا بىرىكەلەيدىغان بولسىمۇ، قىسمەن ھەرپلەر ئۆز ئارا بىرىكمەيدۇ، شۇنداقلا بىرىكىش مۇناسىۋىتى كۈچلۈك تاللىنىشچانلىققا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

ھەرپلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى ngram قۇرۇلمىسى بويىچە ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. uni-gram دېگىنىمىز ھەرپلەرنىڭ مۇستەقىل كۆرۈلۈش چاستوتىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل تەتقىقاتلار خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىرگۈزۈش كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. bi-gram بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەلۇم بىر سۆزنىڭ قوشنا سۆز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى bi-gram لىق بىرىكىش سانى $32^2$ يەنى $1024 = 32 \times 32$ بولىدۇ. بۇ 1024 خىل بىرىكىش تىلىمىزدىكى ھەممە تاۋۇشلار ئۆز ئارا بىرىكەلەيدۇ دەپ قارىغاندىكى ساندۇر. ئەمدى بىز بۇ 1024 خىل بىرىكىش ئىچىدە زادى قانچىلىك بىرىكىش بىزنىڭ ئەمەلىي تىلىمىزدا ئىشلىتىلىدۇ - دېگەننى تىل ماتېرىيال ئامبىرى (Corpus) ئىشلىتىپ تەجرىبە قىلىپ باقايلى.

## 2. تەجرىبە (1)

### 2.1 تەجرىبە ماتېرىيالى

تەجرىبە ماتېرىيالى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»[3] نى ئانالىز ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدۇق. سەۋەبى تىلىمىزدىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، قېلىپلاشقان سۆزلەرنىڭ بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

توغرا بولغان ئانالىز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىزاھلىق لۇغەتتىكى سۆزلەرگە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى: ئەمزە ( ئ ) نى ئايرىم بەلگە سۈپىتىدە ئانالىز قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەمزە چىقىرىۋېتىلدى. ئادەتتە ئەمزە ئۇز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىلمايدۇ. ئۇ پەقەت سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ باش تەرىپىگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمزە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، كومپيۇتېردا ئەمزە ئايرىم بەلگە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ. ھەرپلەرنى n نىڭ بىرلىكىدە پارچىلىغان ۋاقىتتا كودنى بىرلىك قىلىپ پارچىلايدىغان بولغاچقا، ئەمزىمۇ ئايرىم پارچىلىنىپ، ئەمزە بىلەن قالدى 32 ھەرپنىڭ بىرىكىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەمزە چىقىرىۋېتىلدى.

ئىككىنچى، قوشما سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى «سىزىقچە» قۇر يۆتكەش بەلگىسىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم سۆز سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىندى.

ئۈچىنچى، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپ بىلەن كېيىنكى سۆزنىڭ بېشىدىكى ھەرپنىڭ بىرىكىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر قۇرغا بىر سۆز كىرگۈزۈلدى.

يۇقىرىقى مەشغۇلاتلار ئارقىلىق 41679 دانە سۆزلۈك ئامبىرى ھاسىل قىلىندى.

## 2.2 ئانالىز قورالى

ھەرپلەرنىڭ bi ـ gram لىق قۇرۇلمىسىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن ھەقسىز، ئوچۇق كودلۇق n ـ gram لىق ئانالىز قورالى[4] Morogram ئىشلىتىلدى.

1 ـ جەدۋەل. ھەرپلەرنىڭ bi ـ gram دىكى بىرىكىش چاستوتا ئەھۋالى

| ھەرپ | بىرىكىش سانى | يۇقىرى چاستوتا | مىسال | تۆۋەن چاستوتا | مىسال | تۆۋەن چاستوتىنىڭ سۆزلۈك مىسالى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ا | 32 | 9650 | اق | 6 | اۇ | نائۇمىد |
| ب | 26 | 1047 | با | 3 | بق | زەردابقا |
| پ | 25 | 1277 | پا | 2 | پغ | ئەپغان |
| ت | 27 | 2643 | تى | 5 | تھ | بەتھەيۋەت |
| ج | 20 | 634 | جا | 3 | جھ | مەجھۇل |
| چ | 23 | 2994 | چى | 4 | چي | چياڭزۇ |
| خ | 17 | 614 | خا | 5 | خق | شاخقا |
| د | 25 | 1884 | دا | 2 | دپ | سەدپارە |
| ز | 28 | 948 | زى | 7 | زۆ | زۆرۋر |
| ر | 30 | 2307 | رى | 10 | رژ | بۇرژۇئازىيە |
| ژ | 21 | 47 | ژى | 2 | ژد | روژدېستۋو |
| س | 26 | 3704 | سى | 4 | سگ | پانۇسگۇل |
| ش | 28 | 3032 | شم | 2 | شز | قومۇشزار |
| غ | 21 | 908 | غا | 2 | غغ | جۇغغىدە |
| ف | 12 | 125 | فى | 3 | فە | فەرد |
| ق | 28 | 2136 | قا | 3 | قۇ | ئېيىقئۇزۇمى |
| ك | 28 | 1320 | كى | 3 | كج | ئەلگەكچى |
| گ | 18 | 767 | گى | 2 | گچ | بەگچەك |
| ل | 30 | 8219 | لى | 7 | لر | كۆلرەڭ |
| م | 30 | 9942 | ما | 5 | مھ | جۇمھۇرىيەت |
| ن | 31 | 1684 | نى | 3 | نژ | ئىنژېنېر |
| و | 29 | 1189 | ور | 3 | ۋۇ | رادىوئۇزېل |
| ي | 28 | 1730 | يا | 12 | يب | شايىبىسمان |
| ى | 32 | 150 | ىا | 38 | ىئە | پاجىئە |
| ڭ | 28 | 353 | ڭل | 2 | ڭي | |
| ھ | 24 | 557 | ھا | 2 | ھي | ئەھيان |
| ۆ | 18 | 367 | ۆر | 13 | ۆد | بۆدۆنە |
| ۇ | 30 | 2722 | ۇر | 2 | ۇۇ | ئۇستىمۇئۇلۇست |
| ۈ | 21 | 1616 | ۈر | 2 | ۈھ | زۈھەل |
| ۋ | 27 | 1236 | ۋا | 2 | ۋگ | ئېۋگېنىكا |
| ې | 27 | 706 | ېر | 2 | ېژ | رېژىسسور |
| ە | 31 | 4958 | ەك | 2 | ەي | |

## 2.3 ئانالىز نەتىجىسى

ھاسىل قىلىنغان ئامبارىدىكى 41679 دانە سۆز ئانالىز قىلىندى. ئانالىز ئارقىلىق 817 خىل bi ـ gram لىق بىرىكىش سانىغا ئېرىشىلدى. بۇ سان نەزەرىيە جەھەتتىكى 1024 خىل بىرىكىش سانىدىن 207 دانە ئاز. بۇ پەرق ئارقىلىق 207 خىل بىرىكىش تىلىمىزدا ئىشلىتىلمەيدىكەن دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. ھەرپلەرنىڭ بىرىكىش ئەھۋالى 1 ـ جەدۋەلدە، تۇرگە ئايرىپ كۆرسىتىلدى. (سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن ئانالىز قىممىتىنىڭ بىر قىسمى كۆرسىتىلدى).

جەدۋەلنى ئۇڭدىن سولغا تەرتىپ بويىچە كۆرۈپ ئۆتەيلى. ھەرپ ئىستونىدىكى 32 ھەرپتۇر. ئىككىنچى ئىستونىدىكى بىرىكىش سانى ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتتىكى بىرىكىش سانى بولۇپ، «ا» ھەرپى بىلەن «ى» ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرىكەلەيدىكەن. «ن» ھەرپى بىلەن «ە» ھەرپى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 31 ھەرپ بىلەن بىرىكەلەيدىكەن. يەنى «ن» ھەرپى «ڭ» ھەرپى بىلەن «ە» ھەرپى «ژ» ھەرپى بىلەن بىرىكمەيدىكەن. قالدى ھەرپلەرنىڭ تەپسىلاتىنى 2 ـ جەدۋەلدىن پايدىلىنىڭ.

2 ـ جەدۋەل. bi ـ gram دا بىرىكمەيدىغان تاۋۇشلار

| | |
|---|---|
| ب | بغ/ بق/ بم/ بژ/ بڭ/ بۋ/ |
| ت | تج/ تغ/ تق/ تژ/ تڭ/ |
| ج | جخ/ جز/ جش/ جغ/ جف/ جق/ جك/ جپ/ جچ/ جژ/ جڭ/ |
| خ | خج/ خخ/ خد/ خز/ خغ/ خف/ خك/ خي/ خژ/ خڭ/ خگ/ خھ/ خۆ/ خۇ/ خۋ/ |
| د | دج/ دز/ دغ/ دف/ دي/ دژ/ دڭ/ |
| ر | رڭ/ رۆ/ |
| ز | زج/ زف/ زژ/ زڭ/ |
| س | سج/ سز/ سغ/ سژ/ سڭ/ سھ/ |
| ش | شق/ شژ/ شڭ/ شھ/ |
| غ | غخ/ غش/ غق/ غك/ غن/ غژ/ غڭ/ غگ/ غھ/ غۆ/ غۇ/ |
| ف | فب/ فج/ فخ/ فد/ فز/ فس/ فش/ فق/ فك/ فن/ في/ فپ/ فچ/ فژ/ فڭ/ فگ/ فھ/ فۆ/ فۇ/ فۋ/ |
| ق | قغ/ قق/ قژ/ قڭ/ |
| ك | كغ/ كق/ كژ/ كڭ/ |
| ل | لژ/ لڭ/ |
| م | مژ/ مڭ/ |
| ن | نڭ/ |
| و | وۆ/ وۇ/ وە/ |
| ي | يق/ يژ/ يڭ/ |
| پ | پج/ پز/ پق/ پژ/ پڭ/ پھ/ پۋ/ |
| چ | چج/ چد/ چز/ چش/ چغ/ چق/ چژ/ چڭ/ چھ/ |
| ژ | ژب/ ژت/ ژج/ ژخ/ ژر/ ژز/ ژس/ ژش/ ژف/ ژق/ ژك/ ژي/ ژپ/ ژڭ/ ژگ/ ژھ/ ژۆ/ ژۇ/ ژۋ/ ژە/ |
| ڭ | ڭق/ ڭژ/ ڭھ/ |
| گ | گب/ گت/ گج/ گخ/ گش/ گغ/ گف/ گق/ گي/ گپ/ گژ/ گڭ/ گگ/ گھ/ |
| ھ | ھج/ ھغ/ ھق/ ھژ/ ھڭ/ ھگ/ ھھ/ |
| ۆ | ۆا/ ۆب/ ۆخ/ ۆغ/ ۆف/ ۆق/ ۆو/ ۆى/ ۆژ/ ۆۆ/ ۆۇ/ ۆۈ/ ۆې/ ۆە/ ۆۋ/ |
| ۇ | ۇا/ |
| ۈ | ۈخ/ ۈغ/ ۈق/ ۈو/ ۈى/ ۈژ/ ۈۆ/ ۈۇ/ ۈۈ/ ۈې/ |
| ۋ | ۋت/ ۋژ/ ۋڭ/ ۋۆ/ ۋۇ/ |
| ې | ېۆ/ ېۇ/ ېۈ/ ېې/ ېە/ |
| ە | ەژ |

يۇقىرى چاستوتا ئىستونىدا بولسا، ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ بىرىكىشىدىكى ئەڭ يۇقىرى سان كۆرسىتىلگەن بولۇپ، «م» ھەرپىنىڭ بىرىكىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، «م» بىلەن «ا» 9942 قېتىم بىرىكىپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدا «م» دىن كېيىن «ا» نىڭ كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئەڭ چوڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا «اق» نىڭ، ئۈچىنچى ئورۇندا «لى» نىڭ بىرىكىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆۋەن چاستوتا ئىستونىدا بولسا، ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ بىرىكىش سانى ئاز بولغان تەرتىپ بويىچە بېرىلگەن بولۇپ، بەزى ھەرپلەرنىڭ بىرىكىشى ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن. مەسىلەن، «ا» ھەرپىدىن كېيىن «ۋ» كېلىشى ناھايىتى تۇراقلىق بولۇپ، تىل ئالدى ياسىغۇچى «نا» بىلەن ياسالغان بىر سۆز بىلەنلا چەكلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «گې» بىلەن «ەي» نىڭ بىرىكىشىگە مىسال تېپىلمىدى (تۆۋەن چاستوتىنىڭ سۆزلۈك مىسال ئىستونىغا قاراڭ). بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، تەجرىبە ماتېرىيالىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، سىزىقچىلار بىلەن بىرىككەن سۆزلەرنى ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلغان بولساقمۇ، ئەمما بىرىكمىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويۇپتۇق. بىرىكمىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر بوش ئورۇن بىلەن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئانالىز قورالى بوش ئورۇننى ئاپتوماتىك چىقىرىپ تاشلاپ، بىر قۇرنى بىر ھېسابلاش بىرلىكى سۈپىتىدە ئانالىز قىلغانلىقى ئۈچۈن بىرىكمىلەرنىڭمۇ بىرىكىش ئەھۋالى يۈز بەرگەن. يەنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك، «سۈنىڭ ئېقىشىغا»، «پېشىگە ئېسىلماق» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى «سۈنىڭ» ئاخىرىدىكى «ڭ» بىلەن «ئېقىشىغا» نىڭ بېشىدىكى «ې» ھەرپى، «پېشىگە»نىڭ ئاخىرىدىكى «ە» بىلەن «ئېسىلماق» نىڭ ئالدىدىكى «ې» ھەرپى بىرىكىپ قالغان.

ئەگەر ئىككى مۇستەقىل سۆزنىڭ سۆز ئاخىرى بىلەن سۆز بېشىنىڭ بىرىكىشىگە چەك قويۇلمىسا، ھەرپلەرنىڭ bi - gram لىق سانى 888 بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ساندىنمۇ 71 خىل بىرىكىش سانى كۆپ بولىدىكەن. بۇلارنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەھلىل قىلساق، جۈملىلەرنىڭ سۆزلەرگە ئايرىلىش چېگراسى ھەققىدە ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولامدۇ-يوق بۇنى كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قويۇپ، تۆۋەندىكى گرافىك ئارقىلىق ھەرپلەرنىڭ ئىككى ۋە ئۈچ گراملىق بىرىكىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى.




1 - رەسىم. ھەرپلەرنىڭ bi - gram ۋە tri - gram لىق بىرىكىش چاستوتا ئەھۋالى

ھەرپلەرنىڭ bi - gram ۋە tri - gram لىق بىرىكىش گرافىكى ئارقىلىق، سوزۇق تاۋۇشلاردىن «ا»، «ى» ھەرپلىرىنىڭ بىرىكىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن «م»، «ل» ھەرپلىرىنىڭ بىرىكىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشتە چوڭ پەرق بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۈچ ھەرپ يەنى tri - gram نى ئالساق، 32 ھەرپنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى بىرىكىشى 32768 خىل بولىدۇ. بۇنىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل ئارقىلىق ئېنىقلاپ باقساق، 6909 خىل بىرىكىشنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدا بار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ قىممەتلەر ئارقىلىق گرام

سانىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ نەزەرىيە جەھەتتىكى بىرىكىش سانى بىلەن ئەمەلىي ئىستېمالدىكى سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. يەنى ئىككى ھەرپ بىلەن ئۈچ ھەرپنىڭ بىرىكىشىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىككى ھەرپتە نەزەرىيە جەھەتتىكى بىرىكىش سانىنىڭ 79 پىرسەنتى ئەمەلىي ئىستېمالدا بار بولغان بولسا، 3 ھەرپتە نەزەرىيە جەھەتتىكى بىرىكىش سانىنىڭ 21 پىرسەنتى ئەمەلىي ئىستېمالدا بار ئىكەن. ئۇز ئارا بىرىكىش چاستوتىسى جەھەتتىن قارىغاندا، bi ـ gram دا بىرىكىش چاستوتىسى يۇقىرى بولغان «ا ، ى ، ە» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چاستوتىسى tri ـ gram دا بىر ئاز تۆۋەنلىگەن. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چاستوتىسىدا بولسا پەرق روشەن كۆرۈلمىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ھەرپلەرنىڭ بىرىكىشى ھەققىدە ئازراق مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈش ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

## 2. تەجرىبە (2)

### 2.1 تەجرىبە ماتېرىيالى

تەجرىبە ماتېرىيالى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى بىرىكمە سۆزلەردىن باشقا 34696 سۆزنى ئانالىز ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدۇق. بىرىكمە سۆزلەر ئاددىتتىكى سۆزلەردىن بىرىككەن بولغاچقا ئۇلار كىرگۈزۈلمىدى. ئەمزىمۇ تەجرىبە (1) دە تىلغا ئېلىنغان ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىندى. سىزىقچە بىلەن بىرىكىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ ئاددىتتىكى سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بولغاچقا، ئانالىز ئوبيېكتى قىلىنمىدى.

### 2.2 ئانالىز نەتىجىسى (2)

3 ـ جەدۋەل. سۆزلەرنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈش ئەھۋالى

| چاستوتا | سۆز تۈركۈمى | ھەرپ سانى | چاستوتا | سۆز تۈركۈمى | ھەرپ سانى | چاستوتا | سۆز تۈركۈمى | ھەرپ سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2057 | پېئىل | 11 | 2922 | ئىسىم | 5 | 1502 | سۈپەت | 8 |
| 1502 | پېئىل | 9 | 2415 | ئىسىم | 6 | 995 | سۈپەت | 6 |
| 1437 | پېئىل | 10 | 2265 | ئىسىم | 8 | 855 | سۈپەت | 7 |
| 1430 | پېئىل | 8 | 2137 | ئىسىم | 7 | 819 | سۈپەت | 5 |
| 780 | پېئىل | 12 | 1446 | ئىسىم | 9 | 786 | سۈپەت | 10 |
| 412 | پېئىل | 14 | 1131 | ئىسىم | 10 | 778 | سۈپەت | 9 |
| 410 | پېئىل | 13 | 1092 | ئىسىم | 4 | 380 | سۈپەت | 11 |
| 409 | پېئىل | 7 | 910 | ئىسىم | 11 | 177 | سۈپەت | 4 |
| 245 | پېئىل | 16 | 564 | ئىسىم | 3 | 175 | سۈپەت | 3 |
| 216 | پېئىل | 15 | 438 | ئىسىم | 12 | 166 | سۈپەت | 12 |
| 200 | پېئىل | 6 | 273 | ئىسىم | 13 | 105 | سۈپەت | 13 |
| 175 | پېئىل | 17 | 119 | ئىسىم | 14 | 44 | سۈپەت | 14 |
| 78 | پېئىل | 18 | 67 | ئىسىم | 15 | 22 | سۈپەت | 15 |
| 50 | پېئىل | 5 | 61 | ئىسىم | 2 | 14 | سۈپەت | 2 |
| 47 | پېئىل | 19 | 26 | ئىسىم | 16 | 12 | سۈپەت | 16 |
| 16 | پېئىل | 20 | 14 | ئىسىم | 17 | 6 | سۈپەت | 17 |
| 6 | پېئىل | 22 | 5 | ئىسىم | 18 | 1 | سۈپەت | 18 |
| 5 | پېئىل | 21 | 4 | ئىسىم | 19 | 1 | سۈپەت | 20 |
| 1 | پېئىل | 24 | 2 | ئىسىم | 20 | | | |
| | | | 1 | ئىسىم | 21 | | | |

جەدۋەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى «پېئىل»، «ئىسىم»، «سۈپەت» دېگەنلەر بولسا، ئۇيغۇر تىلى

ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى بويىچە تۈرگە ئايرىلغان ھالەتتىكى ھەرپلىك تۈزۈلۈش ئەھۋالى بولۇپ، جەدۋەلنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قۇرنىڭ مەنىسى بولسا، ئانالىز ئوبيېكتى قىلىنغان 34696 سۆزنىڭ ئىچىدە 11 ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىل سانىنىڭ 2057 دانە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسىملار ئىچىدە بەش ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كۆپ بولۇپ، بەش ھەرپلىك سۆزدىن 2922 سۆز بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سۈپەتلەر تۈزۈلۈشىدە بولسا، سەككىز ھەرپلىك تۈزۈلۈش شەكلىنىڭ ئەڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۆز «تىرانسكرىپسىيەلەشتۇرۇلمەك» دېگەن سۆز بولۇپ، 25 ھەرپتىن تۈزۈلگەن. سۆز تۈركۈم تەۋەلىكى پېئىلدۇر. ئىسىملارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 22 ھەرپلىك سۆز بولۇپ، «ئېلېكتىروئېنسېفالوگراما» دېگەن سۆزدۇر. سۈپەتنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 20 ھەرپلىك سۆز بولۇپ، «ئىنتېرناتسيونالىزملىق» دېگەن سۆزدۇر. بۇ ئۈچ سۆز ئوخشاشلا چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردۇر.

سەھىپە مۇناسىۋەتى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى قىسقارتىلىپ، نەتىجىسى تۆۋەندىكى گرافىكتا كۆرسىتىلدى.




2ـ رەسىم. ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈش ئەھۋالى




3ـ رەسىم. ھەرپ سانى بىلەن چاستوتىسى

گىرافىكتىكى قىممەتلەر ئارقىلىق تىلىمىزدىكى كۆپ ساندىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ 8 ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەرپ سانى كۆپ سۆزلەر سان جەھەتتىن ئاز بولۇپ، 17 ھەرپتىن باشلاپ نۆلگە قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەرپلىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن پەرق چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ كۆپ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆز «تىرانسكرىپسىيەلەشتۇرۇلمەك» نى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى n-gram لىق سانىنى ھېسابلاش توغرا كەلسە، $32^{24}$ (32نىڭ 24 دەرىجىسى) بولۇپ، غايەت زور ھەرپلەر قاتارىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىراق بۇ ھەرپلەر قاتارىنىڭ بىر پىرسەنتىمۇ ئەمەلىي مەنىگە ئىگە سۆز ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر تىلىدا 8 ھەرپلىك سۆز ئەڭ كۆپ بولۇپ، 5552 دانە سۆز بار ئىكەن. نەزەرىيە جەھەتتىن 32 ھەرپنىڭ 8 گىرامنى ھېسابلىساقمۇ 1099511627776 ھەرپلەر

بىرىكمىسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى 5552 سۆز بىلەن پىرسەنتلەشتۈرسەك، 0.001 پىرسەنتنىمۇ ئىگىلىيەلمەيدۇ.

يۇقىرىقىلار «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»نى ئاساس قىلغان ئىستاتىستىكا بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئەمەلىي تېكىستتە يەنە خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن ياسىلىپ ۋە تۈرلىنىپ كېلىدۇ. ھەر قايسى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش ۋە يېڭى سۆز ياساش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى يەنە ھەرپلىك تۈزۈلۈش بىلەن باغلاپ ئازراق مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى.

## 3. تەجرىبە (3)

### 3.1 تەجرىبە ماتېرىيالى

تېكىست ئىچىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەر خىل ژانىردىكى يازما ماتېرىيالنى توپلاپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئامبىرىنى ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا بىر قەدەر رەتلەنگەن ۋە ئاشكارا تارقىتىلغان ئۇيغۇر تىلى ئامبىرى يوق دېيەرلىك. توردىن ۋە نەشرىيات ئورگانلىرىدىن يىغىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئاپتورلۇق ھوقۇقى مەسىلىسى، ئىملانىڭ توغرىلىق مەسىلىسى شۇنداقلا تىل ئامبىرىنىڭ ھەجمى جەھەتتە خىلمۇخىل چەكلىمىلىكلەر بار. مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئانالىز ئوبيېكتى سۈپىتىدە «ئۇيغۇر ئېدىتى» نىڭ ئىملا ئامبىرىدىكى سۆزلەرنى ئانالىز ئوبيېكتى قىلىپ تاللىدۇق. بۇ يەردىكى سۆز دېگەن ئۇقۇم ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسىدىكى بوش ئورۇن بىرلىكىدىكى سۆزدۇر.

ئۇيغۇر ئېدىتتا قوللىنىلغان ئىملا ئامبىرى «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى»نى ئاساس قىلىپ تۈرلەپ ھاسىل قىلىنغان، شۇنداق تۈرلەنگەن سۆزنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدا بار ـ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئامباردۇر. شۇڭا ئىملانىڭ توغرىلىق نىسبىتى يۇقىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### 3.2 ئانالىز

ئىملا ئامبىرى ئۈچ خىل شەكىلدە ئانالىز قىلىندى.




4-رەسىم. ھەرپ سانى بىلەن چاستوتىسى

بىرىنچى، ئەمزە ۋە سىزىقچىنىمۇ ئايرىم بىر بەلگە دەپ قارالغاندىكى ئەھۋال. سۆزلۈك سانى 861201 دانە.

ئىككىنچى، ئەمزىنى ھەرپ ئەمەس، يەنى سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىر قىسمى، سىزىقچە ئايرىم ھەرپ دەپ قارالغان ئەھۋال. سۆزلۈك سانى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش 861201 دانە سۆز.

ئۈچىنچى، ئەمزىنى ھەرپ ئەمەس، جۈپ سۆزلەرنى ئايرىم سۆز ئەمەس دەپ قارالغاندىكى ئەھۋال. سۆزلۈك سانى 845269 . بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ئۈچىنچىسى ئىزاھلىق لۇغەتنى ئانالىز قىلغان ھالدىكى پرىنسىپ بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، بىز بۇ يەردە ئۈچىنچى خىل ئەھۋالنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىمىز. ئۈچىنچى خىل ئەھۋالدىكى سۆزلۈك سانى 845269 دانە بولۇپ، ئىزاھلىق لۇغەتتىكى سۆز ساندىن 24 ھەسسە ئارتۇق. ھەرپلىك تۈزۈلۈش بويىچە

كۆزىتىسەك ئەڭ ئۇزۇن سۆز 34 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. ( تەپسىلىي ئەھۋالى3ـ رەسىمدە كۆرسىتىلدى).

**3.3 كۆزىتىش(3)**

ئىملا ئامبىرىنىڭ ئانالىز نەتىجىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىملا ئامبىرىدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۆز 34 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىزاھلىق لۇغەتتىكى ئەڭ ئۇزۇن سۆزدىن 10 ھەرپ كۆپ. بۇ سۆزنى ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۆزدىن ياسالغان ياكى تۈرلەنگەن دەپ قارىساق، تىلىمىزدىكى قوشۇمچە دەپ قارىلىدىغان سۆزلەر قاتارى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ 10 ھەرپتىن ئاشمايدۇ دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە 8 ھەرپلىك سۆزلەر كۆپ بولغان بولسا، ئامباردا 10 ھەرپلىك سۆزلەر كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىقمۇ، ئىككى ياكى ئۈچ ھەرپلىك قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى بىلەن ئوخشاشلا، تۈزۈلۈش جەھەتتىن كۆپ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ تېكىست ئىچىدىكى تۈرلىنىش ۋە ياسىلىش چاستوتىسى تۆۋەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئامىللارغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. تىلىمىزدىكى كۆپ ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە، بىرىنچىدىن، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، كەسپىي خاراكتېرلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدۇر. ئىملا ئامبىرىنى ھاسىل قىلىشتا قوللىنىلغان خام ئامبارنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇشى ياكى بولمىسا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە سۆزلەرگە قارىغاندا تۈرلىنىش دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىمۇ كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزدا ئايدىڭلاشتۇرماقچىمىز.

## خۇلاسە

بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى ۋە ئۇيغۇر ئېدىتىنىڭ ئىملا ئامبىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلدى. n ـ gram مودېلى ئىستاتىستىكىلىق ۋە ئېھتىماللىق پرىنسىپى بويىچە تەبىئىي تىلنى بىر تەرەپ قىلىش ساھەسىدە ناھايىتى كەڭرى قوللىنىلىۋاتقان مودېل بولۇپ، سۆزنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار باشقا تىللارنىڭ ئىزدەش ماتورى، ئاپتوماتىك ئاۋاز بىر تەرەپ قىلىش، OCR نىڭ توغرىلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭرى قوللىنىۋاتىدۇ. سۆزنىڭ n ـ gram مودېلى بولسا، مورفولوگىيەلىك ئانالىز ، ئىزدەش ماتورى، تەرجىمە ماشىنىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق كىرگۈزگۈچ قاتارلىق ساھەلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئالگورىزم سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەرپلىك تۈزۈلۈش ئانالىزىنى يۇقىرىقى تەتقىقات يۆنىلىشلىرىگە تەتبىقلاشنى كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قويۇپ، ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئاساسلىقى n ـ gram ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئىزدىنىشلەرگە تۈرتكە بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدۇق. بۇ مەقسەتكىمۇ تۆۋەندىكىدەك كىچىك بىر ئىش تۈرتكىلىك رول ئوينىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنى خالىق نىياز ۋە مۇھەببەت قاسىملار تۈزگەن «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» نىڭ فونېملارنىڭ بىرىكىشى (137ـ بەت) ھەققىدىكى بايانلاردا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ق»، «غ» فونېمىسى بىلەن «ئۆ» فونېمىسىنىڭ بىرىكمەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. راستىنلا شۇنداقمىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا فونېملار بىرىكىشى قانداقتۇر دېگەن بىر خىل قىزىقىش بىلەن فونېملارنىڭ يەنى ھەرپلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقتۇق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ق»، «غ»، «ئۆ» فونېملىرى تىلىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق لۇغەت بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك، «غ» فونېمىسى بىلەن «ئۆ» نىڭ بىرىكىشىگە ئائىت مىسال چىقمىدى. «ق» فونېمىسى بىلەن «ئۆ» فونېمىسىنىڭ بىرىكىشىگە ئائىت «ئېيىقئۆزۆمى» دېگەن بىرىككەن ئىسىم تېپىلىپ، تۈپ سۆزلەردە بۇ خىل بىرىكىش تېپىلمىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن كومپيۇتېر خېلى ئومۇملىشىپ ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق ھۆججەتلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى زور ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان يۇقىرىقىدەك بىرىكىش مەسىلىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان بولدى. شۇنداقلا ئادەم كۈچى بىلەن ھەل قىلىش قىيىن ياكى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان بىر تىلدىكى بارلىق بەلگىلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىش ئەھۋالىنى ئېنىقلىقى بولىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر تىلى بۇ ساھەدە بىر باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇنىدىن كېيىن ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق ساھەسى بىلەن ھېسابلاش تۇسىنى ئالغان مۇشۇ خىلدىكى تەتقىقاتلار بىرىكىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، «ئۇيغۇر ئېدىت»نىڭ ئىملا ئامبىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتكەن غەيرەت توختى كەنجى ئەپەندىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

## ئىزاھلار

[1] « N_gram مودېلى» كىتا كېنجى، توكيو نەشرىياتى، 1999.11.
[2] «N_gram ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تېكىستنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى» كوندو ياسىخىرو، كوندو ميۇكى «خەنزۇ يېزىقىدىكى ئۇچۇرلانى بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى» ، 2001.10 .
[3] «N_gram ئىستاتىستىكىسىدىن پايدىلىنىپ سۆز شەكلى بىلەن ياسالما سۆزلەرنى ئانالىز قىلىش» كوندو ميۇكى «ياپون تىلى تەتقىقاتى» ، 2001.8 .
[4] http://cogsci.l.chiba-u.ac.jp/~hariri/qurallar.html.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 09 - 062 - 02 (2012) 5878 - 1005

# ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش - ھاسىل قىلىش گىراماتىكىسىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقى توغرىسىدا*

ئادىلە مۇسا

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى قوش تىل شۆبە تارمىقى، ئۈرۈمچى. 438300)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، ياردەمچى سۆزلەر، سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى، تەلەپپۇز ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، ئالماشتۇرۇش - ھاسىل قىلىش گىراماتىكىدا تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت دۈم كۆمتۈرۈلگەن دەرەخ ئىسخېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش - ھاسىل قىلىش گىراماتىكىسىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 词组中词与词之间的句法关系在传统语法中通过词尾、虚词、词序、语调来体现，在生成语法中通过倒立树状图来体现。本文通过对比传统语法的词组与生成语法的词组找出它们之间的异同点。

**Abstract:** While, according to traditional grammatical theory, the syntactic relationships between words comprising non-fixed phrases are expressed via suffixes, helping words, word placement, and pronunciation, in generative grammar these relationships are expressed via an inverted tree structure. The present article will consider the differences between the treatment of the phrase in traditional and generative grammar.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04 ماتېرىيال بەلگىسى: A

20- ئەسىرنىڭ 50-60- يىللىرى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە تىلشۇناسلىق بىلەن پسىخولوگىيەنىڭ بىرلىشىشىدىن پسىخىك تىلشۇناسلىقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئاساسلىقى تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پسىخىك پائالىيەت قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسە، مېخانىزمنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. پسىخىك تىلشۇناسلىقى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا نۇرغۇنلىغان تىلشۇناس ۋە پسىخولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. قىسقىغىنە نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا بىر قانچە قېتىملاپ ئۆزگىرىش بولدى. يەنى 50-60- يىللاردا سىنتاكسىس تەتقىقاتى، 70-80- يىللاردا سېمانتىكا تەتقىقاتى ۋە قوللىنىشچان تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى قاتارلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

پسىخىك تىلشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتىكى تەرەققىياتى چومسكىنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «سۆز ئىگىلەش ئۈسكۈنىسى» (Language acquisition device, LAD) چومسكى نەزەرىيەسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ مېڭىسىدە تۇغما «سۆز ئىگىلەش ئۈسكۈنىسى» بار، بالىلار بۇ ئومۇملاشقان گىراماتىكىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە شۇ خىل تىلنى

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 4- ئاينىڭ 9-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئادىلە مۇسا (1970-يىلى 12-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىگىلىيەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل تەتقىقات ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. ئالماشتۇرۇش- ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا ئۇ تىلشۇناسلىق ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا كومپيۇتېر ئىلمى، ھاياتلىق ئىلمى، پىسخولوگىيە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ زور تۆھپە قوشتى.

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادچىسى نوۋام چومىسكى بولۇپ، بۇ گىرامماتىكا ئېقىمى بەزىدە ئۇنىڭ نامى بىلەن «چومىسكى ئېقىمى» ياكى «چومىسكى گىرامماتىكىسى» دەپ ئاتالغان. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىغا ماس كېلىپلا قالماستىن، بەلكى مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشى مول بولغان ئالتاي تىللىرىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى ئىنسانلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ تىل پائالىيىتىنىلا تەسۋىرلەپ قالماستىن، ئادەم مېڭىسىدىكى بىلىم سىستېمىسىنى ۋە ئومۇملاشقان گىرامماتىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. چومىسكى تىل ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت گىرامماتىكىلا مەۋجۇت نەرسە دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى تىل بولماستىن، بەلكى گىرامماتىكىدۇر. ئالماشتۇرۇش- ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى فورمال لوگىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. چەكلىك بولغان فورمىلاشقان قائىدە سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ يېشىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چەكسىزلىكەن جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى مەيلى تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات مەقسىتى ياكى تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن يېپيېڭى بىر تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. تىلشۇناسلىقنى يېڭى بىر قىياپەت بىلەن دۇنياغا نامايەن قىلدى.

چومىسكىنىڭ تىل ھەققىدىكى نەزەرىيەسى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىدىن، چومىسكى ئىنسانلارنىڭ تىل پائالىيىتىنىڭ بولۇشى ئادەم مېڭىسىدە تىل مېخانىزمى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تۇغما ئورگىنىنىڭ بولغانلىقىدا دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىدىن، چومىسكى بىر ئادەم ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ۋە سۆزلەپ باقمىغان يېڭى جۈملىلەرنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە سۆزلىيەلەيدۇ. چۈنكى شۇ ئادەمنىڭ تىل ئىگىلەش ئىقتىدارى بار دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، چومىسكى تىل قائىدىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ تىلنىڭ ئەسلىدىنلا ئۆزىگە خاس قائىدىسى بولىدۇ، بۇ قائىدىلەرنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ ، بۇ قائىدىلەرنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىگىلىگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچىدىن، چومىسكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ قائىدىلىرى چەكلىك بولىدۇ، ھەر بىر تىلنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز شۇنى بايقايمىزكى، دۇنيادىكى تىللار گەرچە شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ھەرقايسى تىللار ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ چەكلىك بولغان قائىدىلەردە مەلۇم ئورتاقلىقلار بار. بۇ دەل تىلنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدۇر دەپ قارايدۇ.

بەشىنچىدىن، چومىسكى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەمنىڭ تىل مېخانىزمىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى بىلەن تىلنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى ئوخشاش بولىدۇ دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئالتىنچىدىن، چومىسكى يەنە ئادەمنىڭ تىل مېخانىزمى تونۇش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئاۋاز، مەنە، قۇرۇلما قاتارلىق ئۈچ تۈرلەرنى ساقلايدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ[1].

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنى سىنتاكسىسنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنى

سىنتاكسىستا ھەل قىلىدۇ. بۇ خىل گىرامماتىكا ئېقىمدىكىلەر ھەر بىر جۈملە بىر ئىسىم بىرىكمىسى بىلەن بىر پېئىل بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ دەپ قارايدۇ ھەم ئۇنى دۇم كۆمتۈرۈلگەن دەرەخ ئىسخېمىسى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىدا قوللىنىلىدىغان يەنە بىر ئۇسۇل يېشىش ئۇسۇلى بىلەن نەزەرىيەنى پەرەز قىلىش ۋە قايتا ـ قايتا ئىسپاتلاش ئۇسۇلىدۇر. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى ئېقىمىدىكىلەر تىلنى تەبىئىي پەن نۇقتىسىدىن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەم مېڭىسىدىكى تىل مېخانىزمىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

چومىسكى تۈرلەرگە ئايرىش بىلەنلا توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ، تۈرلەرگە ئايرىش ئاساسىدا ھەر خىل نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن بۇ نەزەرىيەلەرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئىسپاتلاش كېرەك دەپ قارايدۇ[2].

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ پرىنسىپى يېيىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، گىرامماتىكىغا ئۇيغۇن بىر جۈملە بىر ئىسىم بىرىكمىسى بىلەن بىر پېئىل بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ دېسەك، يەنى بۇ قائىدىنى S ö NP VP فورمۇلا ئارقىلىق كۆرسەتسەك، بۇ قائىدە ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلانغان بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر قانداق ئادەم مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن نۇرغۇنلىغان جۈملىلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ، مۇبادا ئەمەلىيەت بۇ قائىدىنىڭ راستتىنلا نۇرغۇنلىغان جۈملىلەرنى ئاينىتالىشىنى ئىسپاتلىسا بۇ ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ بىر قائىدىسى بولالايدۇ. بۇ يېيىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئەگەر يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىسىم بىرىكمىسى ۋە پېئىل بىرىكمىسى بىرىكىپ ھاسىل قىلغان بارلىق جۈملە ئارقىلىق S ö NP VP قائىدىسىنى يىغىنچاقلاپ چىقىمىز دېسەك، ئۇ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىلدىكى جۈملىلەر چەكسىز، ئۇلارنى يىغىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر تىل ئىشلەتكۈچىنىڭ تىل سېزىمى ۋە ھۆكۈم قىلىش كۈچىنى ئاساس قىلىپ، بۇ جۈملىنى گىرامماتىكىغا ماس كېلىدىغان جۈملە ئاساسىدا پەرەز قىلىمىز، ئاندىن بۇ پەرەز قىلغان نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئىسپاتلايمىز، ئەگەر ئەمەلىيەت بۇ پەرەز قىلغان نەزەرىيەنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالمىسا، بۇ نەزەرىيەلەرنى تاشلىۋېتىمىز ياكى تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىدا ھەر بىر نورمال سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان جۈملە ئۇنىڭ تەتقىقات ماتېرىيالى بولالايدۇ. يەرلىك دىيالېكت، جەمئىيەت دىيالېكتى ۋە كەسىپ دىيالېكتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن بىر جۈملىنىڭ گىراممatikىغا ماس ياكى ماس ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان قاراش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. چومىسكى بۇنىڭغا نىسبەتەن «تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى ئاساسلىقى ساپ بىر تىل گەۋدىسى ئىچىدىكى نورمال سۆزلىگۈچى- ئاڭلىغۇچى» دەپ قارايدۇ[3]. بۇ يەردىكى « ساپ بىر تىل گەۋدىسى»، «نورمال سۆزلىگۈچى... ئاڭلىغۇچى» دېگىنىمىز، باشقا بىر تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە نورمال سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى تەتقىقاتچىنىڭ ئۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى شۇ تەتقىقاتچىمۇ بىر تىل گەۋدىسىنىڭ ئەزاسى، مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ باشقىلار دەپ بولغان ياكى يېزىپ بولغان ماتېرىيالنى ئىزدەپ يۈرۈشى ھاجەتسىز. بۇ ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەتقىقات مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىگە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىدۇ:

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋاقىتلىق بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان يىغىندىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ[4]. سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

بىرىنچىدىن، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى لېكسىكىلىق مەنىسى، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئېنىق بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن

ئارتۇق مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق قائىدىلەر بويىچە بىرىكىشى ھەم شۇ ئارقىلىق مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىشى ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ تۈزۈلۈش ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىلىم ـ پەن مۆۋەپپەقىيەتلىرى = ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك چوققىسى؛

ئىشلەپچىقىرىش پىلانى = ئۆگىنىش پىلانى؛

ئىككىنچىدىن، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر

ئەسلىدىكى يەككە سۆزلۈك ھالىتىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدۇ، ھەر بىر سۆز ئۆز ئۇرغۇسىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ، ئاخىرقى سۆزنىڭ ئۇرغۇسى باشقا سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر

ئۆزىنىڭ ئەسلىي لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، يەنى، بىرىكمە تەركىبىدىكى ھەر بىر سۆز ئەسلى مەنە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

تۆتىنچىدىن، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئايرىم تۇرغاندا، يەككە سۆزلۈك ھالىتىدە مەۋجۇت بولىسمۇ، ئەمما بىرىكمە تەركىبىدە ئۇلار بىرەر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش نىشانى ئاستىدا، مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، بىر سۆزگە ئوخشاش رول ئويناپ، جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىدە «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى» دېگەن بىرىكمە ـ ئىگە، قالغانلىرى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، مۇشۇ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رولىنى ئوينايدۇ.

سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددىي ۋە مۇرەككەپ بىرىكمە شەكىللىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان ئادەم، ئۆلمەس ئاغرىق، ئاستا سۆزلىمەك (ئاددىي بىرىكمە)

ئەخمەتنىڭ چوڭ دادىسى، يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلى (مۇرەككەپ بىرىكمە)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىدىغان سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق باغلىنىش ئۇسۇللىرى ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە قاراپ، تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ[5]. جۈملىدە ئوخشاش بىر سىتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كېلىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئېنىقلىمايدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىمايدۇ، بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدۇ، بىر ـ بىرىنى باشقۇرمايدۇ. مەسىلەن:

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىملىرىدۇر.

ئەخمەت، ئاسىيە، تۇرغۇنلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى.

ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرى

بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپنىڭ چوڭ بېغى، يېڭى دەۋر ياشلىرى، پىشقان تاتلىق قوغۇن

تۆۋەندە مەن بېقىندى مۇناسىۋەتتە كەلگەن مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئەنئەنىۋى گىراماتىكا بىلەن ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىراماتىكىسىدا قانداق تەھلىل قىلىنىشى ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇ ماقالەمنىڭ ئاساسلىق قىسمىدۇر.

ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە تەلەپپۇزنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. تەلەپپۇز ئەنئەنىۋى گىراماتىكىدا سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاشتا مۇھىم بولغان سىنتاكسىسلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ سۆزلەر ئۆزئارا مورفېمىلارسىز ۋە ياردەمچى سۆزلەرسىز باغلانغاندا تەلەپپۇزنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

ئەگەر تەلەپپۇز ئۆزگەرتىلسە، سۆزلەر

ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

▲ ئۇزۇن چاچلىق // قىز (قىزنىڭ چېچى ئۇزۇن)

▲ ئۇزۇن // چاچلىق قىز (قىزنىڭ ئۆزى ئۇزۇن)

▲ ئىككى بالكونلۇق // ئۆي (بالكون ئىككى)

▲ ئىككى // بالكونلۇق ئۆي (بالكونلۇق ئۆيدىن ئىككىسى بار)

▲ ئىككى پاشنىلىق // ئاياغ (ئاياغنىڭ پاشنىسى ئىككى)

▲ ئىككى // پاشنىلىق ئاياغ (پاشنىلىق ئاياغدىن ئىككىسى بار)

▲ ئىككى كۆزلۈك // ئۈزۈك (ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئىككى)

▲ ئىككى // كۆزلۈك ئۈزۈك (ئۈزۈكتىن ئىككىسى بار)

▲ ئۈچ چاقلىق //ھارۋا ( ھارۋىنىڭ چاقى ئۈچ)

▲ ئۈچ //چاقلىق ھارۋا (ھارۋىدىن ئۈچى بار)

▲ تۆت قەۋەتلىك //بىنا ( بىنانىڭ قەۋەت سانى تۆت)

▲تۆت // قەۋەتلىك بىنا (بىنادىن تۆتى بار)

▲ قارا كۆزئەينەكلىك // ئادەم (ئادەمنىڭ كۆزئەينىكى قارا)

▲ قارا// كۆزئەينەكلىك ئادەم (ئادەمنىڭ رەڭگى قارا)

▲ ئىككى پۇتلۇق //ھايۋان (ھايۋاننىڭ پۇتى ئىككى)

▲ ئىككى // پۇتلۇق ھايۋان (ھايۋاندىن ئىككىسى بار)

▲ چوڭ گۈللۈك //تەخسە (تەخسىنىڭ گۈلى چوڭ)

▲ چوڭ // گۈللۈك تەخسە (تەخسىنىڭ ئۆزى چوڭ)

▲ ئىككى تۇتقۇچلۇق // كورا (كورىنىڭ تۇتقۇچى ئىككى)

▲ ئىككى // تۇتقۇچلۇق كورا (تۇتقۇچلۇق كورىدىن ئىككىسى بار)

سىنتاكسىس ئەزلىدىن ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكا ئېقىمىدىكىلەر «تىل بارلىق جۈملىلەرنىڭ يىغىندىسى، جۈملە ئۈچ يەتكۈزگۈچى ئاساسىي بىرلىك، سىنتاكسىس سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەلىمات، ئۇ يەنىلا ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارايدۇ[6] ھەم ئادەمنىڭ تىل ئورگانىزمىغا تەئەللۇق بولغان ئومومىي گىرامماتىكا قائىدىسى بىلەن تىلنىڭ ئالاھىدە قائىدىلىرىنى، يەنىلا سىنتاكسىس قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسى مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنىڭ چەك ـ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنى سىنتاكسىسنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنى سىنتاكسىستا ھەل قىلىدۇ. ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىدا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە سۆز تومۇرىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن سۆز بىرىكمىسى ۋە پۈتۈن جۈملىگە ئورتاق تەئەللۇق بولىدۇ. ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە ئورتاق تەئەللۇق بولىدۇ. پېئىلغا قوشۇلىدىغان زامان، شەخس قوشۇمچىلىرى پۈتۈن جۈملىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇ خىل سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار پۈتۈن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنىڭ ئەڭ سىرتقى قىسمىدىكى گىرامماتىكىلىق تەركىب دەپ قارىلىدۇ[7].

ئالماشتۇرۇش ـ ھاسىل قىلىش گىرامماتىكىسىدا ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنى NP، سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز AP بىرىكمىسىنى، ئىسىم سۆز تۈركۈمىنى N، سۈپەت سۆز تۈركۈمىنى A بىلەن ئىپادىلەيمىز.




ئەگەر «ئۇزۇن چاچلىق قىز» بىرىكمىسىدىكى «لىق» قوشۇمچىسى «ئۇزۇن چاچ» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «چاچ» قا قوشۇلسا، ئۇ «ئۇزۇن» دېگەن سۈپەت بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. چۈنكى سۈپەت سۈپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئىككى بالكونلۇق ئۆي» بىرىكمىسىدىكى «لۇق» قوشۇمچىسى «ئىككى بالكون» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «بالكون»غا قوشۇلسا، ئۇ «ئىككى» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. چۈنكى سۈپەت سان تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئىككى كۆزلۈك ئۈزۈك» بىرىكمىسىدىكى «لۈك» قوشۇمچىسى «ئىككى كۆز» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «كۆز» گە قوشۇلسا، ئۇ «ئىككى» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۈپەت سان تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئۈچ چاقلىق هارۋا» بىرىكمىسىدىكى «لىق» قوشۇمچىسى «ئۈچ چاق» دېگەن بىرىكمىگە

قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «چاق» قا قوشۇلسا، ئۇ «ئۈچ» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۈپەت سان تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «تۆت ئاچقۇچلۇق قۇلۇپ» بىرىكمىسىدىكى «لۇق» قوشۇمچىسى «تۆت ئاچقۇچ» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «ئاچقۇچ» قا قوشۇلسا، ئۇ «تۆت» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۈپەت سان تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئىككى پاشنىلىق ئاياغ» بىرىكمىسىدىكى «لىق» قوشۇمچىسى «ئىككى پاشنا» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «پاشنا»غا قوشۇلسا، ئۇ «ئىككى» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۈپەت سان تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «قارا كۆزئەينەكلىك ئادەم» بىرىكمىسىدىكى «لىك» قوشۇمچىسى «قارا

كۆزئەينەك» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى دېگەن سۆپەت بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. چۈنكى سۆپەت بىلەن «كۆزئەينەك» دېگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، «قارا» سۆپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «چوڭ گۈللۈك تەخسە» بىرىكمىسىدىكى «لۈك» قوشۇمچىسى

«چوڭ گۈل» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، سۆپەت بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۆپەت سۆپەت ئالدى بىلەن «گۈل» گە قوشۇلسا، ئۇ «چوڭ » دېگەن تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئىككى پۇتلۇق ھايۋان» بىرىكمىسىدىكى «لۇق» قوشۇمچىسى

«ئىككى پۇت» دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن بىرىكەلمەيدۇ.چۈنكى سۆپەت سان تەرىپىدىن بىلەن «پۇت» قا قوشۇلسا، ئۇ «ئىككى» دېگەن سان ئېنىقلانمايدۇ.




ئەگەر «ئىككى تۇتقۇچلۇق كورا» بىرىكمىسىدىكى «لۇق» قوشۇمچىسى «ئىككى تۇتقۇچ»

دېگەن بىرىكمىگە قوشۇلماي، ئالدى بىلەن «تۆتقۇچ» دېگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، ئۇ «ئىككى» دېگەن سان بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. چۈنكى سۈپەت سان تەرتىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ.

ئالماشتۇرۇش ـ هاسىل قىلىش گىراماتىكا ئېقىمى تىلشۇناسلىقتىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇ يۈكسەك تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. تىل ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر ئالماشتۇرۇش ـ هاسىل قىلىش گىراماتىكىسىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى كومپيۇتېر ساھەسىدە قوللىنىپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## ئىزاھاتلار

[1][2][3][6][7] لېتىپ توختى: «ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا ئالتاي تىللىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش-هاسىل قىلىش گىراماتىكا تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى،2001 -يىل 7 -ئاي نەشرى، 2-3، 11-، 12-، 9-، 10-بەتلىرى
[4][5] سۇلايمان سەپەر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 229-، 304-بەت

## پايدىلانمىلار

1. شۇ لىيجيۇڭ: «ئايىنىتما گىراماتىكا نەزەرىيەسى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپ نەشرىياتى، 1988-يىل 11-ئاي 1-نەشرى.
2. لېتىپ توختى: «ئالتاي تىللىرىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2002-يىللىق 6-سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2012) 02 - 071 - 03

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە*

**ئادىلە قاھار**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقال - تەمسىل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ياكى يازما ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. بۇ ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بىر قىسىم ھايۋاناتقا ئائىت سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 成语作为维吾尔民间文学的主要成分，它无论在民间文学，还是在书面文学中占非常重要的地位。本文章阐述了《突厥语大辞典》中的包含动物词语的熟语及分析了熟语在人们生活中的实际意义。

**Abstract:** As an essential constituent part of Uyghur oral folk literature, proverbs occupy a very important place in both our oral folk literature and our written literature. This article will briefly discuss the social importance of a number of proverbs found in the *Dictionary of Turkic Languages* (*Türkiy Tillar Diwani*) which incorporate words related to animals.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I277.4　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ماقال - تەمسىللەر مەيلى بۇرۇنقىلىرى بولسۇن ياكى ھازىرقىلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور بولغاچقا، قوللىنىلىش دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇ سەۋەبتىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەپ ئېلىندى) دىكى ماقال - تەمسىللەر، بولۇپمۇ ھايۋانات مىسال قىلىنىپ، كىشىلەرگە تۈرلۈك تەربىيە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ماقال - تەمسىللەر تەربىيەۋى ئەھمىيىتى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

«دىۋان»دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئوي - پىكرىنى ئىپادىلىشى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك، مەنىسى ئۆتكۈر ھەم چوڭقۇر بولۇپ، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. مۇنداق بولۇشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، مۇشۇ ماقال - تەمسىللەرگە مەنبە بولغان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى، بىر قەدەر مۇقىم بولغانلىقى ۋە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق سۈپىتىدە داۋام قىلغانلىقىدىندۇر.

قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى ھاياتلىق پائالىيىتىدە بىر قىسىم ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى كۆندۈرگەن ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغان. شۇ جەرياندا ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەر شەكىللەنگەن. «دىۋان»دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەر بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، مەيلى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى جەھەتتىن بولسۇن، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم

---

* بۇ ماقالە 2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئادىلە قاھار (1985 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان) جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى.

ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ باشقا ماقال - تەمسىللەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ھايۋانلار ھەققىدىكى تونۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھايۋانلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى، ھەرىكەتلىرى ئىنسانلارنىڭ مىجەز - خۇلقى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە سىمۋول قىلىنغان. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ماقال - تەمسىللەردە ۋاپادارلىق، ئەمگەكچانلىق، سەممىي - سادىقلىق، راستچىللىق، ئىناقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەر مەدھىيەلەنگەن. ساختىلىق، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، پۇرسەتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك، ساتقىنلىق قاتارلىق يامان ئىدىيە، ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، كىشىلەرنى ئۇيۇم - ئىناق ئۆتۈش، توپلىشىپ ياشاشنى ئەۋزەل كۆرۈش، شەخسىيەتچى بولماسلىق تەربىيەسىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

مەسىلەن: Yalŋus qaz ötmäs

يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس («دىۋان»، تېكىست 975-بەت).

بۇ تەمسىلدە يالغۇز بىر ئادەمنىڭ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت تۈپىنى شەكىللەندۈرەلمەيدىغانلىقى، شەخسىيەتچىلىك، ئايرىمچىلىق بىلەن توپ بولمايدىغانلىقى، باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن ئىشلارنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. تۆۋەندىكى ماقالدىمۇ ئوخشاش ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

Arpasïz at axumas arqasïz alp čärik sïyumas

ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس. («دىۋان»، تېكىست 104-بەت).

ئىككىنچى، يول باشچىلارنى، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئەزىزلەپ ئۇلاردىن ئۆگىنىش، باتۇر ۋە چىدامچان بولۇشقا چاقىرىدىغان ماقال - تەمسىللەر.

Qalïn qaz qulawuzsuz bolmas

غاز تۈپى باشلامچىسىز بولماس. («دىۋان»، تېكىست 369-بەت).

بۇ تەمسىل ھەممە ئىشتا ئۆزىگە قارىغاندا يول بىلىدىغان كىشىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلغان بولۇپ، ئىنسانلار توپى يەنى بىر مىللەت، بىر جامائەتمۇ ئەگەر رەھبەرسىز، باشلامچىسىز بولۇپ قالسا بۇ توپنىڭ چېچىلىپ كېتىدىغانلىقى، بىر توپ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش، مۇھىت ۋە شارائىتقا سەل قارىماسلىق، ھەر ئىشتا ئالدىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈشكە دائىر ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

Yazïdaqï süvlin äžärgäli ävdäki taqağu ïqğïnma

قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما. («دىۋان»، تېكىست 339-بەت).

بۇ تەمسىلدە يوق نەرسىنى دەپ، قولدىكى نەرسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالماسلىققا چاقىرىلغان.

Qarğa qazqa ötkünsä putï sïnur

قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار. («دىۋان»، تېكىست 86-بەت).

بۇنىڭدا كىشىنى ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلغان.

Tolun anutsa qulun bolur tolun unutsa bulun bolur

قورال تەييارلىسا، قۇلۇنلۇق بولۇر، قورالنى ئۇنتۇسا، تۇتقۇن بولۇر. («دىۋان»، تېكىست 170-بەت).

بۇ ماقالدا ھەر ئىشتا ئالدىن تەييالىق كۆرۈش لازىملىقى ئېيتىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجادچانلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش تەشەببۇس قىلىنىپ، بىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەشكە دائىر ماقال-تەمسىللەر. مەسىلەن:

Oğlaq yiliksiz oğlan biliksiz

ئوغلاق يىلىكسىز، بالا بىلىمسىز. («دىۋان»،

تېكىست 101-بەت).

يىلىكسىز ئوغلاق بولمىغاندەك، ئادەم بالىسى بىلىمسىز قالسا بولمايدۇ. بۇ ئارقىلىق بىلىمنىڭ ئىنسانلارغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

Alïn arslan tutar küčin uyuq tutmas

ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس. («دىۋان»، تېكىست 72-بەت).

بۇ تەمسىلدە كىشىلەر ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش، قارامىلىق قىلماسلىققا ئۈندىلىپ، بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇلۇغلانغان.

بەشىنچى، كىشىلەرنى ئەقىدىلىك ياشاش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئۈمىدسىزلەنمەسلىككە دەۋەت قىلىش ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

Ït ïsïrmas at täpmäs temä

ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە. («دىۋان»، تېكىست 146-بەت).

ئۇلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق، شۇڭا ئەمەلىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈش كېرەكلىكى ئېيتىلغان.

Qorqmïx kixigä qoy baxï qox körünür

قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر. («دىۋان»، تېكىست 784-بەت).

بۇ ماقالنىڭ ھازىرقى ۋارىيانتى «قورققانغان قوش كۆرۈنۈپتۇ» بولۇپ، قورقۇنچاق كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان، كىشىلەرنى جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن.

ئالتىنچى، كىشىلەرنى ئەمگەكنى سۆيۈش، ھەر قانداق ئىشتا ئەستايىدىل، پۇختا بولۇش، ھورۇن بولماسلىققا ئۈندەيدىغان ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

Tävä silkinsä äxäkkä yük čïqar

تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار. («دىۋان»، تېكىست 591-بەت).

بۇ تەمسىل كىشىلەرنى كىچىك ئىشنى تاشلاپ، چوڭ ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

Toqum yüzüp qudruqta pičäq sïma

مالنى سويۇپ قۇيرۇقىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويما. («دىۋان»، تېكىست 360-بەت).

بۇ ماقالدا باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە ئەستايىدىل پۈتتۈرۈش لازىملىقى ئېيتىلغان.

قىسقىسى، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ تۈرى خىلمۇخىل، مەزمۇنغا ناھايىتى باي بولۇپ، ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۈردىكى ماقال - تەمسىللەر ئىپادىلىگەن ئەقىل - پاراسەت، ئادىمىلىك، بىلىم ئۆگىنىش، ئەخلاق - پەزىلەت، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايات سىرلىرى، ھايات ھېكمەتلىرى، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۆگىنىشىمىزنى، تەتقىق قىلىپ ۋارىسلىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## ئىزاھلار

[1] «دىۋان»، تېكىست—مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تېكىست) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى يېڭى نەشرىنى كۆرسىتىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تېكىست، ئىندېكىس) [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل يېڭى نەشرى.
2. شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلىغان: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008.
3. شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن: «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010.
4. بايمەتھاجى راخمان: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ئەدەبىي مىراسلار» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998.
5. ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر توغرىسىدا» [J]، تىل ۋە تەرجىمە، 1994-يىللىق 4-سان.
6. 邓浩：《从突厥语大辞典看喀喇汗王朝的物质文化》[J]，西北史地 1996 年第四期。

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 15-074-02 (2012) 5878-1005

# خەلق ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى*

ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008 )

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئىنسانلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان، ئاندىن مەنىۋىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەنگەن، كۆڭۈل ئېچىش فولكلورى دەل مۇشۇ مەقسەتتە پەيدا بولغان ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت پائالىيىتىدۇر. لېكىن بۇ نوقۇل ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىشلا بولماستىن، ئۇنىڭغا يەنە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈرلۈك ئىدىيە ھېسسىياتى، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن پوزىتسىيەسى ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى قاتارلىق ئامىللار سىڭدۈرۈلۈپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان.

**摘要：** 人类首先具备了物质生存的保障，然后去探索精神上的需求，游艺民俗正是人类这种目的而产生的传统文化娱乐活动。但它不仅仅是纯粹的为了娱乐而娱乐的活动，其中还包含着劳动人民各种思想感情、对自然与社会的看法、对生活的热情态度以及乐观精神等因素，演变成人民生活不可缺少的重要内容之一。

**Abstract:** Humans first secured their material existence, and then began searching for ways to satisfy their spiritual needs; recreational folklore is a form of traditional culture which arose to meet precisely this need. However, this phenomenon consists not only of recreation; indeed, the working people's beliefs and feelings, their beliefs about nature and society, their enthusiastic attitude toward life, their optimistic spirit, and various other factors are intertwined with recreational folklore, making it a part of life which the people can't do without.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەلق ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك فولكلور ئالاھىدىلىكى (ئىجتىمائىي قىممەت) گە ئىگە بولغانلىرى ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرى، كۈچ سىنىشىش، ماھارەت خاراكتېرىدىكى بەسلىشىش پائالىيەتلىرى ۋە خەلق ئويۇنلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. فولكلورنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي روللىرىنىڭ بىرى كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش نۇرغۇنلىغان فولكلور ھادىسىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. مەلۇم مەنىدە فولكلور ھادىسىلىرى كۆڭۈل ئېچىش رولىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنى مۇناسىپ ھالدىكى فولكلور ھادىسىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىگە قارىتا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

## 1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پائالىيەتلىرى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئەدەبىيات، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆڭۈل ئېچىش رولىغا ئىگە بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى ئالاھىدە شارائىتتا نىسبەتەن ئەستايىدىل، ئىنچىكە قاراتمىلىق

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 3- ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتور:** ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (1957 - يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، ئادەتتە كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ خەلق ئاممىسى ياشاۋاتقان ئاشۇ تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۆز تۇرمۇش تۇپرىقىدىن ئاپىرىدە قىلغان، پەردازلانمىغان، يەرلىك پۇراققا باي، ئاممىباب، گۈزەل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ئۇنى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە قىلغان.

داستان - قىسسە، ھېكايە، لەتىپىلەرنى سۆزلەش سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەركىب تېپىپ، سۆزلىگەننى ئاڭلاش ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلىش (داۋاملاشتۇرۇش) مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. بۇ ھال ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنىڭ توپلىنىشىغا ئاساس بولغان. سۆزلىگۈچى (تارقاتقۇچى) ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش جەريانىغا تەربىيەنى سىڭدۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارغا ئەخلاق ۋە ئېتىقاد تەربىيەسى بېرىدۇ.

ناخشا - قوشاقلارنى تارقىتىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. قوشاقچىلار نەق مەيدان ئىجادكارلىرى بولۇپ، شۇ چاغدىكى كەيپىيات ۋە مەنزىرىگە ئاساسەن شەخسنىڭ ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر جاينىڭ ناخشا - قوشاق ئېيتىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەۋرلەردىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا - قوشاقلار ۋارىسلىق قىلىنىش داۋامىدا قوشاقلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئورۇنلاش جەھەتتە ھەر خىل تەرتىپلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توي - مەرىكە قوشاقلىرىغا قارايدىغان بولساق، قىزنى ئۇزىتىش ئاخشىمى ئېيتىلىدىغان «يار - يار»، («يولەن ناخشىسى»)، قىز تەرەپكە بارغاندا ئېيتىلىدىغان «چۈن - چۈن سالۋات»، ئۇسسۇللۇق ناخشىلاردىن «ئاللايەي، ئاللايەي»، «ئايەي»، «يار سەنەم» ۋە « لەپەر كېچىسى» (قىز ئاخشىمى) دا ئېيتىلىدىغان ناخشا - قوشاقلار، شۇنداقلا «چىمچاچاق» قاتارلىقلار توي مۇراسىمى ناخشا-قوشاقلىرى گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن، ھەر بىر گۇرۇپپا يەنە نۇرغۇن ناخشا - قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ قوشاقلىرى مول تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ يومۇرىستىك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. خەلق قوشاقلىرىنى ئەدەبىيات ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ پاساھىتى كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ؛ فولكلور نۇقتىسىدىن قوشاقلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەمەلىي قوللىنىلىش ئەھۋالى، تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىشى، قوشاقلاردىكى ھېسسىيات ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىدۇ. دولان مەشرەپلىرىنىڭ «چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنى» دا مۇنداق بىر ئېيتىشىش بار:

يىگىت:

خېنىم، خېنىم، جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ بولسۇن،
ئاشىقمەن، خۇما خېنىم.
كۆز تەگمىسۇن جۇما خېنىم،
ئىسىۋېلىڭ تۇما خېنىم.
جامالىڭنى ياپما خېنىم،
شامال بولۇپ قاچما خېنىم.
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
ماموق قىلىپ ياتاي خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي خېنىم.
كۆك مۇز بولۇپ قاتساڭ خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم،

بېلىق بولۇپ ئۈيناي خېنىم،
چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سوقاي خېنىم.
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئوينىاي خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم،
خۇش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

قىز:

يىگىت ـ يىگىت جانان يىگىت،
بىيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ يىگىت.
خەلقئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
مەنمۇ كۆيۈك خۇما يىگىت.

جانغا جان داۋا يىگىت،
ئېسىۋالسام تۇما يىگىت.
تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت،
قىسىۋالسام بىر گۈل يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت،
مانا چىنە تەزىم يىگىت.

يۇقىرىقى قوشاقلاردىن ناھايىتى كۈچلۈك كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قوشاقتا ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي ئاتالغۇ «ئوتتۇز ئوغۇل» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «ئوتتۇز» نوقۇل سانلىق سان «30» بولماستىن بەلكى كۆپلۈكنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭغا «توققۇز قىز» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، «كۆپچىلىك، جامائەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قوشاقتىكى «شامال، قار، يامغۇر، مۇز، دەريا، قۇملۇق، چېچەك، چىمەن» سۆزلىرى كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا خەلقنىڭ ياشاش شارائىتى ئىپادىلەنگەن؛ ئۈچىنچىدىن، «كۆز تەگمىسۇن جۇما خېنىم، ئېسىۋېلىنىڭ تۇما خېنىم، جامالىڭنى ياپما خېنىم...» قاتارلىق ئىبارىلەر خەلقنىڭ ئېتىقادى ۋە پسىخىكىسىدىن بېشارەت بېرىدۇ ؛ تۆتىنچىدىن،

«چىراغ، پىلىك، ئالتۇن، زەرگەر» دېگەن سۆزلەر خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك نەرسىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ. تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنىڭدا خەلق تىلىنىڭ بەدىئىي قۇدرىتى زور دەرىجىدە نامايەن قىلىنغان بولۇپ، قوشاقلاردا ئىپادىلەنگىنى خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدۇر.

خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلىق چوڭ تىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتىكى قىممەتلىك ئاغزاكى مىراستۇر. بۇنىڭدا شېئىرىيەت ئاساسىي گەۋدە بولۇپ، نەسرىي بايانلارغىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بېرىلىدۇ. نەزمىي بايان بىلەن نەسرىي بايانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بولىدۇ. يەنى، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى، ۋەقە ئېپىزوتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرى نەسرىي يول بىلەن قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىچكى دۇنيا پائالىيەتلىرى نەزمىي يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، داستان نەزمىلىرى 7-8 ۋە 11 بوغۇملۇق شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ۋەزىن، تۇراقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىسرا تۈزۈلۈشى ۋە قاپىيەلىنىش سىستېمىسى جەھەتلەردىن خاسلىققا ئىگە قىلىنغان. 7-8 بوغۇملۇق ۋەزىن ئادەتتە داستان ۋەقەلىرىنىڭ جەڭ ـ ماجىرا، قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىق سەپىرى، جەڭ مەنزىرىلىرى، قىزلارنىڭ سەيلىگاھلاردا يۈرۈشلىرى، خەۋەر، چاقىرىقلار، بەزمە يىغىلىشلار تەسۋىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇنداق ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ مۇزىكىلىق رىتىمى ئۇرۇش ـ جەڭ پائالىيەتلىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، ئاساسەن تېزلىكنى بىلدۈرىدۇ، ۋەقە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشقا باب كېلىدۇ. 11 بوغۇملۇق ۋەزىندىكى شېئىرلار ھەرىكەتنىڭ نورمال تەكشىلىكنى، ئىنسان ھېس - تۇيغۇسىنىڭ قانۇنىيەتلىك رىتىمىنى ئىپادىلەيدۇ.

تېپىشماق ۋە تېپىشماق تېپىش پائالىيىتىمۇ روشەن ۋارىسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، چوڭلارنىڭ زېھنىنى سىناش

رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تېپىشماق تېپىش پائالىيىتى بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، لەتىپە -مەسەللەرنى سۆزلەشتە سۆزلىگۈچىنىڭ چىراي ئىپادىسى، مونولوگى، دوراش سەنئىتى، قىستۇرما شېئىر ـ قوشاقلار ۋە قول ھەرىكىتى قاتارلىقلار ياندىشتۇرۇلىدۇ. ئاۋاز، ئاھاڭ، رىتىم، قاپىيە ۋە چىراي ئىپادىلىرى ئورۇنلاشتىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. فولكلور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئاساس قىلىپ، ھېكايە سۆزلىگۈچىلەر ۋە ناخشىچىلارنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئورۇنلاش جەريانىدا تۈرلۈك شەكىللەردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىدۇ. ئاڭلىغۇچى، تاماشىبىننىڭ ھەر خىل پسىخىك ھالىتى (خۇشال بولۇش، خاپا بولۇش...) نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۆڭۈل ئېچىش شەكلى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 2. ناخشا ـ ئۇسسۇل پائالىيەتلىرى

بۇ مەخسۇس مۇزىكىلىق ئۇسسۇل ياكى ناخشا۔ ئۇسسۇللۇق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن كۆڭۈل ئېچىش خەلقنىڭ فولكلور تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلق ئارىسىدىكى مۇنداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ ئادەم، سورۇن، ۋاقىت چەكلىمىسى بولمايدۇ. بۇلار ئاساسەن قەدىمكى نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، خۇراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان، يەنە بەزىلىرى قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. مەسىلەن: دولان ئۇسسۇللىرى بىر قېتىملىق جىددى ئەمگەك (ئوۋ) جەريانىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىسىدۇر.

ساما ئۇسسۇلى خۇشاللىقنى مەزمۇن قىلغان بىر خىل ئاممىۋى ئۇسسۇل. ساما ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئۇسسۇللىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئەڭ زور كوللېكتىپچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئوينىلىدۇ، مەردانىلىك ۋە باتۇرلۇقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ تارىخىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمكى كوللېكتىپ ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدە غەلىبىنى، خۇشاللىقنى تەبرىكلەش مەزمۇنىغا ئىگە.

«ساما» سۆزىنىڭ «ئاسمان، كۆك» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇشىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇنىڭ قايسى تارىخىي ئەنئەنىگە باغلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ساما ئۇسسۇلى شىنجاڭدىن ئىبارەت ناخشا۔ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھېيت ـ بايراملارنى تەبرىكلەيدىغان خۇشاللىق پائالىيىتىنىڭ مۇھىم فولكلورلۇق مۇزمۇنىغا ئايلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە «شادىيانە» قاتارلىق نۇرغۇن ئۇسسۇللار بار. ئۇلار خەلقنىڭ ئەمگەك ۋە ئەمگەك مېۋىلىرىنى سۆيۈش، مول ھوسۇل خۇشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتەك ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ئۆز ئالدىغا مۇزىكا ـ ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەپەككۇرغا باي ئەجدادلىرىمىز توقۇمىچى ئۇستىكارلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان «توقۇمچىلىق ئۇسسۇلى» ؛ مول ھوسۇلغا سىمۋول قىلىنغان «مايسا ئۇسسۇلى»، «يىپەكچىلىك ئۇسسۇلى»، «كېۋەز تېرىش ئۇسسۇلى»؛ خەلق تۇرمۇشىنىڭ مەمۇرچىلىقىنى ئىپادە قىلىدىغان «چىنە ـ تەخسە ئۇسسۇلى»، «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، «قوش چىنە ئۇسسۇلى»، «تاماق ئېتىش ئۇسسۇلى» قاتارلىق نەپىس ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، ماددى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ھايۋانلارنىڭ نىقابىنى كىيىپ ياكى ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد قىلىپ ئوينايدىغان نىقابلىق ئۇسسۇللارمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار «توخۇ ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»،

«كەپتەر ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە بەزى ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۇسسۇللار قەدىمكى توتېم ئېتىقادىدىن قالغان بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائىي تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە. كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان، كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان بۇ ئۇسسۇللارغا ئالاھىدە سەھنە راسلاش ھاجەتسىز، مەخسۇس گىرىم قىلىش، ياسىنىشمۇ كەتمەيدۇ، ئۇلاردا خەلق ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى تولۇق نامايەن قىلىنغان.

مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىشمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ناخشا ـ ئۇسسۇل پائالىيىتى مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى چالغۇلارنىڭ تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، دۇمباقنىڭ تارىخى 3000 يىلدىن كەم ئەمەس. «ئۇيغۇر چالغۇلىرى» دېگەن كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن 46 نىڭ نامى خاتىرىلەنگەن، ھەمدە چالغۇلارنىڭ ياسىلىشى، تۈزۈلۈشى، شەكلى قاتارلىقلار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان چالغۇلىرىمىز 30 خىلدىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلار يەللىك (پۈۋلەپ چالىدىغان) چالغۇلار 6 تۈرلۈك؛ چېكىپ چالىدىغان چالغۇلار 13 تۈرلۈك؛ كامانچىلىق چالغۇلار 7 تۈرلۈك؛ سوقما چالغۇلار 8 تۈرلۈك دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇلارغا ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، يوقالغان ياكى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن قەدىمكى زامان چالغۇلىرىمىزنى قوشۇپ ھېسابلىساق، تارىختا ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن چالغۇلار 70 خىلدىن ئاشىدۇ. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر قەدىمكى زامان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇزىكا بار يەردە ناخشا بار. ھەر قايسى جايلارنىڭ كۈچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە كۈيلىرى ۋە خەلق ئاھاڭلىرىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىجاد قىلىنغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى بۇ جەھەتتىكى تىپىك ئۈلگىدۇر. خەلق ئاھاڭلىرىدىكى ئازادىلىك؛ جەزبىدارلىق؛ شوخ لىرىكا؛ مۇڭ ۋە ئۈمىدۋارلىق؛ شۇنداقلا ئۆزگىچە يەرلىك پۇراق قاتارلىق بىر ـ بىرىدىن ئۆز، جەلپكارلىق كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، چاڭقىغان كۆڭۈللەرگە ئارام بېرىدۇ. بۇ كۈيلەر خەلقتەك ساددا، سەممىي بولۇپ، بەزىدە تەكلىماكاندەك ۋەزمىن بولسا، بەزىدە تارىم دەرياسىدەك دولقۇنلايدۇ. قىسقىسى، «12مۇقام» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئۆزلۈكسىز كۈيلەر ۋە « تۆگىمەس ناخشا » لار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇزىكىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، قوياشتەك پارلاق، ئايدەك مەسۇم، زېمىندەك مۇقەددەس، خانتەڭرىدەك ھەيۋەت، ئانىلاردەك مېھرىبان، ئاتىلاردەك مەردانىلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئادەمنى ئۈمىدۋار قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. شۇنداقلا بۇ كۈيلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئىنتايىن جەلپكار كۆڭۈل ئېچىش فولكلورىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 3. كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى

بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئاساسەن بالىلار ئارىسىغا ئومۇملاشقان، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى چوڭلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى ئويۇنلار تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ماھارەت كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان. بۇنداق ئويۇنلارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) تۇرمۇش تەقلىدىي ئويۇنلىرى

تۇرمۇش تەقلىدىي ئويۇنلىرى بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى دوراپ ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇندا قىز بالىلار ئاساس قىلىنىدۇ، بالىلار ئانا، دادا، ئاچا ـ ئاكىلارنىڭ رولىنى ئېلىپ، چوڭلارنى دوراپ ئۆي تۇتۇپ، «ئەر ـ خوتۇن» بالىلىق بولۇپ، «ئائىلە» ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بالىلار ئۆزلىرى ئويناۋاتقان بۇ ئويۇننى بېرىلىپ ئويناپ، راستتەك ئىپادە قىلىدۇ، ئويۇن

مەزمۇنىنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئادەم سانىغا چەك قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭدا ئويۇنغا مۇناسىۋەتلىك ئويۇنچۇقلار، «ئانا» لارنىڭ قونچاق باللىرى بولىدۇ، «ئانا» لار «بالا» لىرىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئۇخلىتىش ھەرىكەتلىرىنى، ياكى كۆكتات توغراپ، تاماق ئېتىش ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلايدۇ. بۇ ئويۇننى باللار ئادەتتە ئۆزلۈكىدىن ئويناپ، چوڭلاردىن تۇرمۇش ئۆگىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ باللارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان بىر خىل ئاڭسىز ئىرسىيەتلىك تەييارلىقىدىن ئىبارەت.

2) ھويلا - ئارامالار ئەتراپىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار

بۇ باللارنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھويلا-ئارامالارنىڭ ئەتراپىدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۆكۈشمەك، قارا - قارا قۇشلارىم، چامغۇر يۇلۇش، تەپكۈچ ئويناش، پاپۇز ئويۇنى، ئانچۇق (ۋاللەي) دېگەنگە ئوخشاش ئويۇنلارنى باللار كوللېكتىپ ئوينايدۇ، باللار ئويۇنلىرى كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىسىمۇ لېكىن ناھايىتى زور دەرىجىدە بەسلىشىش، ماھارەت كۆرسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان، بۇ ئويۇنلار يەنە پەسىل خاراكتېرلىك بولىدۇ.

3) ئەقلىي ئىقتىدار ئويۇنلىرى

بۇ باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئويۇنلار بولۇپ، ئاساسلىقى تېپىشماق تېپىش قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تاقمۇ - جۈپمۇ»، «ئەسسالام قوشماق ئاداش» قا ئوخشاش شەكىللىرىمۇ بار. قىسقىسى، ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئويۇنلارنىڭ تۈرلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ كۆڭۈل ئېچىش فولكلورى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

باللار يەنە ئۆز قىزىقىشى بويىچە ئويۇن تاللاپ، ئۆز ئالدىغا ئوينايدۇ. مەسىلەن، قۇرۇق سېغىز پارچىسىدىن تىراكتور، ماشىنىلارنىڭ چاقىنى ياساش، قوناق شېخىدىن تارىلىق چالغۇ ياساش، سېرىق سۆگەت چىۋىقلىرىدىن بالىمان، ئىسقىرت ياساش، قەغەزدىن كەپتەر، ئايروپىلان ياساش، دوپپا، قالپاق قاتلاپ ئويناش دېگەنگە ئوخشاش ئويۇنلار باللارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى ئىجادكارلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئويۇن تۈرىدىكى فولكلور پائالىيەتلىرى ئاساسەن باللار ۋە ياشلار ئارىسىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باللارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ئويۇنلارنى باللار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان، ئويۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى بەسلىشىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، باللارنى دوستلۇققا، ئۆملۈككە دەۋەت قىلىدۇ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئويۇنلار ئۆزىنىڭ كەسكىن، جىددىيلىكى ۋە قاتتىق تەرتىپ - ئىنتىزامى بىلەن باللارنى روھلاندۇرۇپ، ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ، ھەر خىل مەشغۇلاتلارغا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنداقلا ئويۇن جەريانىدا سادىر بولغان مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، دوستلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرۇش، كوللېكتىپنى سۆيۈش روھى بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ياشلار- ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. ئويۇنلار ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىق، گۈزەللىك روھى بىلەن تەربىيەلىگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنى ئىلىم - پەن ئىدىيەسى بىلەنمۇ تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئويۇنلارنى قىز - ئوغۇللار بىرگە ئوينىغاندىن باشقا، بىر قىسىم ئويۇنلاردا روشەن جىنسىي پەرق بولىدۇ. قىزلار ئاساسەن چاققانلىق ۋە زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، ئوغۇل باللار كۆپرەك جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. بۇ ھادىسىنى جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇ تارىختىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

4) روھنى ئۇرغۇتۇپ، كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئويۇنلىرى

دولان مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان «دەرە

ئويۇنى»، «چىنەگۈل ئويۇنى» قاتارلىقلار بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك ئويۇنلاردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەشرەپلەردىكى «جازا» ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «توپۇق ئويناش» ئالاھىدە مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بۇ كىشىلەردىن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا سەزگۈر بولۇشنى، ھوشيار تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان روھلاندۇرۇش ئۈنۈمى ناھايىتى زور. «توپۇق ئويۇنى» شەرتى ئېغىر، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، مۇددىتى ئۇزۇن، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، دوستلۇقنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئۇنتۇلماس، ساداقەتمەن بولۇشىنى سىنايدىغان ئويۇندۇر.

توپۇق ئويۇننى ئادەتتە ئىككى كىشى ئوينايدۇ. ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق: A تەرەپ B تەرەپكە پاكىزلانغان تۇپۇقنى بېرىدۇ. B تەرەپ توپۇقنى ساقلايدۇ. A تەرەپ B تەرەپتىن توپۇقنى خالىغان چاغدا سورايدۇ. B تەرەپ توپۇقنى دەرھال چىقىرىپ بېرىشى شەرت. ئەگەر دەرھال چىقىرىپ بېرەلمىسە ئۇتتۇرغان بولىدۇ ۋە ئەل ـ جامائەتكە كاتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى لازىم. ئەگەر B تەرەپ A تەرەپ توپۇقنى سورىغاندا دەرھال چىقىرىپ بېرەلىسە، A تەرەپ قوي، كالا سويۇپ چاي (مەشرەپ) بېرىپ، دوستىنىڭ ساداقىتىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئويۇندا توپۇق ساقلىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولۇپ، قارشى تەرەپ سورىغان ھامان دەرھال توپۇقنى چىقىرىپ بېرىشى كېرەك، ھەر قانداق باھانە ـ سەۋەبكە ئورۇن يوق. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايە بار:

ئىككى دوست توپۇق ئويناپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، توپۇق بەرگۈچى توپۇق ساقلىغۇچى دوستىنى سۇ ئۈزۈپ ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار سۇ ئۈزۈپ دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، توپۇق بەرگۈچى توپۇق ساقلىغۇچى دوستىدىن توپۇقنى سوراپتۇ، توپۇق ساقلىغۇچى شۇئان توپۇقنى ئاغزىدىن چىقىرىپ دوستىغا بېرىپتۇ.

بۇ ھېكايەت توپۇق ئويۇنىدا ھوشيارلىق، سەزگۈرلۈك ۋە ئەستە ساقلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئويۇن ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ پەم ـ پاراستى ۋە ھوشيارلىقى ئادەمگە كۈچلۈك قايىللىق تۇيغۇسى بېرىدۇ، شۇنداقلا ئادەمنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتە لەتىپىلەرنىڭ رولىمۇ ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىر، كونكرېت ئىدىيەۋى مەزمۇنغا ئىگە بولغاندىن باشقا، خاس كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغان لەتىپىلەرمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لەتىپىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە بولىدۇ.

5) قىمار تۈرىدىكى ئويۇنلار

قىمار تۈرىدىكى ئويۇنلار دو تىكىشىپ ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى ئوشۇق ئويناش، قەرت ئويناش، ماجاڭ ئويناش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئويناش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئويۇنلار ئارقىلىقمۇ كۆڭۈل ئاچىدۇ. بەزىلەر ھەتتا قىمارنى دائىملىق كەسىپ قىلىۋالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن خانىۋەيران بولىدۇ.

ئىنسانلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، قىمار ئويۇنى بىر خىل ناچار ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەن. كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مۇنداق ناچار ئادەتلەر تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قىمار شەكىللىرى ئادەتتە ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەر يەنە تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىقمۇ قىمار ئوينايدۇ.

ئومۇمەن قىمار ئويۇنىنىڭ قايسى شەكلى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يامان تەسىر يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ

ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، شۇڭا بۇنداق يامان ئادەتلەر خەلق ئارىسىدا ئىزچىل چەكلىنىدۇ.

## 4. ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى

بۇ خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماھارەت تىپىدىكى ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەر قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوۋچىلىق مەزگىللىرىدىلا تۈرلۈك ماھارەتلىك پائالىيەتلەرنى باشلىغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پالۋانلارنىڭ تاغلارنى خۇددى ياڭاق ئوينىغاندەك ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېلىپ يۆرگەنلىكىدەك تەسۋىرلەر ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ماھارەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئاددىيلا يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ. تۆۋەندە پەقەت ئاساسلىق تۈرلەر بايان قىلىنىدۇ:

1) كۈچ سىنىشىشنى مەزمۇن قىلغان رىقابەت ماھارىتى

بۇ خەلق ئارىسىدىكى رىقابەت ماھارىتىنىڭ دائىملىق تۈرى. مەسىلەن، ئېغىر نەرسىلەر (بۇقا، تاش دېگەندەك نەرسىلەر)نى كۆتۈرۈش، يىقىتىش، يىراققا ئېتىش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىشىش، سۆرىشىش، بېغىش قايرىش قاتارلىق ھەرىكەت تۈرلىرى كۈچ سىنىشىشنى مەزمۇن قىلغان بولغاچقا، كۆرىدىغانلارمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇتقان تەرەپ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىدا شادلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش ئويۇنى ئادەتتە نورۇز، ھېيت - ئايەم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ مەرىكە پائالىيەتلىرىدە ئادەم توپلاشقان جايلاردا ئىختىيارىي ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، مەخسۇس چېلىشىش ئۇچۇن سورۇن تۈزۈپ، مەھەللىلەر، ھەتتا يۇرتلار ئارا رىقابەتلىشىدۇ. قايسى يۇرتنىڭ پالۋىنى ئۇتۇپ چىقسا، شۇ تەرەپ غەلىبە شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، پالۋانلىرىغا بەلباغ باغلايدۇ، نەق پۇل، ئات قاتارلىق ماددى بويۇملار بىلەن مۇكاپاتلاپ، سورۇندىن بېشىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، يۇرت خەلقى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ.

2) ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى

بۇ كۈچ سىنىشىشنى ئەمەس، مۇسابىقىلىشىشنى مەزمۇن قىلغان فولكلور پائالىيىتى بولۇپ، تەرەققىيات جەريانىدا كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان. كۆرسىتىلىدىغان ماھارەتلەرمۇ كۆپ خىل بولۇپ، سەكرەش، قاڭقىش، ئۇرۇش، تارتىش، كۆتۈرۈش، ئېگىش، سۇندۇرۇش، تەپكۈچ ئويناش، ئارغامچىدىن سەكرەش، ئېگىزلىكتىن ياكى كەڭلىكتىن ئاتلاپ ئۆتۈش (يىراققا سەكرەش)، ئېگىزدىن پەسكە سەكرەش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش، سارغايدى ئويناش، دار ئۈستىدە مېڭىش قاتارلىق پائالىيەتلەر مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ. ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئوينىلىدۇ، بۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ ماھارىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ، دار ئۈستىدە مېڭىش بۇ پائالىيەتلەر ئىچىدىكى خەتىرى ئەڭ زور، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر.

دارۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۆزگىچە خاسلىققا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئېگىز بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، جۈملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان كاتتا تۆھپىسىدۇر.

دارۋازلىق ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، زېرەك، ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەۋپ-خەتەردىن قورقمايدىغان، تەۋەككۇلچىلىككە باي قارام خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇيغۇرلارنىڭ گېپى ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆزلىرىنى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە دەپ قاراپ، كۆك تەڭرىسىگە يېقىن تۇتۇش ئىستىكىدىن كېلىپ چىققان، كېيىنچە ئەنئەنىۋى ئېتىقاد تۈسىدىن يىراقلاپ، بىر خىل ماھارەت

كۆرسىتىش پائالىيىتىگە ئايلانغان.

دارۋازلىق يەر ئۈستى ماھارىتى، دار ئۈستى ماھارىتى، چىغرىق ماھارىتى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ماھارىتى، سېرىك ماھارىتى، جانبازلىق، پىچاق ئېتىش ... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆپ قاتلاملىق ماھارەت تۈرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ دارۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا دارۋازلىق نوقۇل ھالدىكى ئالاھىدە بىر خىل تەنتەربىيە ياكى سېرىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۈچلۈك سەنئەت خاراكتېرىگە ۋە چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئەل نەغمە سورۇنى، نورۇز بايرىمى، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەبرىكلەش ـ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئوينىلىپ، مەشرەپ، چاق پەلەك، چىغرىق ئىلەڭگۈچ، لەپپەك، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئارقان تارتىشىش، ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋجى سۈپىتىدە ئورۇنلىنىپ كەلگەن. دارۋازلارنىڭ ماھارىتىگە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بەزى ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن، شۇڭا دارۋازلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سەنئەتكارلاردۇر.

چاقپەلەك (سارغايدى). ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە باش باھار پەسلى (1 ـ ئاي) دىكى يېڭى يىلغا قەدەم قويغان كۈندە ھەم ھېيت ـ بايرام ۋە توي ـ تۆكۈنلەردە ئوينىلىپ كەلگەن.

ئۇزۇن تارىخقا ئىگە چاقپەلەك ئويۇنى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئوغلاق تارتىشىش (خەلق ئارىسىدا ئوغلاق ئويناش دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ ماھارەت كۆرسىتىش بىلەن كۈچ سىنىششنى بىر گەۋدە قىلغان ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنى بولۇپ، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، قەيسەرلىك ۋە چەبدەسلىك تەلەپ قىلىنىدىغان ئات ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرى. بۇ ئويۇن توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام ۋە چوڭ خۇشاللىق يىغىلىشلاردا ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇسابىقە شەكلىدە ئوينىلىدۇ.

ئوغلاق ئويناش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن، كىشىلەر قىزىقىپ ئوينايدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان مىللى ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى بولۇش بىلەن، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان قويۇق تارىخىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

نورۇز ۋە نورۇزلۇق پائالىيەتلەر. «نورۇز ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام، ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق ـ ئىناقلىق بايرىمى، ياخشىلىق بايرىمى، ئامانلىق، شادلىق بايرىمى»[1] بولۇش بىلەن نۇرغۇنلىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

نورۇز سۆزى پارسچە «نەۋرۇز» نىڭ ئۆزگىرىپ ئېيتىلىشى. نورۇز يەنە «باش باھار»، «باھار مەزگىلى»، «كۆكلەم» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ياكى 21 ـ كۈنى نورۇز بايرىمى بولىدۇ. ئىككى يىل ئوتتۇرىسىدا ئون بىر كۈن ئۆپچۆرىسىدە پەرق بولىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشتىن بۇرۇنلا نورۇز بايرىمى مىللىي تۈس ئالغان بىر خىل بايرام بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن. نورۇز يېتىپ كېلىشى بىلەنلا «نورۇز ئېشى»، «نورۇز چېيى»، «نورۇزلۇق»، «ھەپتە سالام»، «نورۇزنامە» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مۇشائىرە كېچىلىكى، مەشرەپ، قوشاق قوشۇش، بېيىت ئېيتىش باشلىنىپ كېتىدۇ. مەكتەپ باللىرى نورۇز قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ ھەم تارقىتىدۇ. «نورۇزلۇق»، «ھەپتە سالام» ئارقىلىق نورۇزنى تەبرىكلەيدۇ. «نورۇزلۇق» ئاياغلاشقاندا مېۋە ـ چېۋە، سامساق، جىگدە، سېرىق ماي، گۆش ۋە قوينىڭ كاللىسى قوشۇپ ئېتىلگەن غىزانى كۆپچىلىك دەرقەمدە ئولتۇرۇپ يېيىشىدۇ. بەزىدە بۇغداي كۆجىسى، ئۇماچ قاتارلىقلارنىمۇ تەييارلاپ نورۇز ئېشى قىلىپ يەيدۇ، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «قەھرىمانلار»، «ئۇلۇغلار» نىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق نورۇز بايرىمى تەبرىكلىنىدۇ. ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن پالۋانلار، ئوغلاقچىلار، پومزەكچىلەر، سارغايدى

(چاقپەلەك)، گۈلەڭگۈچ ماھىرلىرى، باللار ئويۇنلىرىنى ئوينايدىغان ھەۋەسكارلار بۇ سورۇننىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق بۇ داغدۇغىلىق كاتتا بايرامنى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، كىلاسسىك ناخشا - مۇقاملارنى ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تەبرىكلەيدۇ ۋە سوۋغا - سالام بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنلىرى. بۇ يەككە ۋە كوللېكتىپ ماھارەت كۆرسىتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر «12 مۇقام» نىڭ يىلتىزى، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مۇكەممەللىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن سەنئەت مىراسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى مىللىي خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاممىۋى ئاساسقا، كۈچلۈك ئىجادىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، مول مەزمۇنلۇق، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، مۇقاملار ۋە خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئەلنەغمە، غەزەل - قوشاقلار، تېپىشماق، ۋايىزلىق، جەڭنامە، تارىخىي رىۋايەت، كىتابخانلىق، پەندى - نەسىھەت، دارۋازلىق، سېرىك، سېھىرگەرلىك ۋە ھەر خىل كومېدىيەلىك ئويۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى قەدىمدىن بۇگۈنگىچە ئەدەب - ئەخلاق بىلەن سەنئەت بىرىككەن چىن مەنىدىكى «خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى» بولۇپ كەلدى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىنى گۈللەندۇرۇشتىكى مول مەنبە بولماقتا. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دىيارىمىزدىكى ھەر قايسى يۇرتلاردا مەشرەپلەرنىڭ 120خىلدىن كۆپرەك تۈرى، 100 خىلدىن ئارتۇق تەقلىدىي تۈرى ساقلانغان. ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئورتاق مەنبەگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلاردا يەنىلا ھەممىگە ئومۇمىي بولغان خۇسۇسىيەت ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ.

دولان مەشرەپلىرى قويۇق مىللىي پۇراق ۋە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن باشقا جايلاردىكىدەك نەغمە - ساز، ناخشا - ئۇسسۇل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان. شۇڭا، بۇ يەردە قەدىمكى مۇزىكا ئەسۋابلىرى ۋە ئاھاڭ، قوشاقلار بىر قەدەر تولۇق ۋە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان.

«دولان مەشرىپى» نى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئوينىلىدىغان ئويۇنلىرىغا ئاساسەن نەغمە - ساز، ئۇسسۇل، ئويۇن ۋە «جازا» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەشرەپ ساز - نەغمە ۋە ئۇسسۇلدىن باشلىنىدۇ. دولان مەشرىپىنىڭ ئاساسىي نەغمىسى «دولان مۇقامى» دىن ئىبارەت بولۇپ، «دولان مۇقامى» ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن بىر قاتاردا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرىدۇر. بۇلار پەقەت دولان رايونىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، دولان رايونىغىلا خاس بولغان سازلار — دولان قالۇنى، دولان راۋابى، دولان قىل غېجىكى ھەم كىچىك داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا شوخ ئورۇندىلىدۇ.

مەشرەپ دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىدۇ. مۇقەددىمە ئاۋازى ياخشى بىر كىشى تەرىپىدىن يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. مۇقەددىمە تۈگىشى بىلەن بىر قانچە كىشى تەڭلا داپ چېلىپ، مۇقامنىڭ چېكىتمە قىسمىنى باشلايدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى ئەر - ئايال بىر جۈپتىن بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مەشرەپ ئۇسسۇلى مۇزىكا رىتىمىغا ماس ھالدا سەنەم، سەنقەس (سەلىقە) ۋە سىيرىلما باسقۇچلىرىنى تاماملايدۇ. ھەر قايسى باسقۇچلارنىڭ مۇزىكا رىتىمى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئوخشىمايدۇ.

ھەرىكەتتە بىرلىككە كەلگەن، تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن قېلىپلىشىپ ۋايىغا يەتكەن دولان ئۇسسۇلى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، پىشىپ، مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، بىر قېتىملىق كەسكىن ئۇۋ

جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قاراش تارىخىي پاكىت ۋە ھازىرقى ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇسسۇل باشلىنىشتىن بۇرۇن يۇقىرى ئاۋازدا «ئاللا» توۋلاپ ئادەم يىغىش، ئاندىن ئاياللارنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈش، ئەرلەرنىڭ ئوت ـ سولىنى ئاختۇرۇش، كېيىن جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئوقيا ئېتىشنى ئەسلىتىدىغان ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش، ئاخىرىدا چوڭ بىر قورشاۋ ھاسىل قىلىش ھەقىقەتەن قەدىمكى زاماندىكى بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاشنى ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇسسۇل خاتىمىسىدىكى ساما سېلىش بولسا، ئەلۋەتتە غەلىبىگە قىلىنغان تەنتەنىدىن ئىبارەت.

دولان مۇقامىغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان تېكىستلەر ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بىرلا مۇقامدا ناھايىتى كۆپ مەزمۇندىكى خىلمۇ ـ خىل قوشاقلار، بىر مەشرەپتە بولسا تېخىمۇ نۇرغۇن قوشاق ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ تەربىيەۋى رولىنىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ.

دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا خۇددى باشقا مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئوخشاش پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك قوشاق ياكى غەزەللەردىن ئېلىنغان پارچىلار ئوقۇلىدۇ:

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار، مەگەر سەن ئاسمان بولساڭ،
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت، سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.
جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچكەيمۇ،
يامانلىق قىلغان ئادەمنى قايان باردىڭ دېمەس ھېچكىم.

مەشرەپلەرگە نەغمە ـ ئۇسسۇلدىن باشقا خەلق سەنئىتىنىڭ ھەر خىل ئويۇن شەكىللىرىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشكەن. بۇنداق ئويۇنلار مەشرەپلەرگىلا خاس بولۇپ، باشقا ۋاقىتتا ئوينالمىغاچقا، ئۇلار «مەشرەپ ئويۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى دەرە ئويۇنى، چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنى ۋە چىنە گۈل ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت.

1) دەرە ئويۇنى:

بۇ كىشىلەردىن چاققانلىقنى، ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، كومېدىيەلىك خاراكتېر ئالغان بىر خىل ئويۇندۇر. ئويۇن باشلانغاندا يىگىتبېشى ئېشلىگەن بەلباغنى پەتنۇسقا سېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۆۋەندىكى بېيىت ئارقىلىق ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ:

چىڭىماس قولۇپ پەرىسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ دەرىسى بولمىسا.
بۈگۈنكى يىغىلىش كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
ئەمەستۇر ياكى تۈگى يوق بەرە.
تالىشىپ ئوينىساق قانداق؟
يېپەكتىن ساز ئېشىپ دەرە.
خۇشلۇق بىلەن ئېلىپ كەلدۇق،
دوستلارغا ئاتاپ دەرە ئېشىپ.
ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بىرگە،
ئوينىساق دەپ ئۇنى تالىشىپ.

شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان دەرە ئويۇنى باشلىنىدۇ ـ دە، ئويۇن بېيىت ـ قوشاقلار بىلەن داۋاملىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا كەسكىن «دەرە تالىشىش» ئويۇنى بولىدۇ. قائىدە بويىچە دەرە تۇتقۇچى بىلەن تالاشقۇچى يۈزمۇ يۈز تۇرغاندا، تالاشقۇچى دەرىنى تارتىۋېلىشى ياكى قارشى تەرەپ ئۆتۈنۈپ بېرىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق تۇرغاندا، دەرە تۇتقۇچىنىڭ قارشى تەرەپنى دەرە بىلەن ئۇرۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ. پەقەت ئارقىچە ياكى يانچە بولغاندىلا ئۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ يوسۇندا داۋام قىلىدۇ. بۇ ئويۇن قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا بولغاندا قىزىقتۇرۇشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

2) چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنى:

بۇ ئويۇن مەشرەپلەردە كۆپ ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ئەر ـ ئايال، قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا ئوينىلىدۇ. ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق:

يىگىتبېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېرىم چاي قويۇلغان ئىككى پىيالە پەتنۇسقا سېلىنىپ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرىگە تۇتۇلىدۇ. ئويۇنغا تەكلىپ قىلىنغان كىشى تەزىم بىلەن پىيالىنى ئالىدۇ ۋە ھەر ئىككى پىيالىنى قولىغا ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن پىيالىنى قولتۇق ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ياكى باش ئۈستىدىن ماھىرلىق بىلەن ئايلاندۇرىدۇ، ئاندىن قوشاق ياكى بېيىت ئېيتىپ، كۆڭلى خالىغان بىرسىگە

تۇتىدۇ. پىيالىنى ئالغۇچى ئېيتىلغان بېيىتقا بېيىت قايتۇرۇپ، پىيالىنى قولىغا ئالىدۇ ۋە ئاۋۋالقى ھەرىكەتنى تەكرارلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر جۈپ پىيالە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ پۈتۈن مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئەگەر پىيالە تۇتقۇچى پىيالىنى ئايلاندۇرۇشتا چاينى تۆكۈپ قويسا، ئۇ كىشى ئويۇننى بۇزغان ھېسابلىنىپ «جازا» غا تارتىلىدۇ-دە، بېيىت قوشاق ئېيتىپ بېرىشكە ياكى قىزىقچىلىق بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بېيىت ئېيتىپ چاي تۇتۇش ئويۇنى ناھايىتى زور ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. نەچچە ئون جۈپ كۆزلەرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ماھارەت كۆرسىتىش، دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە مېھىر- مۇھەببىتىنى گۈزەل بېيىتلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىش، ئېيتىلغان بېيىتلارغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ مەشرەپ قاتناشچىلىرىدىن يۈزلەپ بېيىت-قوشاقلارنى يادلاشنى ياكى ئىجاد قىلىشنى، بىلگەنلىرىنى پىششىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بېيىت ئېيتىشىشتا بېيىت قايتۇرغۇچىنىڭ ئېيتقان بېيىتلىرى چوقۇم ئالدىنقى كىشى ئېيتقان بېيىت-قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە ماس كېلىشى كېرەك، باغدىن سورىسا تاغدىن جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئارقىلىق مەشرەپلەردە يېڭى - يېڭى بېيىت - قوشاقلار مەيدانغا كېلىدۇ. پىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خەلق ئارىسىغا تارقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دولان مەشرىپىنى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇلىقى، فولكلور خەزىنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

3) چىنە گۈل ئويۇنى:

يىگىتبېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن ئۈچ قېتىم « چىنە گۈل» دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى كىشى يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتايدۇ. ئاندىن ئۈچىنچىسى... شەرتى شۇكى، بىر قېتىم ئاتالغان گۈلنىڭ نامىنى ئىككىنچى كىشى قايتا تەكرارلاشقا، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم ھازىر جاۋابلىق بىلەن دەرھال يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى دېيىشى لازىم. مۇبادا تەكرارلاپ قويسا، ياكى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قېلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتسە يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە «جازا» غا تارتىلىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ھالدىكى بىر قانچە خىل گۈلنىڭ نامىنى ئاتاپ قويۇشلا بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرىنى تونۇش ۋە چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، مانا بۇ دەل بۇ ئويۇننىڭ فولكلورلۇق ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دولان مەشرەپلىرىدە خەلق ياخشى كۆرىدىغان جەلپكارلىققا ئىگە «يولۋاس ئويۇنى»، «تۆگە ياساش»، «ئىككى مۈشۈكنىڭ بەز تالىشىشى» غا ئوخشاش قىزىقارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينىلىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

4) مەشرەپتە «جازا»:

ھەر بىر مەشرەپ بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەشرەپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاتتىق ۋە مۇكەممەل تەرتىپ - ئىنتىزامى بولىدۇ. بۇنداق تەرتىپ - ئىنتىزام ئەينى جەمئىيەتنىڭ قانۇن-قائىدىسى، كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەشرەپلەرنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىجرا قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇ ھەممە مەشرەپلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەنئەنىۋى ئادەت. مەشرەپنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تەرتىپ - ئىنتىزامى بولغاچقىلا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

مەشرەپ ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى يىگىتبېشى، قازى بەگ، پاششاپ، دورغا بەگلەرگە ئوخشاش تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارنى سايلاپ چىقىدۇ. ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر خالىس، ئادىل، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋەت - ئابرۇيغا ئىگە كىشىلەردىن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، مەشرەپ ئەھلى ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا مۇۋاپىق بىرىنى سايلىۋالىدۇ.

مەشرەپ تەرتىپىنى بۇزغۇچىلار مەسىلەن، بىرسى ئىجازەتسىز مەشرەپ مەيدانىدىن ئايرىلسا، كېچىكىپ

قالسا ياكى نەغمە ـ ئۇسسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپنى بۇزسا، ئەخلاققا خىلاپ ئىش ـ ھەرىكەت قىلسا، سەۋەبسىز مەشرەپكە كەلمىسە، ئۇنداقلار «جازا» غا تارتىلىدۇ. قازى بەگ كەسكەن «جازا» مەشرەپ ئەھلى ماقۇل كۆرگەن ۋە جازالانغۇچى رازى بولغان ئەھۋال ئاستىدا دورغا بەگ تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

مەشرەپتە بېرىلىدىغان جازا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېرىلىدىغان «ناماقۇللۇق» جازاسى، يەنە بىرى، «سەۋەنلىك» جازاسى. ناماقۇللۇق جازاسى مۇئەييەن ئىقتىسادىي سىيلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە بۇ ئىقتىسادىي سىيلىق يەنىلا مەشرەپ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سەۋەنلىك جازاسىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىگە گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىكى ۋە خاراكتېرىغا قاراپ ھەم كۈلكە، ھەم ئىبرەت بولىدىغان ھەرخىل « جازا »لار قوللىنىلىدۇ. بۇنداق جازالار ئىچىدە مەشرەپ ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا كومېدىيە تۈسىگە كىرگەن «جازا» لار تېخىمۇ قىزىقارلىقتۇر. «سامسا يېقىش»، «مونەك تۇگۇش»، «تامغا سۈرىتىنى تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» كە ئوخشاشلار، بۇنداق جازالارنى شۇ جازانىڭ ماھىرلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

بۇنداق جازالارنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسىدۇر. بۇ جازا كۆپرەك ئاياللارغا بولغان نورمال ئەخلاقنى بۇزغۇچىلارغا قوللىنىلىدۇ. «ئىككى خوتۇن» ئارىسىدىكى قىزىق، كۈلكىلىك «ئەر تالىشىش كۈرىشى» خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. «ئىككى خوتۇن ئالغان ئەر» كۆپچىلىك ئالدىدا ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، كۆزەتكۈچىلەر «ئىككى خوتۇن» ئالغۇچىنىڭ خاراب ھالىدىن تازا كۈلۈشىدۇ. جازالانغۇچى بىئارام بولۇپ، ئىزا تارتىدۇ.

مەشرەپ جازالىرى ئەمەلىيەتتە مەشرەپ ئويۇنى بولۇپ، جازالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ، «سەنئەتلەشتۈرۈلگەن». بۇنداق جازا ئويۇنلىرىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ھۈنەر ـ كەسپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى بەزى ئىللەتلەرگە بولغان قارشىلىقى، مەسخىرىسىمۇ ئەكس ئەتكەن، ھەتتا بەزىلىرى كىچىك تىپتىكى خەلق كومېدىيەلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنداق «جازا» ئويۇنلىرىنى كىشىلەر ئېغىر ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ياقتۇرىدۇ ۋە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدۇ.

دولان مەشرەپلىرى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىگە قاراپ، 1) ھېيت ـ بايرام مەشرەپلىرى؛ 2) توي ـ تۆكۈن مەشرەپلىرى؛ 3) قاتارى مەشرەپ؛ 4) تەكلىپ مەشرىپى؛ 5) ناماقۇللۇق مەشرىپى؛ 6) ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاتارى مەشرەپ، تەكلىپ مەشرىپى ۋە ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ جەھەتتە قاتارى مەشرەپ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپتۇر. بۇ خىل مەشرەپنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، بىر مەھەللە ياكى بىر يۇرت كىشىلىرىدىنلا تەشكىل تاپىدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى نۆۋەت بىلەن بىر قېتىمدىن مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. قاتارى مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى بىر قەدەر چىڭ بولىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى ۋە ئىناۋىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. يىگىتبېشى مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى بولۇپ، ھەممە ئىش ئامىمىنىڭ رازىلىقى ۋە يىگىتبېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. مەشرەپ بەرگۈچى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئەھلىنى مېھمان قىلىدۇ. بۇنىڭدا مەجبۇرىي بەلگىلىمە بولمايدۇ. قاتارى مەشرەپلەر قىش كۈنلىرى ئورۇم ـ يىغىم ئالدىراشلىقىدىن قول بوشىغان چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇلار مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا، مەشرەپ قاتناشچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىدۇ، مەسلىھەت بېرىدۇ. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالايدۇ. مەشرەپلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى بىرەر كىشىنى مەشرەپتىن ھەيدەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت. مەشرەپتىن ھەيدەلگەنلەر مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا باش ئېگىپ، ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ناماقۇل بولغاندىلا، ئاندىن مەشرەپكە قايتا

قاتناشتۇرۇلىدۇ. دولان خەلقى قاتار مەشرەپنى «بالا تەربىيەلەشنىڭ قېلىپى» دەپ قاراپ، ھەممە كىشى دىگۇدەك ئاشۇ مەشرەپ كوللېكتىپىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

تەكلىپ مەشرىپى. بۇ بىرەر كىشى تەرىپىدىن مەشرەپ كوللېكتىپىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى، بىرەر ئائىلىدە بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل ياكى قىزنى مەشرەپ كوللېكتىپىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار بىر قېتىم تەكلىپ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ، قىزى ياكى ئوغلىنى مەشرەپكە قاتناشتۇرۇشنى يىگىتبېشى ۋە مەشرەپ كوللېكتىپىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. « 30 ئوغۇل، 9 قىز» ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، بالىنىڭ مەشرەپ ئەھلى بولغانلىقىنى مۇبارەكلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل ياكى قىز «قاتارغا قېتىلغان» ھېسابلىنىپ، مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلىدۇ. «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپكە بەرمىسەڭ مەشرەپكە بەر» دېگەن ھېكمەت دەل مانا مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى. بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا، يۇرت ئەھلى يىگىتبېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مەشرەپكە ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى چاقىرىلىدۇ. مەشرەپ جەريانىدا يىگىتبېشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەت-سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ، بىر - بىرىنى كەچۈرۈپ، ئاداۋەتنى يۇيۇپ، بىر - بىرىگە چاي ياكى چىلىم تۇتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئاداۋەتلەشكۈچىلەر ئۆزئارا چاي ياكى چىلىم تۇتۇشقاندىن كېيىن، سەممىي قول ئېلىشىپ، بۇندىن كېيىن ئاداۋەت تۇتۇشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت يۇيۇلغان ھېسابلىنىدۇ. مەشرەپ شاد-خۇراملىق بىلەن داۋام قىلىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رولى چوڭ بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى يالغۇز كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى زور ئىجتىمائى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئاممىۋى پائالىيەت بولغاچقا، خەلقىمىز مەشرەپلەرنى ئىزچىل قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىدىن كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ئارقىلىق تولۇق پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

## 5. خەلق ئارىسىدىكى باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

بۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 4 تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىمىغان، ياكى ئۇ تۈرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە بولمايدىغان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار بۇقا سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، كەپتەر ئويناش قاتارلىق ھايۋان ۋە قۇشلار ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلغان ئويۇنلار بولۇپ، مۇنداق ئويۇنلارنىڭ تارىخىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن، بۇ ئويۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن قىمار شەكلىنى ئالغان. خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوشۇق ئويناشمۇ ئەسلى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن تەلەي سىناش مەزمۇنىدىكى ئويۇن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئويۇن ئەر - ئايال، قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىلماي ھەممىنىڭ ئوينىشىغا باب كېلىدۇ، ئۆي ئىچىدە، ھويلا-ئاراملاردا ئويناشقا بولىدۇ. بۇ ئويۇنغا ھېچقانداق كۈچ ۋە ماھارەت كەتمەيدۇ، ناھايىتى ئەركىن، يەڭگىل ئوينىلىدۇ، بىر تال ياكى تۆت تال ئوشۇق ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي قىمارغا ئۆزگىرىپ، خەلق ئارىسىدا ناچار ئادەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

يۇقىرىقى تۈرلەردە كۆرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، يەنى كىشىلەر ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئۇسۇشۇشلىرى، سوقۇشۇشلىرى، پەشۋا ئېتىشلىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. بۇلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەزگىللىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى فولكلور نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇلارنىڭ شەكلى مۇقىم، ئورۇنلىنىشى ئاددى بولۇپ،

خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان.

فولكلورنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئېتىقادى ۋە تۈرلۈك مۇراسىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بولۇپمۇ ھېيت ـ بايرام، بەسلىشىش ۋە ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغان ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، دارۋازلىق، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش ، باللار ناخشا ـ قوشاق، ئويۇنلىرى، ھېيت ـ بايرام پائالىيەتلىرىگە چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، شۇڭا بۇ پائالىيەتلەرنى خەلق ئاممىسى ئەزىلدىنلا ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

## ئىزاھلار

[1] ئىمىن تۇرسۇن «نورۇزنامە» 24-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى 9-ئاي.
2. ئابدۇرېھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 4-ئاي.
3. ئىمىن تۇرسۇن: «نورۇزنامە»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2009-يىلى 4-ئاي.
4. مۇھەممەت ئەزىز: «دولان توققۇز مۇقامى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى 4-ئاي.
5. «شىنجاڭ مىللى تەنتەربىيەسى»، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي، ئۈرۈمچى.
6. مەتسەيدى مەتقاسىم: «ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 4-ئاي.
7. تۇرسۇنجان لىتىپ، ئېلشات تۇرسۇن:«ئۇيغۇر چالغۇلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 089 ـ 02 (2012) 5878 ـ 1005


# مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە*


ئابدۇللا مەتقۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)



قىسقىچە مەزمۇنى : مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى سىياسىي يېتەكچىلەر ۋە سەنئەتكارلارنى باش قەھرىمان قىلىشتىن ئادەتتىكى ئادەملەرنى باش قەھرىمان قىلىشقا يۈزلەندى . مەيلى قايسى تۈردىكى ئەسەرلىرىدە بولمىسۇن ، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنى ئاساس قىلىش، ئىز قوغلاپ تەسۋىرلەش، ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە پاكىتلارنى توپلاش ۋە مۇۋاپىق ئەدەبىيلەشتۈرۈشكە ماھىر بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى باش قەھرىمانلىرى ۋۇجۇدىدا دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ چىدامچانلىق، قەيسەرلىك، ئۈمىدۋارلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلىرىنى نامايەن قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە كەڭ ئالقىشقا ۋە خېلى يۇقىرى باھالارغا ئىگە بولدى. بۇ ماقالىدە مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى مۇشۇ نۇقتىلاردىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：** 维吾尔族青年作家买买提沙力 · 买提肉孜在报告文学创作中已取得了可喜的成就。在短短的几年中，他的报告文学创作经历了以政治领导人、艺术家等为主人公到普通人为主人公的转变。不管是哪一类的报告文学作品，作者善于以真人真事为主、跟踪调查、收集具有新闻价值的事实并把它们加以“文学化”。这样来突出部分报告文学作品主人公身上的勇敢、吃苦耐劳、对未来充满信心的优良品质。所以他的报告文学作品在社会上深受欢迎和相当高的评价。本文从这一角度对买买提沙力 · 买提肉孜的部分报告文学作品进行初步探讨。

**Abstract:** Muhemmedsalih Metrozi has attained noteworthy achievements in literary journalism. Within the short space of a few years, his literary journalistic work has moved from making political leaders and artists their main characters to making average people their main characters. Regardless of the genre in which he writes, Muhemmedsalih Metrozi has become skilled at making real people and real events central to his work, to investigating and describing, to gathering facts with journalistic value, and to adding the appropriate literary elements. In particular, the main characters of his literary journalistic works display the endurance, bravery, optimism, and other sterling traits of our era's youth. Therefore, his works have been warmly received and praised by the public. This article will discuss some of Muhemmedsalih Metrozi's literary journalistic pieces in terms of these various points.



كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A


ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئاستا ـ ئاستا پەيدىن-پەي باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنىدا مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭمۇ قىرغاق بويلاپ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولاتتى. ئارىدىن 20 يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ھېلىقى دولقۇن قايتقىنى بىلەن، ئۇنى ھاسىل قىلغان

* بۇ ماقالە 2011ـيىلى 4ـ ئاينىڭ 25ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇللا مەتقۇربان (1959ـيىلى 9ـئايدا تۇغۇلغان) ، دوتسېنت، چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېقىن تېخى ئۇزۇلۇپ قالمىدى، ئەكسىچە بارغانسېرى غولداپ باردى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ سانى ئاز، ئەمما سۈپىتى ساز ئىجادىي ئەمگەكلىرى بۇ ئېقىنغا تامچە بولۇپ قوشۇلىۋەردى. بۇ جەرياندا مۇھەممەدسالىھ مەتروزى شېئىر، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ئەدەبىي ژانىر ۋە تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، ئاساسلىق زېھنى ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن پىروزىغا مەركەزلەشتى، مۇۋەپپەقىيىتىمۇ مۇشۇ ئىككى ساھەدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا گەۋدىلىكرەك بولدى .

ھازىرغىچە مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمىلىرى «مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت !...»، «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق ئىككى توپلام قىلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئالدىنقىسى 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، كېيىنكىسى 2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ئىككى توپلامدىن ئالدىنقىسىدا ھەرقايسى ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن يېتەكچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر باش قەھرىمان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن. مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن كامال تېپىشى پارتىيەمىزنىڭ توغرا سىياسىتىگە، شۇ سىياسەتلەرنى توغرا ئىگىلەپ توغرا ئىجرا قىلىدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم قابىل يېتەكچىلەرگە، كىشىلەرگە يېتەرلىك روھىي ساغلاملىق ئوزۇقى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ئاچارچىلىقىنى تويۇندۇرىدىغان مەنىۋىيەت ئۇستازلىرىغا مۇھتاج. خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن يول قۇرۇلۇشىغا ئاز بولمىغان ئەقىل ۋە زېھىن كۈچىنى سەرپ قىلغان غەيرەت ئابدۇللا يولچى، بارلىقىنى مىللەتنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە بېغىشلاپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە مىللىتىمىزنىڭ ئوبراز ۋەكىلى بولۇۋاتقان دىلنار ئابدۇللا، سېھىرگەرلىك ماھارىتى بويىچە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان روشەنگۇل ئەبەيدۇللا، «بەش تېرەك داۋىنى»نىڭ كوللېكتىپ قەھرىمانلىرى ـ «چوكانتال چۆللۈكىدە چاقنىغان 43 يۇلتۇز» قاتارلىقلار دەل شۇنداق كىشىلەر ئىدى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە ئەشۇ كىشىلەرنىڭ كىتابخان قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاخباراتلىق قىممىتىگە ئىگە تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى پاكىت سۈپىتىدە ئەينەن خاتىرىلىدى، بۇ پاكىتلارغا ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى يول قويغان دائىرىدە كۈچلۈك ھېسسىيات سىڭدۈرۈپ ئەدەبىيلەشتۈردى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا، ھەممىسىنىڭ ئۆز كەسپىگە قابىللىقىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى. ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا تەسۋىرلەپ، جەمئىيەتكە كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەسپچانلىقنى، ئۆزىنى ھەقىقىي بېغىشلاش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشنى بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىنقى ئەسىر كىرگەندىن بويان، مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاپتورنىڭ تېما تاللىشىدا ۋە بۇنداق تېمىلارنىڭ باش قەھرىمانلىرى سالاھىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئەندىكى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە باش قەھرىمانلىق ئورنىنى ئىلگىرىكىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان، ھېچقانداق سىياسىي كاپىتالى، بىر كىشىلىك پۇقرالىق سالاھىيىتىدىن باشقا ئالاھىدە ھوقۇق ياكى ئىمتىيازى بولمىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالاللىق بىلەن ياشاپ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تىكلىگەن بىر قىسىم ياشلار ئىگىلىدى. ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، بۇنى بىر يېڭىلىق دېگىلى بولاتتى. «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» توپلىمىدىكى بەزى ئەسەرلەر بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «دۆڭكۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» شۇنداق

ئەسەرلەردىن ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى دېگۈدەكلا ياشلار. مەسىلەن، «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» دىكى ئىمىنجان، «كۆڭلەردە رىزقىم بار» دىكى رەيھانگۈل ھاجى، «دۆڭكۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» تىكى گېزىتچى بالا دېگەندەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن، ھاياتتىن كۈتىدىغان ئارتۇقچە تەلىپىمۇ يوق. ھېچقايسىسى زاماندىن زارلانمايدۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قولىنى ئۇزاتقانلىقى يەرگە يەتكۈزەلەيدىغان ئەمەلدار ياكى پۇلدار بولمىغانلىقىدىن ئاغرىنمايدۇ، ئۆرلەپ ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولالمىغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن تەلىيىنى كاج، پېشانىسىنى تەتۈر دەپمۇ قارىمايدۇ. ئىككى بىلىكىگىلا تايىنىدۇ، ئۆز ئىقتىدارىغىلا ئىشىنىدۇ، ھالال نىيىتى، ھالال كۈچىنى دەسمايە قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرىغا، جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قېلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. قانداقتۇر بىرەرسىنىڭ بىرەر ئارقا ئىشىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنى خالىمايدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇلار ھارامدىن ئامەت كۈتۈپ باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتىدىغان ناكەسلەردىن، كىشىلەرنى قاڭغىر قاقشىتىدىغان ئوغرى ـ يانچۇقچىلاردىن، مىللەتنىڭ زاۋالىنى تىلەپ زەھەر ساتىدىغان بەدنىيەتلەردىن، ئۆزىنى تۇغقەشتۇرۇپلا قالماي ئاتا ـ ئانىلىرىنىمۇ خانىۋەيران قىلىدىغان زەھەر چەككۈچىلەردىن، ئاشقازىنىنىڭ كۆتۈرۈش، بەدىنىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشماي، ئاچچىق ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئاۋارىچىلىق تېپىپلا يۈرىدىغان قاپاق نوچىلاردىن، ئۈچىنچى، ھەتتا تۆتىنچى تويىدىمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىغا يۆلىنىۋالىدىغان بولۇمسىزلاردىن، ئاتا ـ ئانىلىرىنى گويا سېغىن كالىنى ساغقاندەك مەڭگۈ شىلىپ يەيدىغان ۋاپاسىزلاردىن، ئومۇمەن ھېسابتا بار ھەمدەمدە يوق، يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسىمان قىسمەن ياشلاردىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدۇ. مۇھتاجلىق ئۇلارنى قانچە قىيىنىسىمۇ ھالال نىيىتىدىن يانمايدۇ، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز سالمايدۇ.

تەمەخورلۇق ئۇلارغا يات. ئۇلار يەنە ھەرقانداق چاغدا ئۈمىدلىك ياشايدۇ، تىرىششچان ئارقىلىق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتالايدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» دىكى ئىمىنجان «مەن بۇ شەھەردە پەقەت ئۆز تىرىكچىلىكىمنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ياخشى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا ئوغۇل بالىغا خاس روھ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىققا چىداپ ياشاۋاتقان ياقا يۇرتلۇق ئاددىي بىر تىجارەتچى ئىدىم» («مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» 125 ـ بەت) دېسە، «كۆڭلەردە رىزقىم بار» دىكى رەيھانگۈل ھاجى «ئادەم ئۆزى قىزىققان، كۆڭلىنى بەرگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا، شۇغۇللانغان شۇ ئىشى مەيلى قانچىلىك ئېغىر ھەم مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەمگە ھېچقانداق ئېغىر تۇيۇلمايدىكەن. ئەكسىچە، ئۇ شۇ قەدەر يېنىك، شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ۋە شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك بىلىنىدىكەن» (يۇقىرىقى كىتاب 245 ـ بەت)؛ «ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ بولغىنىدەك، ماڭىمۇ ياخشى كۈنلەر ھامىنى كېلىدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن: ئەشۇ كۈنلەردە مېنىڭمۇ چوقۇم رىزقىم بار. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ماڭا ھامىنى مەنسۇپ بولىدىغان ياخشى كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان قەيسەر بىر قىز» (يۇقىرىقى كىتاب 269 ـ بەت) دەيدۇ، «دۆڭ كۆۋرۈككە باغلانغان چۈش» تىكى گېزىتچى بالا بولسا «مەن دۆڭكۆۋرۈكنى ۋە ئۇنىڭ رەستىلىرىدىكى ھاياتنى ياخشى كۆرىمەن، ھامان بىر كۈنى مانا مۇشۇ يەردىن قەددىمنى كۆتۈرۈشكە ئىشەنچىم بار. مېنىڭ بۇ ئويلىرىم ماڭا ھازىرچە چۈشتەك بىلىنىدۇ ، ئەمما ھامان بۇ چۈشنى چوقۇم رېئاللىققا ئايلاندۇرماي قويمايمەن. شۇ ۋاقىتتا سىز مېنى قايتىدىن، باشقىچە بىر يېڭى ھالەتتە كۆرمەي قالمايسىز. سىز كۆرىدىغان ئۇ ھالەت مېنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇم، روناق تاپقان تىجارىتىم، ھالال ئەمگىكىم ۋە تارتقان جاپالىرىم ئارقىلىق قولغا

كەلتۈرگەن بەختىم بولىدۇ. شۇ چاغدا مەنمۇ ھازىرقى بايلارغا ئوخشاش نامرات ئوقۇغۇچىلارغا، ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغان، خەلق قوللىغان خاسىيەتلىك، ياخشى ئىشلارغا ئىككى يېنىمغا قارىماي مەرد ـ سېخىيلىق بىلەن ياردەم قىلىمەن. يۇرتۇمدىكىلەرمۇ شۇ چاغدا مېنى قايتىدىن تونۇيدۇ، بىلىدۇ. ئىلگىرىكى كەپسىز، ياغاچ قۇلاق بىر بالىنىڭ كاتتا ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۆزگەرگىنىدىن خۇشال بولۇپ، مېنىڭ بالىلىقتىكى كەپسىزلىكلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

مېنىڭچە، بۇ پىلانلىرىم ۋە ئارزۇلىرىم مانا مۇشۇ شەھەردە، ئادەملەرنىڭ سەرخىللىرىنى تاللايدىغان، ھەقىقىي ئىرادە ۋە ساپ نىيەتنى سىنايدىغان ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت مېھرى ئىسسىق بۇ يۇرتتا، مېنى ئۆزىگە تەلپۈندۈرگەن دۆڭكۆۋرۈكتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سىز تېخى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزىمنى ئۈرۈمچىنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان، خوتۇنۇمنى ئۈرۈمچىنىڭ چىرايلىق خانىم ـ قىزلىرىدەك پۈزۈر كىيىنىۋالغان ھالەتتە كۆرۈپمۇ قالىسىز. چۈنكى، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ئەمەسمۇ...» («تارىم» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 6 ـ سان 56 ـ بەت) دېيىدۇ. دېمەك، ئىرادىلىك، چىدامچانلىق، قەيسەرلىك، ئۈمىدۋارلىق بۇ ئۈچ نەپەر شەخس ۋۇجۇدىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مىللىتىمىز ئېسىل ئەخلاقىنىڭ نۇرلىرى چاقنايدۇ، دەۋرنىڭ گۈزەل مېلودىيەسىدە ئۇلارنىڭمۇ خاس ئاۋازلىرى بار، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىگە ئۇلارمۇ بىر كىشىلىكتىن ھەسسە قوشقان. ئىمىنجان، رەيھانگۈل ۋە گېزىتچى يىگىت گەرچە ئاچكۆز، تەمەخور ۋە ياكى نەپسانىيەتچى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولۇپ كەتكىنى يوق، ھەتتا بۇ خىل كاپالەتتىن خېلىلا يىراق، شۇنداق ئەھۋالدا ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۇلارنىڭ ياراتقىنى قانداقتۇر ئاجايىپ كەشپىيات ياكى مۆجىزە ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ياراتقىنى ھەرقانداق كەشپىيات ۋە مۆجىزىدىن تۆۋەن تۇرمايدىغان، سالماق جەھەتتە ھەرقانداق ئىقتىسادىي قىممەتتىن ئېشىپ چۈشىدىغان مەنىۋى قىممەت بولۇپ، بۇ خىل مەنىۋى قىممەت جاپالىق ئىشلەش روھى، ئىرادىلىك، چىدامچانلىق، قەيسەرلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. بۇ قىممەت مەڭگۈ يوقالمايدۇ، ئۆچمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى ئېشىپ، بەزىلەرگە ئەينەك، بەزىلەرگە تۈرتكە، يەنە بەزىلەرگە ھەيدەكچى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كوچىلارنىڭ ئاۋاتلىقى ئەشۇلار ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۈرۈمچى كىشىلىرىنىڭ ماددىي نېمەتلىرىنىڭ موللىشىشىدا ئەشۇلارنىڭمۇ تېگىشلىك تۆھپىلىرى بار، تاڭ بىلەن تەڭلا قىزىپ كېتىدىغان ئەتىتىگەنلىك، بەزىدە تۈن نىسپىگىچىمۇ بېسىقمايدىغان كەچلىك بازارلىرىمىزنى ئەشۇلارمۇ قويۇلدۇرىدۇ. دېمەك، ئۈرۈمچى تۇرمۇشىنىڭ قولايلىقلىقى ئەشۇلارنىڭ تىنىمسىز تىرىشچانلىقلىرىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئاپتورنىڭ ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى ۋە مۇھىتى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيەلىرىدىن، شۇنداقلا ئوي ـ خىياللىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەسلىي ھۆرمەت داستىخىنىنىڭ تۆرىگە، شەرەپ مۇنبىرىنىڭ يۇقىرىسىغا لايىق كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يازغۇچى مۇھەممەدسالىھ مەتروزى يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە كىتابخانلارنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى يەكلەشنىڭ ئورنىغا ئېتىراپ قىلىشىنى، كەمسىتىشنىڭ ئورنىغا قەدىرلىشىنى، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىشىنى، ئومۇمەن ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بۇ ئەسەرلەرنى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى يىلدىن ـ يىلغا قىيىنلىشىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھالال نىيەتلىك ياشلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق ۋە ئەمەلىي دەرسلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەرلەردە ئاخباراتلىق قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن پاكىت، چوڭقۇر مۇلاھىزە، شۇنداقلا ئەسەر باش قەھرىمانلىرىنىڭ توقۇلمىدىن خالىي سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىز ياشلىرى، شۇنداقلا پۈتكۈل

جەمئىيەت دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ، ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ياشلارغىمۇ قانداق ھاياتنىڭ قىممىتى بولىدىغانلىقىنى، قانداق ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ. دېمەك، كۆپىنچە ھاللاردا ئېتىبارسىز قالىدىغان ئاددىي كىشىلەرنى باش قەھرىمان قىلىش، ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان قىسمەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ئوي - خىيال، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق دەۋر روھىنى نامايان قىلىش بۇ ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن يەنە بىر مۇھىم ئامىل — ئاپتوردىكى سەمىمىيلىك. ئاپتور ئۆزى ئۇچراتقان يېقىنقى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغاندا، سەمىمىيلىكنى باشتىن - ئاخىر ئاساسىي مىزان قىلىدۇ، يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە پاكىت ۋە دېتاللارنى توپلاپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز ئەينى ھېكايە قىلىدۇ. ئىمىنجان، رەيھانگۈل ۋە گېزىتچى يىگىت دۇچ كەلگەن قىسمەتلەر ھەرقانداق رەڭ ۋە بوياقلارسىز — ئەسلىي ھالىتى بويىچە، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئېغىز بايانى ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئاپتور مۇلاھىزىلىرىمۇ ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «ناۋادا نەنمېن (جەنۇبىي قوۋۇق)دىن يەنئەن يولى (شامالباغ) ھەتتا ئۈرۈمچى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ چوڭ يول لىنىيەسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇ ياق - بۇياققا كېتىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆزەتسىڭىز، ئەتىگەن ۋە كەچتىكى ئالاھىدە ئالدىراش كىشىلەر توپى بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتىكى بەخىرامان كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرمىنى ئېنىقلا پەرقلەندۈرەلەيسىز. بولۇپمۇ دۆڭكۆۋرۈك رېستىسىنى مەركەز قىلغان چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قەدەم رىتىمى ھەممىدىن ئاستا. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىنكى، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا چاغدىكى كۈندۈزدە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەدەم رىتىمغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بىر بولسا ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدىغان ياكى تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر، يەنە بىر بولسا، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ياكى بازارچىلار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، يەنى ئېيىمگىدۇر ئالدىرىش بولۇپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقانلار ھەم ئۈرۈمچى تۇرمۇشىغا سىڭىپ بېرىۋاتقانلار؛ قەدەم ۋە ھەرىكەت رىتىمى ئاستا، مېڭىشلىرى بەخىرامان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا يۇرتلاردىن بۇ شەھەرگە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ، قىسقا ۋاقىت تۇرىدىغانلار. شۇڭا، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ بىر - بىرلىرىدىن ئەھۋال سوراشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئادەت سۆزى ‹ئالدىراشمۇ؟› دېگەن بىر ئېغىز سوئالدىن ئىبارەت». («تارىم» ژۇرنىلى 2009-يىللىق 6-سان41-، 42-بەتلەر). دېمىسىمۇ، جىددىيلىكتىن خالىي، مەسىلىنى دەل يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بۇ مۇلاھىزىنىڭ ھېسسىيات تۈسى سۇس، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خىل سەمىمىيلىك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ھەم بۇ سەمىمىيلىكتىن ئۆزگىچە سېھرىي گۈزەللىك ھاسىل بولىدۇ .

مۇھەممەدسالىھ مەتروزىنىڭ «ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى ۋە كۈندۈزدىكى مىڭبىر كېچە» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدا نەق مەيدانىنى كۆزىتىش شەكلى ئارقىلىق ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 90-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئۈرۈمچى ياشلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئېچىپ بېرىلگەن. ئىقتىسادنىڭ بەلگىلىك نىسبەتتە تەرەققىي قىلىشى بىلەن شەھەر كىشىلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئەندى خېلى كۆپ قىسىم ئائىلىلەر قورساق تويغۇزۇش ھەققىدە باش قاتۇرمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. ماددىي جەھەتتىكى دەسلەپكى قەدەمدىكى بۇنداق تويۇنۇش ئەسلىي خۇشاللىنىشقا، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش ئىدى. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قىسىم ئائىلىدىكى چوڭلاردا رېستوران ۋە تۈرلۈك نامىلاردىكى ئايىغى چىقمايدىغان «چاي» قىزغىنلىقى ئەۋج ئالدى. رېستوران ۋە «چاي»لاردىكى يېمەكلىك بىلەن ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى تېما مۇناسىۋىتى بىلەن

دېمەي تۇرايلى، ئائىلىلەردە باللار قاراقسىز قالدى. رېستوران ۋە «چاي»لار ئاتا - ئانىلار بىلەن باللارنىڭ ئارىلىقىنى بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. باللار يېيىش - ئىچىش ۋە كىيىنىشتىلا ئەمەس، مەنىۋىي جەھەتتىنمۇ ئاتا-ئانا ۋە ئائىلە مېھرىگە قېنىشى، تويۇنۇشى كېرەك ئىدى. كەڭ ئومۇملاشقان تېلېۋىزىيەمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ بولالمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرمۇشىمىزغا تور مەدەنىيىتى كىرىپ كەلدى، كوچا-كوچىلاردا، ھەتتا بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىمۇ چوڭ-كىچىك تورخانىلار پەيدا بولۇپ، مەنىۋىيەتتە ئىنتىلىپ - ئىچىرقاپ تۇرغان باللىرىمىزنى جەلپ قىلدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى تېخى ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇلار بېرىشقا تېگىشلىك بولمىغان «مىڭبىر كېچە» دىسكوخانىسىغا ئوخشاش سورۇنلارغا بارىدىغان بولدى. «شەھەرلەردە، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرمۇش باياشات ئۆتىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ خىزمەتكە، جەمئىيەتكە ۋە دوست - بۇرادەرلەر قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىشقا، ئالاقە قىلىشقا ئاجرىتىدىغان ۋاقتى ئۇلارنىڭ ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە ئاجرىتىدىغان ۋاقتىنى ئازايتىۋەتكەن. ھەر خىل ئۇچۇرلارنىڭ ھەر خىل ياش قورامدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشى تېز بولغاچقا، بۇ شەھەردىكى يېڭىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن يېڭىلىنىشى يۇقىرى. بۇ ھال بولۇپمۇ يېڭىلىققا ئالاھىدە سەزگۈر كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىشنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. «مىڭبىر كېچە» ئۈرۈمچىدىكى چىقىمى ئانچە يۇقىرى بولمىغان دىسكوخانا بولغانلىقى ئۈچۈن ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىمالال كىرىپ - چىقالايدىغان، نۇرغۇن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئادەتتىكى بىرى» («مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» 186-بەت). بىز ئاتا-ئانا بولغۇچىلار باللارنىڭ ئۆرنىكى، باللار بىزنىڭ ئەينىكىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىي ھالىتىدىن بۈگۈنىمىزنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمى بىلەن ھېچقانچە يىراق بولمىغان ئەتىمىزنى كۆرىمىز ۋە كۈتىمىز. ئەمما، بۇ باللارغا قاراپ ئەشۇ ئەتىمىزدىن گۇمانلانماي تۇرالايمىزمۇ؟ ئۈمىدسىزلەنمەيمىزمۇ؟ لېكىن، بىزنىڭ ئەشۇ باللارنى ئەيىبلەشكە زادى قانچىلىك ئاساسىمىز بار؟ ... مۇھەممەدسالىھ مەتروزى بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىدا بۇنداق چوڭ داۋراڭلارنى سۆزلەپ ۋەزخانلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا نەق مەيدان تەكشۈرۈشىدىن ئېرىشكەن ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئاتا - ئانا بولغۇچى بىزلەرنى نېمىلەرگە ئېرىشىپ نېمىلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىپ، كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چالدى. مېنىڭچە «ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى ۋە كۈندۈزدىكى مىڭبىر كېچە» ناملىق بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ رېئال قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە.

قىسقىسى، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنى ئاساس قىلىپ، دەۋرىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە ئاخباراتلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان تېمىلارنى تاللاپ چىقالىدى، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ھەتتا ئىز قوغلاش ۋە نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئارقىلىق پاكىت توپلاپ، بۇ پاكىتلارنى ئاخباراتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلىدى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ كىتابخانلار ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ۋە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاپتورنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇخبىرغا خاس زېرەكلىك بىلەن يازغۇچىغا خاس تىل ئىستېداتى مۇجەسسەملەنگەچكە، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى قايناق ھېسسىياتقا، قويۇق دەۋر پۇرىقىغا ۋە ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى رايونىمىزدا دەرىجىسى ۋە سوممىسى خېلى يۇقىرى بولغان مۇكاپاتقا ئېرىشتى، گۈلنىسا ئىبراھىم، دىلمۇرات تەلئەتلەرنىڭ خەنزۇچىلاشتۇرۇشى بىلەن «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008- يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىندى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى بولۇپمۇ يېڭى ئەسىر كىرگەندىن كېيىن يازغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىككى بىلىكى ۋە ھالال نىيىتىگە

تايىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تىرىشىپ ياشاۋاتقان ئاددىي كىشىلەرنى باش قەھرىمان قىلىپ، ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىدا ئادەتتىكە ئايلىنىپ قالغان تۆھپىكار چولپانلارنىلا يېزىش ئەندىزىسىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ يېزىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئۈلگە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەشۇ ئادەتتىكى كىشىلەر باش قەھرىمان قىلىنغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چىدامچان، قەيسەر، ئۈمىدۋار روھىغا ئاتاپ تۇرغۇزۇلغان مەنىۋى ئابىدىلەر بولۇپ قالدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بىز مۇھەممەدسالىھ مەترۇزىنى ئادەتتىكى كىشىلەر تېمىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا ئېلىپ كىرگۈچى باشلامچى يازغۇچى دېيەلەيمىز .

## پايدىلانمىلار


1. مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى: «مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت!...»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997-يىلى 1-ئاي نەشرى.
2. مۇھەممەد سالىھ مەترۇزى: «مەن بۇ شەھەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشاپ قالدىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى 7-ئاي نەشرى .
3. «تارىم» ۋە «نەگىرتاغ» ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى .


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2012) 02_096_09

# كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئانالىز قىلىشقا ئائىت بەزى ماھارەت توغرىسىدا*

باتۇر مەخسۇت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئانالىز قىلىش ماھارىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ــ زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. يەنى ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى بايقىيالايدىغان، ئۇنىڭغا باھا بېرەلەيدىغان ھەمدە گۈزەللىكنى ئىجاد قىلالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن فىلىمنى تەھلىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش. تەھلىل قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەش، سېنارىيەنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقىنى تېپىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، سەنئەت جەھەتتە زۆرۈر بولغان تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ماقالىدە بۇلار ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئانالىز قىلىشنىڭ بەزى ماھارەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：怎样才能提高影视剧作分析的要领呢？最好的方法，就是要注重人们欣赏能力的培养，既使欣赏者发现美、鉴赏美和创造美能力的修养。这就要求我们认识剧作分析的重要性、抓住剧作突出的特点、具备比较鉴别的能力和必要的艺术修养等。本文就从这个角度进行比较细致而全面的论述，指出影视剧作分析的一些技巧。

**Abstract:** How can the skill of analyzing film and television works be fostered? The basic method for doing so is raising the ability of audiences to appreciate such works. That is, to increase their ability to recognize, evaluate, and create beauty. In doing so, it is very important to understand the importance of analyzing films. It is equally important to pay special attention to preparing well for the analysis, to understanding the basic characteristics of the script, and to comparing and thereby to finding differences. Emphasis must also be placed on the training needed from an artistic standpoint. This article will thoroughly consider all of these via real-world examples, and will outline the various skills necessary for analyzing film and television works.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

كىنو ـ تېلېۋىزىيە سېنارىيە يېزىقچىلىقىدا مۇنداق تۆت نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم: بىرىنچىدىن، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە كۆپ ئويلىنىشقا؛ ئىككىنچىدىن، سېنارىيە قۇرۇلمىسىنى تۈزۈش، كۆپ يېزىش ۋە كۆپ مەشىق قىلىشقا؛ ئۈچىنچىدىن، سەنئەت بىلىملىرى جەھەتتە كۆپ تەربىيەلىنىشكە (يەنى مۇزىكا، تىياتىر، رەسساملىق بىلىملىرى جەھەتلەردە)؛ تۆتىنچىدىن، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ئۈستىدە كۆپرەك تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. گەرچە ئالدىنقى ئۈچ مەزمۇن ھەققىدە بىر قىسىم مۇھاكىمىلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزمۇن توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ تونۇشى دېگەندەك يېتەرلىك بولماي كەلدى. شۇڭا بىز مەزكۇر ماقالىدە مۇشۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدۇق.

## 1. فىلىم ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىش كېرەك

مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان نادىر ئەسەرلەردىن زوقلىنىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: باتۇر مەخسۇت (1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، دوتسېنت، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۆگىنىشتۇر. چۈنكى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە كۆپرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. زوقلىنىش ئىقتىدارى مېنىڭچە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرتتۇر. زوقلانغۇچىدا چوقۇم گۈزەللىكنى بايقىيالايدىغان، ئىجاد قىلالايدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا باھا بېرەلەيدىغان ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ زوقلىنىش قابىلىيىتى كەمتۈك بولسا، ئىجادىيەتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە سېنارىيە يېزىقچىلىقى ياكى ئوبزورچىلىقى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلار، چوقۇم ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەسىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا، يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆپرەك كۆرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كىنوچىلىق بىلىمى جەھەتتىكى نەزەر دائىرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. «ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرۈش» بىلەن «تەپسىلىي كۆرۈش»نى (يەنى يۈزەكى كۆرۈش بىلەن ئىنچىكە كۆرۈشنى) بىرلەشتۈرۈش كىنو كۆرۈشتىكى ماھارەتلەرنىڭ بىرىدۇر. «ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرۈش»، گويا ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك، مەلۇم فىلىم ھەققىدىكى يۈزەكى تەھلىل بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا ۋاقىتنى تېجەپ تېخىمۇ كۆپ فىلىم كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، «تەپسىلىي كۆرۈش» بولسا، بىرەر فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىتا ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھەم ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىپ خاتىرە قالدۇرۇشتۇر. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، فىلىمنى سېنارىيەلىك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر، چۈنكى كىنوچىلىق ساھاسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىنو سېنارىيەسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. دېمەك مەيلى رېژىسسورلۇق، ئاكتيورلۇق، ئوپېراتورلۇق ياكى ئۈن ئېلىشلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك ھېكايە بايان قىلىش، سۈژىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش، مەركىزىي ئىدىيەنى ئېچىپ بېرىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەل سېنارىيەنىڭ مەزمۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## 2. ئەسەرنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەش كېرەك

كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلىق خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالدى بىلەن مەقسەتلىك ھەم نىشانلىق فىلىم كۆرۈش بىلەن بىرگە مول تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شۇ فىلىمنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىنچىكە ھەم ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئېستېتىك ئۇچۇر مەنبەسىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تەييارلىق باسقۇچىدا يەنە ئانالىز قىلماقچى بولغان شۇ فىلىمگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەنى شۇ فىلىمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، رېژىسسور، سېنارىست، ئارتىس قاتارلىق مۇھىم ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ھاياتى ۋە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆھبەتلەر، فىلىم ھەققىدىكى ئېلان ھەم شۇ فىلىمنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق توپلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە باشقىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن كۆزقاراشلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۆزىگە خاس ئىجادىي پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت بولسۇن ياكى ئەدەبىي تەنقىد بولسۇن، ئۇنىڭ ھاياتىي قىممىتى ئوخشاشلا يېڭىلىق يارىتىشتا كۆرۈلىدۇ. پەقەت يېڭىچە كۆزقاراش بىلەن يېڭىچە تەسەۋۋۇرلا سىزنىڭ ئىجادىيەتتىكى نەتىجىڭىزنى نامايان قىلىپ، تەتقىقات خاسلىقىڭىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

بىر پارچە ئەدەبىي تەنقىد ماقالىسىنىڭ قۇرۇلمىسى

ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن جاپالىق مەنىۋى ئىجادىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، نېمىنى يېزىش يەنى نېمىنى تەتقىق قىلىش؛ يەنە بىرى، قانداق يېزىش يەنى قانداق تەتقىق قىلىش. ئالدىنقىسى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەقسىدى بىلەن مەزمۇنىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى ماقالە پىكىر يولىنىڭ تەدرىجىي روشەنلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى ئەمەلىيەتتە دەل مەقسەت بىلەن پىكىر يولىنى بەلگىلەش جەريانىدۇر.

تەتقىقات مەزمۇنى بىلەن مەقسەتنى بەلگىلەشتە، ئەدەبىي تەنقىدچى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىقىش ئالاھىدىلىكى بويىچە تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم نۇقتىنى تاللىۋېلىشى، يەنى تەھلىل قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى، بۆسۈش ئېغىزىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. بىر پارچە كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسىرى نۇرغۇن بەدىئىي ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا قارىتا تەھلىل يۈرگۈزگەندە ئەلۋەتتە كۆپ تەرەپلىمىلىك نۇقتىلاردىن ھەم قاتلاملاردىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىسىمۇ، ئايرىم تەپسىلاتلارنى تاللىۋېلىپ تەھلىل قىلىسىمۇ، ھەتتا مەلۇم كۆرۈنۈش، مەلۇم مەيدان ھەم ئۇسۇل قاتارلىقلار ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزسىمۇ بولىۋېرىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، مەلۇم تۈردىكى كىنو - تېلېۋىزىيە ھادىسىلىرى بىلەن ئېقىملار، ئۇسلۇب جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يۈرۈشلەشكەن ئەسەرلەر، تېما جەھەتتە ئوخشايدىغان فىلىملەر ھەمدە كىنو - تېلېۋىزىيەنىڭ تارىخىي باسقۇچلاردىكى مەلۇم يۈزلىنىشلىرى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا، كىچىكرەك جەھەتتىن ئالغاندا، مەلۇم رېژىسسورنىڭ رېژىسسورلۇق ماھارىتى ھەققىدە، مەلۇم سىنارىستنىڭ سىنارىيەلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ھەققىدە، مەلۇم كىنو ئارتىسىنىڭ ئاكتىيورلۇق ماھارىتى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ تۈرلۈك باھا ھەم تەھلىللەرنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوپېراتور، كىيىم - كېچەك، گىرىم، ئالاھىدە تېخنىكىلىق ماھارەت قاتارلىق ھەرقايسى نۇقتىلاردىن باھا بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى، كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش ۋە ئۇنى ئىجاد قىلىشتا ھەمدە پۈتكۈل كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ. دېمەك ئۇ ئېستېتىك زوقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. كىنو - تېلېۋىزىيەنىڭ تەنقىدچىلىك ئۆلچىمى ئىجتىمائىي ئۆلچەم، بەدىئىي ئۆلچىمى، سودا ئۆلچىمىدىن ئىبارەت تۈرلۈك ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بىرقەدەر مۇرەككەپ سىستېمىلىق قىممەت كۆرسەتكۈچىدۇر. ۋاھالەنكى، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىغا ئوخشاشلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقان ئاجىز ھالقىدۇر. شۇڭا ئىلمىي بولغان كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەپ تەرغىپ قىلىش نۆۋەتتىكى جىددىي ھەم تەخىرسىز ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى ئاساسەن، جەمئىيەت تارىخى بىلەن ئاڭ فورمىسى تەنقىدچىلىكى، مەدەنىيەت بىلەن ئەسەر تەنقىدچىلىكى، كۆرۈش بىلەن ئاڭلاش بىر گەۋدە قىلىنغان ئانتولوگىيەلىك تەنقىد قاتارلىق نۇقتا ھەم ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدچى مەلۇم بىر ئەسەرنى ئانالىز قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت ئوبيېكتىغا قاراپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان تەتقىقات نۇقتىسى بىلەن ئۇسۇلىنى تاللاپ، بىرقەدەر روشەن بولغان مېتودولوگىيە ئېڭىنى تۇرغۇزۇشقا دىققەت قىلىشى لازىم.

كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىشتا، ئەسەرنى كونكرېت تىپقا ئايرىپ، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى تەييارلىقنى ئەتراپلىق ھەم تولۇق ئىشلەش بىلەن بىرگە، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختا تۈزۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. دېمەك ماقالە يازغاندا ئەقلىيلىك بىلەن ھېسسىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە،

ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزىتىش بىلەن ئايرىم تەپسىلاتلارنى تەھلىل قىلىشقا، تىل بىلەن يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ جانلىق ھەم ئوبرازلىق، ئاددىي ھەم تەبىئىي بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 3. فىلىمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

مېنىڭچە، مەلۇم بىر فىلىم ئۈستىدە بولىدىغان تەھلىل ئاساسەن مۇنۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) تېما تاللاش؛ (2) سەنئەتكارنىڭ بايان ئۇسلۇبى؛ (3) سېنارىيە شەكلى؛ (4) سۇژېت قۇرۇلمىسى؛ (5) پېرسوناژلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ (6) خاراكتېر يارىتىش؛ (7) مەركىزىي ئىدىيەنى ئىپادىلەش؛ (8) قۇرۇلما تۈزۈش ئۇسۇلى؛ (9) تەپسىلات تەسۋىرى؛ (10) دىيالوگ؛ (11) ئاۋاز بىلەن كۆرۈنۈشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك سېنارىيەلىك تەھلىل دېگىنىمىز، مەلۇم بىر فىلىمنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا بولىدىغان ئانالىز ھەم باھا بولۇپ، بۇنىڭدا شۇ فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىپ كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

شۇ نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى، مەلۇم بىر فىلىمنى تەھلىل قىلغاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلارنىڭ ھەممە تەرىپىنى قويماي ئانالىز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى شۇ فىلىمدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قىسمىنى تەھلىل قىلساقلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ھال خۇددى بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ تەسۋىرلىگىنىمىزگە ئوخشايدۇ. شۇڭا فىلىمنى تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپىنى بايقاشقا ھەم قېزىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

مەسىلەن: «چيۇ جۈننىڭ ئەرز قىلىشى» ناملىق فىلىمنى ئانالىز قىلىشتا، مېنىڭچە ئاز دېگەندە مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

**(1) تېما تاللاش جەھەتتە.** ئېلىمىزدە نۇرغۇن يېزا بار بولۇپ، بۇ يەردە كۈنىگە ھەرخىل دراماتىك ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ فىلىمنى ئىشلىگۈچى سەنئەتكار بولسا، يېزىلاردا ھەمىشەم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر ئىشنى، يەنى چيۇ جۈن ئىسىملىك سەھرالىق بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ كەنت باشلىقى تەرىپىدىن خورلىنىپ تەن جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىغا نارازى بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن تارتىپ تاكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكىچە ئەرز قىلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەنى تاللىۋالىدۇ. گەرچە بۈنى ھازىرقى بەزى يامان نىيەتلىك كەنت باشلىقلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان يەرلىك زوراۋانلارنىڭ قىلمىشىغا ھەمدە ئاياللار بىلەن باللارنى ئالداپ سېتىپ پۇل تېپىۋاتقان بەزى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە بىر ئىش دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما فىلىم ئىشلىگۈچى سەنئەتكار تەرىپىدىن ئىپادىلەنگەن ئەرز قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ جەريانىدىن، بىز جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا بىر قىسىم ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۇسۇللىرىنى مەلۇم جەھەتتىن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

**(2) ئۇسلۇب جەھەتتە.** ئېلىمىزنىڭ كىنو رېژىسسورلىرى ھېكايە فىلىملەرنىڭ چىنلىقى ئۈستىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئۈزۈلمەي ئىزدىنىپ كەلدى. بولۇپمۇ تۆتىنچى ئەۋلاد كىنو رېژىسسورلىرىمىز بىر تۈركۈم ھۆججەتلىك خاراكتېرگە ئىگە فىلىملەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا «چيۇ جۈننىڭ ئەرز قىلىشى»غا ئوخشاش ھۆججەتلىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك ئەسەرلەر ئانچە كۆپ بولمىدى. ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىقتىدارلىق بىر قىسىم سەنئەتكارلىرىمىز تۆتىنچى ئەۋلاد رېژىسسورلار بىلەن، پەقەت فىلىمنىڭ ھۆججەتلىك خاراكتېرى جەھەتتىلا رىقابەتلىشىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى فىلىمنىڭ كومېدىيەلىكلىكى بىلەن ھۆججەتلىك خاراكتېرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، دېمىدىمىلىك ھەم

قىزىقارلىق بولۇشتەك ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى.

**(3) باش تېمىنى ئىپادىلەش جەھەتتە.** مەزكۇر فىلىم تاشقى جەھەتتىن «جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ ئويغىنىشقا باشلىغانلىقى»نى ئىپادىلەيدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ پەقەت ئەسەر باش تېمىسىنىڭ تاشقى پوستى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغىنى چيۇ جۈن بىلەن كەنت باشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە كەسكىن زىددىيەت-توقۇنۇشتۇر. كەنت باشلىقىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئادەم ئۇرغانلىقى، ئەينى مەزگىلدىكى جۇڭگو يېزىلىرىدا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتكىدەك ئىشمۇ ئەمەسىدى. چۈنكى، كەنت باشلىقى يەرلىك خاقانغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەنىدى.

تۆۋەندە بىز كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى قانداق تەھلىل قىلىشنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن «مونچىغا چۈشۈش» ناملىق فىلىمنى قىسقىچە ئانالىز قىلىپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

**(1) تېما تاللاش جەھەتتە.** كىشىلەر بىر مەھەل مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى تېما قىلىنغان بەزى فىلىملەرنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشتى، چۈنكى بۇ خىل فىلىملەردە ئىپادىلەنگەن كۆپ سانلىق كۆرۈنۈشلەر تاماشىبىنلار تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەڭ تونۇشلۇق ئىشلار ۋە ئادەملەر ئىدى. دېمەك، بۇنداق فىلىملەرنىڭ دىراماتىك تۈسى بىر قەدەر ئاجىز بولغاچقا، كىشىگە يېڭىلىق يوقتەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كىنو خادىملىرى بىر مەھەل رېئال مەركىزىي شەھەر تۇرمۇشىدىن يىراقلىشىپ، ئەنئەنىۋى تۈس ئالغان گۇمپا فىلىملىرىنى ياكى تارىخىي تېمىدىكى فىلىملەرنى ئىشلەشكە ھەۋەس قىلسا، يەنە بەزىلىرى مەركىزىي شەھەرلەردىكى ئوغرى، قاراقچى، قارا جەمئىيەت كاتتىباشلىرى، ناخشىچى ئاياللارغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن شەخسلەرنى ئىپادىلەشكە، ياكى بولمىسا كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان غەلىتە ۋەقەلەرنى توقۇشقا قىزىقتى. ۋاھالەنكى، «مونچىغا چۈشۈش» ناملىق فىلىم دەل مۇشۇ خىل چاكىنىلىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، بېيجىڭدىكى چېقىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر كونا مونچىنى ۋەقە بايانىنىڭ مەركىزىي مۇھىتى قىلىپ تاللىۋالدى، دېمەك سەنئەتكار فىلىمدە سەتەڭلەرنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، بەلكى بىر توپ ياشانغانلارنى نۇقتىلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىپ تەسۋىرلەپ، تېما تاللاش جەھەتتە خېلى بوسۇش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ياراتتى.

**(2) فىلىم ئۇسلۇبى ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە.** مەزكۇر فىلىمدە دىراماتىك خۇسۇسىيەت ۋە ئاجايىپ - غارايىپ غەلىتە ۋەقەلەر سۈنئىي ئۇسۇلدا توقۇپ چىقىلغان بولماستىن، بەلكى تەپسىلاتنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، يەنى «مەخسۇس ھېسسىيات»نى ئىپادىلەش ئاساس قىلىنغان. دېمەك فىلىمنىڭ تاماشىبىنلار قەلبىنى لەرزىگە سالالىغانلىقىنىڭ مۇھىم سىرى شۇكى، ئاددىي ھەم ئىجادچانلىققا باي تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى، خېرىدارلار بىلەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى، خېرىدارلار بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ھەم سەممىي چىن ھېسسىياتنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدىدۇر.

**(3) مۇھىت تاللاش جەھەتتە.** ۋەقە بايان قىلىنىدىغان مۇھىتنى كونا مونچىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەم دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پەۋقۇلئاددە ئېتىنىك ئۆرپ - ئادەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت چوقۇم پەۋقۇلئاددە بىرخىل جەمئىيەت ۋە تەبىئىي مۇھىت ئىچىگە قويۇلۇشى كېرەك. بۇ ھال خۇددى بېيجىڭنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى تۆت ئائىلىلىك چاسا قورۇلىرىدىكى ئالاھىدە بىرخىل كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق قورۇدا ياشايدىغان قوشنىلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە كۆپ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىك بولمايدۇ، كىمنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقى، ھەتتا نېمە تاماق يەۋاتقانلىقىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلىپ تۇرۇشىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ئىنتايىن يېقىن بولىدۇ. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېگىز

بىنالارغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىنكى بېكىنمە ھالىتىمىز، ئىلگىرىكىدەك پەۋقۇلئاددە يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھەتتا بىر ـ بىرىمىزنى تونۇمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ۋاھالەنكى، فىلىمدە ئىپادىلەنگەن پەۋقۇلئاددە كىشىلىك مۇناسىۋەت بولسا، ئاجايىپ گۈزەل ئادىمىيلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، بۇ ھال سەنئەتكارنىڭ نەزەرىدە ھەتتا پۇل مۇناسىۋىتىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن دەپ قارالدى. شۇنداق قىلىپ، مونچىدىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىت، ئادەتتىكى بىر تەبىئىي مۇھىت بولماستىن، بەلكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىرخىل بەدىئىي ۋاستە بولۇپ قالدى.

**(4) باش تېمىنى ئىپادىلەش جەھەتتە.** مەزكۇر فىلىمنىڭ باش تېما مەزمۇنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاپتور نەزەرىنى مەخسۇس جەمئىيەت كۈنسايىن بازارلىشىشقا ھەم تاۋارلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى قىممەت قارىشىنىڭ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ھېسسىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە قارىتىپ، يېڭىچە ئىجتىمائىي شارائىتتا ئادىمىيلىك مۇناسىۋەتنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دېيدىغان مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ۋاھالەنكى، مەلۇم بىر فىلىمنى تەھلىل قىلىش، ھەرگىزمۇ شۇ فىلىمنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە قويماي ماختاش دېگەنلىك ئەمەس. فىلىمنى تەھلىل قىلىشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى، فىلىمدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، شۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئانالىز قىلىشتۇر. دەرۋەقە، مەزكۇر فىلىمنىڭ ئاپتورىمۇ ئوخشاشلا ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن فىلىملەردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كېسەللىكتىن ئانچە خالىي بولالمىغان: خۇددى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان باش تېمىنى تاماشىبىنلارنىڭ چۈشىنەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، فىلىمنىڭ باش تېما ئىدىيەسىنى پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق بىۋاسىتە بايان قىلغان. مەسىلەن: فىلىمدە «يۇيۇنۇش ئادەمنىڭ روھىنى ساپلاشتۇرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر خېلى كۆپ تەكرارلىنىدۇ، بۇ ھال كىشىگە ئاپتور بىۋاسىتە مەيدانغا چىقىپ تەربىيە بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر فىلىمنىڭ باش تېمىسى ئالاھىدە بولسىمۇ، لېكىن خاسلىقى بىرقەدەر ئاجىز بولۇپ قالغان.

**(5) قۇرۇلما جەھەتتىن ئالغاندا.** پۈتكۈل فىلىمنىڭ بايانى بىر قەدەر راۋان بولۇپ، تەپسىلاتنىڭ رولى گەرچە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە چېچىلاڭغۇلۇق تۇيغۇ بەرمەيدۇ. ۋاھالەنكى، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، فىلىم ئاپتورى باش تېمىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بىرقىسىم ماكان ـ زامان خاراكتېرلىك خىيالىي مەزمۇنلارنى زورمۇزور قىستۇرۇپ ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، مەزكۇر فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن: يېڭىدىن توي قىلىپ كەلگەن شىمالىي شەنشىلىك ئايالنىڭ مونچىغا چۈشۈشى ۋە شىزاڭلىقلارنىڭ مۇقەددەس كۆلگە بېرىپ يۇيۇنۇشى قاتارلىق مەزمۇنلار، فىلىمنىڭ سۇژېت تەرەققىياتى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق، بۇ دەل ئاپتورنىڭ ئاللىقاچان ئېنىق ئىپادىلەپ بولغان فىلىمنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە قوللانغان ئىسخېمىلىق شەرھى بولۇپ، بۇ ھال فىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلىكى بىلەن مۇكەممەللىكىنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئاددىي ئۇسلۇبىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن.

## 4. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقىنى تېپىشقا دىققەت قىلىش كېرەك

مەلۇم بىر فىلىمنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنى باشقا فىلىملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر يەككە ھالدا بىرلا فىلىمنى ئانالىز قىلغاندا، شۇ فىلىمدە نېمە ئىش يۈز بەرگەن بولسا، پەقەت شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە، فىلىمنى ماكرولۇق جەھەتتىن ئەتراپلىق ئىگىلەپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

سېلىشتۇرۇش دېگىنىمىز ــ مەلۇم فىلىمنىڭ كىنوچىلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە يەتمەكچى بولغان سەۋىيەسىنى، بويىغا ۋە توغرىسىغا ئىككى يۆنىلىش بويىچە تەكشۈرۈپ باھالاشنى كۆرسىتىدۇ. بويىغا تەھلىل قىلىش، شۇ فىلىمنى بىر پۈتۈن كىنو تەرەققىيات تارىخى

ئېچىگە قويۇش، بولۇپمۇ ئوخشاش تۈردىكى ئەسەر ئىچىگە قويۇپ ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «خۇنەنلىك ئايال شياۋ شياۋ» جۇڭگودىكى يېزا ئاياللىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن فىلىم بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ كىنوچىلىق تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق بۇنداق تۈردىكى فىلىملەرنىڭ خېلى كۆپ ئىشلەنگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز، مەسىلەن: «بەخت تىلەش»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىقلارغا ئوخشاش. گەرچە بۇ فىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاياللارنىڭ تىراگېدىيەلىك تەقدىرى ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن نۇقتا ھەم چوڭقۇرلۇق ئوخشىمايدۇ. «بەخت تىلەش»تە، شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەسىنى ئەينى مەزگىلدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى رەزىل كۈچلەرگە باغلاپ، ئەرلەر ھاكىمىيتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيتى ھەم سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاقكۆڭۈل ئاياللارنى نابۇت قىلغان جىنايى قىلمىشى ئېچىپ بېرىلگەن بولسا، «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق فىلىمدە، «سىنىپىي زۇلۇمدىن ئىبارەت باش تېما ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، خۇاڭ شىرېنغا ئوخشاش زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ شي ئېردەك بىگۇناھ ئاياللارنى ۋەيران قىلغان رەزىل قىلمىشى قامچىلىنىدۇ. دېمەك بىز مانا مۇشۇنداق ئوخشاش تۈردىكى بىر يۈرۈش فىلىملەرنى، «خۇنەنلىك ئايال شياۋ شياۋ»غا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بەزى پەرقلەرنى تېپىپ چىقالايمىز، يەنى شياۋ شياۋنىڭ پاجىئەسىنى ھەرگىزمۇ سىنىپىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر فىلىمدە شياۋ شياۋغا زىيانكەشلىك قىلغان رەزىل كۈچلەرنىڭ بىرەر ۋەكىلىنىمۇ ئۇچرىتالمايمىز. دېمەك شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شياۋ شياۋنىڭ مۇھەببىتىنى كۆز بىلەن بىۋاستە كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق ئاڭ نابۇت قىلغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇخىل فېئوداللىق ئۇرۇقداشلىق ئاڭ شۇ جايدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق ئاڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدە، يەنى قېيىنئانىسىدا، يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن يىگىتىدە، ھەتتا شياۋ شياۋنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇت، ئۇ گويا ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەممىلا ئادەمنىڭ روھىنى قاتتىق چىرمىۋالغان. شياۋ شياۋنىڭ قېيىنئانىسى ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھەم شياۋ شياۋغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى. شياۋ شياۋمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە كېلىپ كېيىنكى بىر ئەۋلاد كېلىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئايلانغۇچىدۇر. دېمەك بىز مەزكۇر فىلىمدىن سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ جۇڭگو يېزا ئاياللىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ھەم كۆپ قاتلاملىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر بىز مەزكۇر فىلىمنى ئەنە شۇنداق بويىغا قارىتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلمىغان بولساق، يۇقىرىقىدەك تونۇشقا ئىگە بولالىشىمىز تەسكە توختىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

تۇغرىسىغا سېلىشتۇرۇش ــ مەلۇم بىر فىلىمنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن، ئوخشاش بىر خىل تۈردىكى فىلىم بىلەن سېلىشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «سۆزلۈك ئەينەك» ناملىق فىلىم، زامانىۋى مەركىزىي شەھەر تۇرمۇشى تېما قىلىنغان كومېدىيەلىك فىلىم بولۇپ، بۇنداق فىلىملەرنى نۆۋەتتە خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مەسىلەن: «ئۇچراشمىغىچە ئايرىلماسلىق»، «ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلار» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق كومېدىيەلىك فىلىملەردۇر. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەركىزىي شەھەر تۇرمۇشى تېما قىلىنغان نۇرغۇن كومېدىيەلىك فىلىملەرنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئىپادىلىگەن چاغدا، ھەمىشەم دېگۈدەك ئاددى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن چەتنەپ كېتىدىغان ناتونۇش تېمىلارنى تاللاپ ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ياكى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: «ئۇچراشمىغىچە ئايرىلماسلىق» ناملىق فىلىمدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش، ئاساسەن ئېلىمىز پۇقرالىرىغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن غەلىتە تۇرمۇش بولسا، «ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلار»دا ، تۇتقۇن قىلىشتىن ئىبارەت بىمەنە بىر ۋەقە ئەسەر سۇژېتىنىڭ يادروسى قىلىنغان. ۋاھالەنكى «سۆزلۈك ئەينەك» ناملىق فىلىمنى مانا مۇشۇ خىل فىلىملەرگە سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭ روشەن ھالدا

پەرقلىنىپ تۇرىدانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دېمەك، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، كۆپ سانلىق كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان رېئال ۋەقەلەردىن ئىبارەت، يەنى ئۇنىڭدا: «سىچۇەنلىك شاكىچىك» دەپ ئاتالغان بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىش ئىزدەپ شاڭخەيگە كېلىپ، بىر كىچىك ئاشخانىدا يالىنىپ ئىشلىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. فىلىمدە، ئۇمىدۋار ھەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىغان بۇ ئىشلەمچى يىگىتنىڭ ئاشخانا خادىملىرى ھەمدە خېرىدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

سۇژىت جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، ھەددىدىن زىيادە قىلىنغان مۇبالىغىلەشتۇرۇشلەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئۇ بىلىپ ـ بىلمەي ئىختىيارسىزلا ئەر ـ ئايال خوجايىنلارنىڭ شۇنىڭدەك كېيىن كېلىپ ئەر خوجايىنىنىڭ ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىشلەمچى قىز قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىش زىددىيەت-توقۇنۇشلار قايىنىمىغا كىرىپ قالىدۇ. فىلىمنىڭ مۇھىم كومېدىيەلىك خۇسۇسىيىتى، ئاساسەن «سىچۇەنلىك شاكىچىك» بىلەن باشقا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ھال ئەرزىمەس بۇ ئاددى پېرسوناژنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، دېمەك بۇنىڭدىن تاماشىبىنلار، ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىت ئالدىدا ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن مۇشكۈلاتتىن، ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى بويىچە قۇتۇلۇپ چىققانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ فىلىمنى تۇرمۇشقا ئىنتايىن يېقىنلاشقان، ئۆزىگە خاس بىرخىل ئاددى ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن يېنىك تىپتىكى كومېدىيەلىك فىلىم دەپ ئېيتالايمىز. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، فىلىم ئىشلىگۈچى سەنئەتكار، سۇژىتنى تۇرمۇشلاشتۇرۇشقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، كۈندىلىك تۇرمۇش ئىچىدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تېخىمۇ ئېسىل نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىشقا نائىل بولالمىغان، شۇڭا فىلىم كىشىگە بەكمۇ ئاددىيدەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

## 5. زۆرۈر بولغان بەدىئىي تەربىيەلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەلۇم بىر فىلىمنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سەنئەت جەھەتتە ئەتراپلىق تەربىيە ئېلىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ ھېس قىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرى، تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تەربىيەلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش كېرەك. چۈنكى كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئىتى يۈكسەك ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغاچقا، ئەدەبىي تەنقىدچىلەردىن كەڭ ھەم مول بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كىنو ـتېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولسا، ئاجايىپ ئۆزگىرىشچان ھەم رەڭدارلىققا تولغان تەبىئەت بىلەن كىشىلىك ھايات بولۇپ، ئەگەر ئۇلاردا كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە ئائىت مول بىلىم بولمىسا ئەسەر تەھلىل قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى تەس، ئەلۋەتتە. ئالايلى: «مەلىكە ئامانىيساخان» ناملىق فىلىمدە ئىپادىلەنگەن تارىخىي شەخسلەر، 12 مۇقامغا ئائىت كۈي ۋە نەزەرىيەلەر، ئۆز دەۋرىگە خاس بىناكارلىق سەنئىتى، باغ ـ باراڭ، ھويلا ـ ئاراملار، ئىشلىتىلگەن ھەرخىل بۇيۇملار، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەر، ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇراسىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، سەنئەتكارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدە ۋە ئۆز تارىخى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە قىلىدىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنە ھېسابلىنىدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرى مانا مۇشۇ جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، سىستېمىلىق تەپەككۇر ۋە ئاجايىپ باي تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ، ئاۋاز، نۇر،

ئېلېكتىر، رەسىم، مۇزىكا، نەققاشلىق، ھۆسنىخەت قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرى، كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئەت ئىجادىيىتىدە بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدۇ ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىنو-تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەپەككۇر قىلىش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئەت ئۈچۈرلىرىنى كۆپ قاتلام بويىچە ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش بىلەن بىرگە، بىزنى كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ شەكىلدىن تارتىپ تاكى مەزمۇنىغىچە بولغان ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك، شۇنداقلا ئاجايىپ باي تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق ئوبراز يارىتىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇللىرىغا يوشۇرۇلغان ئىدىيە، روھ ۋە مەزمۇنلارنى چوڭقۇر قېزىپ ئېچىپ بېرىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئېستېتىك زوقلىنىش ۋە بىۋاسىتە ھېسسىياتقا ئىگە بولۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرىدە، چوقۇم ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر خىل ئېستېتىك سېزىم ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدچى ئۆزى بىۋاسىتە كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن زوق ئېلىپ، ھېس قىلىش، ئىدراك قىلىش، چۈشىنىش، ھېسسىياتلىنىش ھەم تەسەۋۋۇر قىلىشتەك ئېستېتىكىلىق پىسخىك ھالەتكە كىرگەن چاغدىلا، ئاندىن شۇ ئەسەرگە يوشۇرۇلغان چوڭقۇر مەنىلەرنى چۈشىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئانالىز قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچى كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن ئۇچرىشىپ بىۋاسىتە ھېسسىيات ئالماشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئەسەرگە باھا بېرىپ، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ ئورتاقلىق ھاسىل قىلىش بىلەن بىرلىكتە، سەنئەتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تۈردە نامايان قىلالايدۇ. مەسىلەن: سىز «رويالچى» ناملىق فىلىمنى كۆرۈپ، باش قەھرىمان پولشېسكىنىڭ دەل شۇ پەيتتىكى روھىي ھالىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئارقىلىق، ئۇ ياشىغان ئەينى چاغدىكى ئازابلىق تارىخىي دەۋرگە قايتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز ھەمدە ھاياتنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ قىممىتىنى ، ئىنسان تەبىئىتىنى، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىجادچانلىق روھىدىن يارىتىلغان سەنئەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى پەقەت بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەربىيەلىنىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

## پايدىلانمىلار

1. ئابلىمىت مۇھەممەت: «كىنو سېنارىيەسى ئىجادىيىتى ھەققىدە»، شىنجاڭ سەنئىتى، 93-يىل 2-سان.
2. ئۆمەر قادىر: «كىنوچىلىقىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، شىنجاڭ سەنئىتى، 94- يىل 4- سان.
3. قاھار جېلىل: «پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاقىدار بىر مۇھىم مەسىلە»، شىنجاڭ سەنئىتى، 93-يىل 5-سان.
4. ئەنۋەر رېھىم: «ئەنئەنە ۋە ئېكران سەنئىتى»، شىنجاڭ سەنئىتى، 2009-يىل 5-سان.
5. ئابلىمىت مۇھەممىدى: «شىنجاڭ كىنو-تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىياتىغا نەزەر»، شىنجاڭ سەنئىتى، 1999-يىل 4 -سان.
6. ئابدۇراخمان رېھىم: «ئۇيغۇر VCD فىلىملىرىگە نەزەر»، شىنجاڭ سەنئىتى، 2006-يىل 4-سان.
7. مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر كىنو-تېلېۋىزىيە سەنئىتىگە باھا»، شىنجاڭ سەنئىتى، 2006-يىل 3-سان.
8. ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا كىنو-تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012) 02-105-11

# «خەمسەئى نەۋايى» دىكى ئاياللار ئوبرازى ۋە نەۋايىنىڭ دەۋردىن ھالقىغان ئاياللار قارىشى*

گۈلجامال مەتىمىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : نەۋايى ئالدى بىلەن ئاياللارمۇ ياشاش ھوقۇقىغا ۋە سۆيۈش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ قارىغان. ئۇ ئاياللارنىڭمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئەل - ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن. شائىر ئاياللار ئۆزىنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆز ئىقتىدارىغا، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىق تىكلىشى كېرەك ھەم تىكلىيەلەيدۇ دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئاياللارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىدە ئائىلە تەربىيەسى، بولۇپمۇ ئانىلارنىڭ ساپاسى ۋە قىممەت قارىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ ھېسابلىغان. شائىر ئاياللار ئارىسىدىمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرالايدىغان بىلىملىك پادىشاھلارنىڭ، قابىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ، ئوت يۈرەك ۋاپادارلارنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە يەنە شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس، قارانىيەت ئاياللارنى ھەم ئاياللىق ئېڭى ۋە غۇرۇرى يوق ئويۇنچۇق ئاياللارنى سۆككەن.

**摘要**：首先，诗人认为女性也有生存权和爱情权，具有执政、为国为民立功、履行作为人的使命等方面的能力。其次，他认为女性能够靠个人才能和努力而自强并以此来奠定自己的家庭和社会地位。在他看来，家庭教育尤其是母亲的素质和价值观是女性自我意识确立的关键。诗人肯定了善于执政、博学的女王，有才干的女改革家，赞颂了忠诚于爱情而热血的女英雄形象，同时鞭挞了自私、贪婪、野心女人以及丝毫没有女性意识和自尊的玩偶女人。

**Abstract:** Firstly, Nava'i believed that women possessed the right to live and love. He confirmed that women had the ability to govern states, to contribute to their peoples and countries, and to carry out their responsibilities as humans. The poet believed that women must and could establish their place in the family and in society by reliance on their own ability and hard work. He considered that the fostering of women's sense of self was accomplished by parental instruction, and that the level and value system of mothers played a particularly crucial role. Along with affirming the existence of and praising women who had wisely governed states as monarchs, who had been able reformers, who had shown themselves to be fiercely loyal, and who had performed heroic feats, he also attacked women who were selfish and wicked, and who lacked feminine consciousness and pride.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I109 ماتېرىيال بەلگىسى: A

15-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئەلشىر نەۋايى (1441-1501) تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ ئىلغار ئېقىملىرىنىڭ بىرى — نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇرىتلىرىدىن ئىدى. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىنساننى ئۇلۇغلايدىغان گۇمانىزملىق قاراشلىرى نەۋايىنىڭ لىرىكىلىرىدا، داستانلىرىدا، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. نەۋايى ئۆز لىرىكىلىرىدا ئاللاھنى، مۇكەممەل ئىنساننى، ئاياللارنى، ۋەتەننى، خەلقنى ۋە ئۆز غايىلىرىنى «يار»

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: گۈلجامال مەتىمىن(1966-يىلى 1-ئايدا چىرا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان ) ، ماگىستىر، دوتسېنت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىماگى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، بۇ ئىماگىنى كەڭ مەنالارغا ئىگە قىلغان. شائىر «يار» ئىماگىنى كۈچلۈك بولغان ئاياللىق خۇسۇسىيەتكە، جەلپكارلىققا، سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، لىرىكىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئېستېتىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت بولغان ئىلغار قارىشىنى ئىپادىلىگەن. ئەمما نەۋائىينىڭ لىرىكىلىرىدا ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ سېھرىي كۈچىگە بولغان قايىللىق ئايرىم غەزەللەردە، غەزەللەرنىڭ بىر قىسىم مىسرالىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز نەۋائىينىڭ بىر پۈتۈن ئاياللار قارىشىنى تەتقىق قىلماقچى بولساق، «خەمسەئى نەۋايى» غا مۇراجىئەت قىلىشىمىز زۆرۈردۇر.

## 1

«خەمسەئى نەۋايى»غا نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەببەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستانلاردا دىلئارام، شىرىن، لەيلى، مېھىنبانۇ، ئون ئوردا قىزى، چىن مەلىكىسى، جادۇگەر موماي قاتارلىق ئايال ئوبرازلار يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تەھلىل قىلساق، ھەر بىر ئوبراز نەۋائىينىڭ ئاياللار قارىشىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ ئوبرازلار ھەققىدىكى قاراشلارنى بىر يەرگە ئەكەلسەك نەۋائىينىڭ بىر پۈتۈن ئاياللار قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى ئىشقى ـ مۇھەببەتكە بېغىشلانغان تىراگېدىيەلىك ئەسەر. ئەسەردە نەۋايى چوڭراق قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى لەيلى بىلەن كىچىكرەك قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى قەيسىنىڭ بىر مەدرىسەدە تەلىم ئېلىش جەريانىدا، بىر ـ بىرىگە مېھرى چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن باشلانغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ تۇرۇپ، ئىشقنىڭ سېھرىي كۈچىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. لەيلىنىڭ دادىسى قەيسنى ئۆزلىرىگە لايىق ئەمەس دەپ قاراپ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. ھەتتا لەيلىنى ئۆز قەبىلىسىدىكى باي، بىر قانچە خوتۇنى بار ئىبنى سالامغا ياتلىق قىلىدۇ. قەيسنىڭ لەيلىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان سەركەردە نەۋفەل ئۆز قىزىنى قەيسكە نىكاھلاپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەلھەم بولماقچى بولىدۇ. ئەمما لەيلى بىلەن قەيسنىڭ ئىككىلىسىلا بېشىغا قانداق كۈن كەلمىسۇن، بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بۇ دۇنيادىن پاك ئۆتۈشنى نىيەت قىلىشقانىدى. قەيس بىلەن سەركەردە نەۋفەلنىڭ قىزى كۆڭۈل باراۋەرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلمىغان نىكاھنىڭ بەختلىك ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، ياستۇق بىر، چۈش باشقا ياشاپ، ئۆينى جەڭگاھقا، قەپەسكە ئايلاندۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن توي كېچىسىلا پاك ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن خوشلىشىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە لەيلىنىڭ مۇھەببىتىگە، ۋىسالىغا ئېرىشەلمىگەن قەيسنىڭ يۈرىكى زەرداب بولسا، لەيلىنىڭ بېشىغا دادىسىنىڭ بېسىمى، مەجنۇننىڭ ئىشقىدىن ئىبارەت قوش دەرد كېلىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋر مۇھىتىدا، ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىقى قارىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا چوڭ بولغاچقا، يا ئائىلىنى بىراقلا تاشلاپ، قەيس بىلەن قېچىپ كېتەلمەيدۇ، يا قەيسنى ئۇنتۇپ، رېئاللىققا تەن بېرەلمەيدۇ. ئېغىر روھىي بېسىم ۋە روھىي ئازاب ئاخىرى لەيلىنى تەن سالامەتلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شائىر نەۋايى ئىشقنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىنى قەيس بىلەن لەيلىدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چەكسىز ساداقەتمەنلىكى ھەتتا بۇ يولدا جېنىنى تەسەددۇق قىلىشلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە مۇبالىغە قىلىپ ئىپادىلىگەن. ئەمما بۇ ئىشق ـ مۇھەببەت سەپىرىدە قەيسكە قارىغاندا لەيلىنىڭ تارتقان دىشۋارچىلىقلىرى، روھىي بېسىملىرى بەكمۇ ئېغىر بولغان. شۇڭا شائىر ئىشق كوچىسىغا كىرگەن قىزنىڭ يىگىتكە قارىغاندا جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ، ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە بەكرەك ئۇچرايدىغانلىقىنى لەيلى پاجىئەسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ئەسەرنى «لەيلى ـ مەجنۇن» دەپ ئاتاپ لەيلىنى باش قەھرىمان قىلغان. شائىر ئەسەردە بۇ ئىككى ياشنىڭ ۋىسال تاپالماسلىقىنى ۋە ئاخىرقى پاجىئەسىنى بىر

تەرەپتىن ئىككى ياشنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بوغقۇچى كىشەن ھېسابلانغان ئەينى دەۋر فېئودال تەبىقە ئايرىمىچىلىق تۈزۈمىدىن ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، لەيلىنىڭ دادىسىدەك ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىقى تۈزۈمىنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسىدىن، ئۇنىڭ مال - دۇنياغا ۋە نام-شۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز قىزىنىڭ بەختىنى دۇغا تىكىشتەك قىلمىشىدىن ياكى مال - دۇنيا دېمەك ــ بەخت دېمەكتۇر، دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئىزدىگەن. ئۈچىنچى تەرەپتىن، شائىر لەيلىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقتىن ياكى زىددىيەتتىن، يەنى ئۇنىڭدىكى ۋاپادار پەرزەنت بولۇش، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش بىلەن شەخسىي ئارزۇسى، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىزدىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە شۇ دەۋردىكى مۇرەسسە قىلىش تولىمۇ قىيىن بولغان نازۇك مەسىلە ــ ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتتى ئەخلاق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىنمۇ ئىزدىگەن. قىسقىسى، نەۋايى ئەسەردە فېئودال تەبىقە ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى، ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىقى تۈزۈمى شۇنداقلا بىر قىسىم نامۇۋاپىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ ئاياللارغا ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاياللارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى بىلدۈرگەن.

«سەببەئى سەييارە» ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن بەھرام بىلەن ئاياللىق ئېگىنى يوقاتقان دىلئارامنىڭ بىرلىكتە ھالاك بولغانلىقىغا بېغىشلانغان ئىبرەتلىك ھېكايىدۇر.

نەۋايى ئىلگىرى نۇرغۇن ئىقلىمنى ئۆزىگە قاراتقان شانۇشەۋكەتلىك بەھرام پادىشاھنى رەسسام مانىنىڭ ياردىمى بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل، ماھىر سازەندە ۋە ناخشا - ئۇسسۇلچى دىلئارام خېنىم بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىشقىۋازلىق قىلمىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسەتكەن. ئەمما شائىر ئەسەردە ياندىش پېرسوناژ دىلئارام خېنىمغىمۇ خېلى كەڭ سەھىپە ئاجراتقان. ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، دىلئارام چىن سودىگىرىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئاقچىغا بەھرام پادىشاھقا سېتىلىدۇ.

ئاياللارنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ چىرايى ئارقىلىقلا ئۆلچىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكى، ھېسسىياتى، قىزىقىشى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان دەۋردە ياشىغان دىلئارام، بەھرام پادىشاھنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. بەھرام پادىشاھ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن، ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتىدىن قاتتىق مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، بىر قېتىملىق ئوۋ جەريانىدا دىلئارامنىڭ بەھرامنى ماختىماسلىقى، ئۇنىڭ بەھرام تەرىپىدىن ئەسكى كىيىمنى تاشلىغاندەك تاشلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. كېيىنچە بەھرام پۇشايمان قىلىپ، دىلئارامنى قايتا سېتىۋالغاندىن كېيىن دۆلەت ئاتىسى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، دۆلەتنى، خەلقنى خانىۋەيران قىلىدۇ. ئاخىرىدا بەھراممۇ، دىلئاراممۇ تەڭلا يېرىلغان يەرگە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنى بىراقلا يەر يۇتىدۇ. چىرايلىقلارغا كۆز تىكىش ئادەمدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت، ئەمما ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوخشاشمىغان ئۇسۇل ياكى تەدبىرلەر ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پادىشاھلارنى چىرايلىق ئاياللارغا مەستانە بولۇپ ئىشقىۋازلىققا بېرىلىپ كېتىپ ئەلنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىققا ئۈندىمىدۇ. خەنزۇ خەلقى پادىشاھقا ئەڭ سەت ئاياللارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىشقىۋازلىقتىن توسۇغان[1]. تۈركىي خەلقلەر ئەنئەنىۋىي سۆزىنلاردىن پايدىلىنىپ پادىشاھقا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىشقىۋازلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىگەن. «سەببەئى سەييارە» دەل پادىشاھقا نەسىھەت قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر. ئەسەردىكى بەھرام دىلئارامنى كۆرسە، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن مەلىكىلەر بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاياللار قابىل ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇق، ئاياللارنىڭ قىممىتى ئۇلارنىڭ ھۆسنى - جامالىدا. نەۋايى دىلئارام پاجىئەسى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئىدىيەسىنىڭ ئاياللارنى تاۋار، ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈشتەك ناتوغرا قارىشىنى ئېچىپ بەرگەن

بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دىلئارامدەك گۈزەل، ئەقتىدارلىق ئاياللاردىمۇ ئۆزىنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش، جەمئىيەتتە ئادىمىيلىك قىممىتىنى نامايان قىلىش ئېڭىنىڭ ــ يەنى ئاياللىق ئېڭىنىڭ كەمچىللىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى نۇقتا دىلئارام پاجىئەسىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبى ئىدى.

ئەسەردىكى دىلئارام دەسلەپتە بەھرامغا ئاقچىغا سېتىلغاندىن كېيىن، بەھرامنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما بەھرام تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بەھرام كۆڭلىدىكى ئوبرازىنى دەسسەپ كۆرمەيلا، ھەممە ئىشتا بەھرامنىڭ قىلغىنى توغرا دەپ، ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، بەھرامدىن ئەپۇ سورىماقچى بولىدۇ. بۇ دىلئارامدىكى ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭىنىڭ كەمچىللىكىنىڭ ئەسەردىكى مۇھىم دەلىلى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ بەھرام يېنىغا ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسىمۇ، پادىشاھقا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، ئەقتىدارىغا تايىنىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئارقىلىق خەلققە بەخت يارىتىشنى ئويلىمايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ئورخۇن دەۋرى (تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرى) ۋە قاراخانىيلار دەۋرلىرىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەرلەرنىڭ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاياللار ئەمەلىيەتتە قاغان-پادىشاھلارنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى، قابىل ياردەمچىسى بولغان. شۇڭا بۇ ئاياللارنىڭ ئورنىدا ئىناۋىتى يۇقىرى، ئەل ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ئۈستۈن بولغان. دىلئارام شۇنچىلىك ئەقىللىق قىز بولسىمۇ، ئۆز ئەقلىنى ئىنسانغا خاس ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلەتمەستىن، ئەرلەر قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئاياللىق ئاڭ يېتىلمىگەن.

ئومۇمەن، نەۋايىچە، ئىشقۋازلىققا بېرىلگەن پادىشاھنىڭ ئاقىۋىتى بەھرامدەك بولىدۇ. ئوخشاشلا ئاياللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرمىگەن ئاياللارنىڭ تەقدىرى دىلئارامدەك بولىدۇ. شائىر ئەسەردە ئاياللىق ئېڭى يوق ئاياللار ۋاقتى كەلسە مىللەتنى، دۆلەتنى ۋەيران قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېيىش ئارقىلىق ئاياللار ئۈچۈن ئاياللىق ئاڭنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

«سەددى ئىسكەندەر»، «خەمسەئى نەۋايى» ئىچىدىكى ھەجمى زور ئەسەر. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئادىل پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت قارىشى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى پىروتوتىپ قىلغان ھالدا تولىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئارقىلىق يورۇتۇلغان. ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلغار مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئاياللارنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇلغان چەكسىز مەدھىيەدىن ئىبارەت. قەھرىمانلىق ئەرلەرگىلا خاس دەپ قارىلىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا ياشىغان نەۋايى ئۆز خەلقىنىڭ مول فولكلور بايلىقىدىن، داستان، رىۋايەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ يازما ئەدەبىياتتىكى قەھرىمان ئايال چىن مەلىكىسى ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىسكەندەر نۇرغۇن ئەللەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ئەتراپىدىكى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر ئېلىگە كەلگەندە، يەجۇجى- مەجۇجىلەرنىڭ بەتبەشىرە سەركەردىسىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن ئىسكەندەر قوشۇنلىرى زادىلا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. يەجۇجى ـ مەجۇجى سەركەردىسى بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بىرەر سەركەردىمۇ چىقمايدۇ. ئىسكەندەرنىڭ بېشى قېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان جىددىي پەيتتە، ئەرەنچە ياسىنىۋالغان چىن مەلىكىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر سەركەردىسىنى يەر چىشلىتىپ ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللانغان ئىسكەندەر بۇ سەركەردىنى يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغاندا، ئۇنىڭ ئەر ئەمەس بەلكى چىن خاقانىنىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. نەۋايىنىڭ چىن مەلىكىسىنى ئىسكەندەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭدىكى سەركەردىسى قىلىپ تاللىۋېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇنى مۇھىمى شائىرنىڭ غايىۋى ۋەتىنى خوتەنگە بولغان سېغىنىشىنىڭ، ئۆز ئېلى ئاياللىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولاتتى. شائىر «تۇمارىس رىۋايىتى»نى،

ئورخۇن دەۋرى (تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى) ۋە قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئوردىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاياللارنىڭ تۆھپىسىنى بىلەتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋەت جەھەتتىن ئەرلەردىن ئاجىز بولغىنى بىلەن ئەقىل - پاراسەت جەھەتتىن ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان نورمال ئاڭ-تەپەككۇرغا ئىگە ئادەم زاتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى جەڭدە ئەقىل - پاراسەت جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋەتتىنمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى. شۇڭا شائىر ئەسەردە چىن مەلىكىسى ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى ئىلغار كۆز قارىشىنى، ئەينى دەۋردە ئومۇملىشىپ قالغان ئاياللار قارىشىغا قارىمۇقارشى قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دەۋردىن ھالقىغان ئاياللار قارىشىنى نامايان قىلغان.

## 2

«فەرھاد - شىرىن» ـ «خەمسەئى نەۋايى» ئىچىدىكى نەۋايىنىڭ بەدىئىي تالانتىنى ئەڭ مۇكەممەل نامايەن قىلغان، شۇنداقلا نەۋايىنىڭ ئاياللار قارىشى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسىرىدۇر.

«فەرھاد-شىرىن» داستانى 1483/84- يىلى يېزىلغان، جەمئىي5453 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەسەرنىڭ يەنە بىر نامى «مېھنەتنامە ۋە پىراقنامە» دۇر. داستاندا نەۋايى فەرھادنىڭ ئىنسانىي كامىللىققا يېتىش جەريانىدىكى ئۆزىنى تەربىيەلىشىگە ۋە شىرىن بىلەن بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، بىرىنچىدىن، گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى ۋە خەلقلەر دوستلۇقىنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، خەلق پاراۋانلىقى، يېزا ئىگىلىكى سۇ مەسىلىسى، ئادىل، بىلىملىك پادىشاھ ۋە زالىم پادىشاھ قاتارلىق مەسىلىلەرنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئاياللار ھوقۇقى، ئاياللىق ئاڭ ھەققىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئەسەردىكى باش قەھرىمان فەرھاد نەۋايى ئىدىيەسىدىكى بارلىق ئىلغار ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن شەخس بولۇپ، شائىر فەرھادنى ئىنسان مەنىۋىي كامالىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئوبراز قىلىپ ياراتقان. ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئەسەر يالغۇز فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئىشقىي مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان مۇھەببەت داستانىلا ئەمەس. مېنىڭچە بۇ داستان فەرھادنىڭ مەنىۋىي كامىللىققا يېتىش جەريانىدىكى ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ بايانىدىن ئىبارەت. شىرىنگە بولغان ئىشق - مۇھەببەت فەرھادنىڭ مەنىۋىي كامىللىققا يېتىش مۇساپىسىدىكى چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر جەريان، خالاس. 867 بەتتىن تەشكىل تاپقان بۇ زور ھەجىملىك ئەسەردە تاكى ئەسەرنىڭ 330 - بېتىگىچە شىرىننىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەسەردە فەرھاد چىن خاقانىنىڭ قېرىغاندا ھەر خىل داۋالاشلار، ئاللاھقا سېغىنىشلار بەدىلىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئارزۇلۇق ئوغلى بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىلا كۆزلىرىدىن چوڭقۇر مۇھەببەت، پىراق، مۇڭ، خىيال بالقىغان ھالەتتە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك، ئۆزى كۆرگەن ھەرقانداق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى قەيەردە بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئۆگىنىش. ئۇ ئوردىدىكى ئويۇن - تاماشا، مال-دۇنياغا ئەمەس، چاھار باغ بىنا قىلىۋاتقان مانى-قارەنلەرنىڭ بىلىمىگە قىزىقىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماستىن دادىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئىسكەندەر تىلسىمىنىڭ سىرىنى يەشمەك ئۈچۈن يۇنانىستانغا سەپەر قىلىدۇ. سەپەردىن نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ قايتىپ كېلىپ، تىلسىمنىڭ سىرىنى بىلگەندە بولسا، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇشەققەت بەدىلىگە تاغ يېرىپ سۇ ئەكېلىش قۇرۇلۇشى قىلىۋاتقان ئەرمەن خەلقى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان شىرىننىڭ جامالى ئايان بولىدۇ. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندىلا ئاندىن فەرھاد ئىنسانىي ئىشق قايىنىمىغا غەرق بولىدۇ. گەرچە

ئەسەردە فەرھادنىڭ شىرىنغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئىنسانىي كامىللىققا يېتىش مۇساپىسىدىكى بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر باسقۇچ ھېسابىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما يانداش پېرسوناژ قىلىپ يارىتىلغان شىرىن ئوبرازىغا، ئۇنىڭ ھامىيسى مېھىنبانۇغا، ئون ئوردا قىزىغا، جادۇگەر مومايغا نەۋائىينىڭ ئايااللار ھەققىدىكى بىر قاتار قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن.

فەرھادنىڭ مەنىۋى تولدۇرغۇچىسى بولغان شىرىن، ئەسلىي تارىخىي يىلتىزى بار شەخس بولۇپ، ئۇ مىلادى 590 ـ يىلدىن 628 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئىران شاھى خىسراۋ پەرۋىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى بولغان. كېيىنچە يازما خاتىرىلەرگە ئېلىنغان. 10 ـ ئەسىردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ مۇھەببەت پاجىئەسى بايان قىلىنغان. مىلادىيە 12-ئەسىردىن باشلاپ «خەمسە» پىرلىرى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەشتە خىسراۋ بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ۋاستە قىلغان. مەسىلەن، نىزامىي گەنجىۋى «خىسراۋ ۋە شىرىن»، خىسراۋ دېھلىۋى «شىرىن ۋە خىسراۋ» داستانلىرىنى يېزىپ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان. يۇقىرىقى «خەمسە» پىرلىرى پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاچقا شۇنداقلا ئىران، ھىندىستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە شۇ رايون خەلقلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى بويىچە خىسراۋ ۋە شىرىننىڭ مۇھەببىتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، شىرىننى مەريەم، شەكەرگە ئۆيلەنگەن كۆپ خوتۇنلۇق خىسراۋ ئۈچۈن جان بەرگەن قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ئەمما تۈركىي خەلقتىن چىققان بۈيۈك شائىر نەۋائىي «خەمسە»چىلىكتە ئومۇملىشىپ قالغان ئوبرازلار ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خىسراۋ، شىرىن ۋە فەرھاد ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ سۇژىتىنى قاتتىق ئىسلاھ قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن فەرھادنى ئاساسىي پېرسوناژ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە، ئۆز مەدەنىيىتىگە، خەلق فولكلورىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن شىرىننى فەرھادنىڭ مەشۇقى قىلىپ تاللاش ئارقىلىق ھەم ئۆزىنىڭ ئەر ـ ئايااللار باراۋەرلىكى ھەققىدىكى ئىلغار كۆز قارىشىنى نامايان قىلدى ھەم شىرىن ئوبرازىنى كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى. نەۋائىي ئىجادىيەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن «خەمسە» پىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەنقىدىي مۇئامىلىدە تۇرۇپ ئۆگەندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئېستېتىك ئىدېئالىنى نامايان قىلىشتا ئۆز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇراجەت قىلدى. نەۋائىيچە، نىزامىي گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ داستانلىرىدىكى خىسراۋ ھېسسىيات جەھەتتىن تۇتۇرۇقسىز بىر شەخس. ئۇ بۇگۈنى مەريەمگە ئۆيلەنسە، ئەتىسى شەكەرنى نىكاھىغا ئالىدۇ، ئۆگۈنى شىرىن ئۈچۈن شاپاشلايدۇ. ئۇنىڭچە ئايااللار ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇق، ئالىمەن دېسىلا ئالغىلى بولىدىغان تاۋار. پۇلى، ھوقۇقى بار ئەرلەر نەچچە ئايالنى ئالىمەن دېسە ئالالايدۇ. نەۋائىينىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا پىكرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭچە شىرىننىڭ خىسراۋدەك تۇتۇرۇقسىز ئەر ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشى ئەھمىيەتسىز بىر ئۆلۈم، بۇ خىل ئۆلۈم شىرىن ئوبرازىنىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقەتمەنلىكىنى نامايان قىلسىمۇ ئەمما سەنئەت نۇقتىسىدىن ھېچقانداق ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايدىغان ئۆلۈم، سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئۆلۈم پەقەت ئۇلۇغۋار ئۆلۈم بولغاندىلا ئاندىن قەلبىمىزنى لەرزىگە كەلتۈرەلەيدۇ ھەم تىراگېدىيەلىك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا نەۋائىي ئەسەردە ئالدى بىلەن فەرھادتەك مەنىۋىي دۇنياسى تويۇنغان، ئايااللارنىمۇ ئىنسان قاتارىدا كۆرىدىغان ئەمگەكچان، باتۇر، بىلىملىك، مۇھەببەتكە سادىق يىگىتنى شىرىننىڭ لايىقى قىلىپ تاللاپ، خىسراۋنى سەلبىي پېرسوناژ، مۇھەببەت كۈشەندىسى قاتارىدا تەسۋىرلىدى. ئىككىنچى، نەۋائىي بۇ يەردە ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببىتىدە ئەر-ئايااللار ئوخشاشلا ساداقەتمەن بولۇشى كېرەك. نىكاھ ـ مۇھەببەتتە ئەرنىڭلا ئەمەس، ئايالنىڭ كۆڭۈل خاھىشىمۇ مۇھىم دېگەندىن ئىبارەت ئەينى دەۋر ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئەر ـ ئايااللار باراۋەرلىكى قارىشى ئاساسىدا ئەسەر باش قەھرىمانلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئەندىزىسىنى بۇزۇپ

تاشلاپ، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شىرىن ئوبرازىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

نەۋايى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەتلەش قارىشىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، يەنە ئاياللاردا ئاياللىق ئېڭىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شىرىن ئوبرازى ئارقىلىق نامايان قىلدى. شىرىندا 15- ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەر تەسۋىرلىرىدە ئومۇملاشقان گۈزەللىك ئالامەتلىرى بار. ئۇ شۈنچىلىك گۈزەلكى، فەرھاد ئۇنى مەيلى ئىسكەندەر ئەينىكىدە كۆرسۇن ياكى رېئاللىقتا كۆرسۇن، ھامان ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ بىر گۈزەللىك شاھى. ئەمما شىرىننىڭ نەزەرىدە چىراي ئاياللار ئۈچۈن بىردىنبىر دەسمايە ئەمەس. ئىنسان ئۈچۈن ئەقىل - بىلىم كېرەك. شۇڭا شىرىن كىچىكىدىن باشلاپ بېرىلىپ بىلىم ئىگىلەيدۇ. بۇ بىلىم يالغۇز پەننىي بىلىمنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە دۆلەت باشقۇرۇش، دۆلەت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت ئىگىسى بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال بىلىم ئىدى. شىرىن ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن خالىي ھالدىكى كەمتەر، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىدىغان، شۇنداقلا باشقىلار ياراتقان نەتىجىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان قىز. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۆلەت ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ھامان ئېسىدىن چىقارمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ھاممىسىغا ئەرمەن ئېلىگە تاغ يېرىپ سۇ باشلاشتىن ئىبارەت ئەينى دەۋر ئۈچۈن غايەت زور مەسىلە بولغان يېزا ئىگىلىكى سۇ مەسىلىسى پىلانىنى سۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىللە ئوينايدىغان، مۇڭدىشىدىغان دوستلىرىمۇ ئويۇنپەرەس، ئىچى قۇرۇق خىزمەتكارلار ئەمەس، بەلكى ھەر بىرى بىردىن ئىلىمنىڭ ئەھلى. ئۇ بالاغەتكە يېتىپ، مۇھەببەت قويىنىغا قەدەم قويغاندا، فەرھادنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەقىدىسىدىن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېسابلايدۇ شۇنداقلا ئۆزىمۇ فەرھادنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشتا فەرھادقا كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىغا يېتىش ئارقىلىق شەرم - ھايا ئىچىدە ئىپادىلەش يولىنى تاللايدۇ. فەرھادنى ھەرگىزمۇ ھېچنېمىسى يوق، كەلگۈندى دەپ قارىماستىن، بەلكى بىلىملىك، باتۇر، ئەخلاقلىق، ھەقىقىي ئەر دەپ تونۇيدۇ. تاغ يېرىپ ئەرمەن ئېلىگە سۇ باشلاشتىن ئىبارەت بۇ جاپالىق ئەمگەك ئىككى ياشنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلايدۇ. ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىنى خەلق مۇھەببىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ. خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي بەختى دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئەر - ئاياللىق مۇھەببەتنىڭ ئاساسى بولغان ساداقەت، ھۆرمەت ۋە دىل بىرلىكى فەرھاد ۋە شىرىندا ئوخشاشلا بار. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شىرىن ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن ھالقىغان ھالدا ئاياللىق ئاڭ يېتىلدۈرگەن قىز. ئۇ ئايال كىشى ئۈچۈن ئۆز چىراي بولسا، باي، ھوقۇقدار بىر ئەرگە تېگىپ تۇرمۇشنى شۇنىڭغا تايىنىپ خاتىرجەم، راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزسە كۇپايە دەيدىغان بېقىندىلىق خاراكتېرىدىن تامامەن مۇستەسنا ھالدىكى روھى تويۇنغان بىر ئىنسان. ئەمما بۇ ئىككى ياش ئەمدىلا ۋىسال تېپىشاي دېگەندە تەقدىر ئەرمەن ئېلىنىڭ بېشىغا خىسراۋدىن ئىبارەت كۈچلۈك پادىشاھنىڭ شىرىنغا كۆزى چۈشۈشتىن ئىبارەت ئېغىر كۈننى سالىدۇ. جاپالىق تۇرمۇش، خىسراۋنىڭ ئاخىرى ئەرمەن ئېلىگە بېسىم ئىشلىتىشى، فەرھادنى نەزەربەند قىلىشى شىرىننى تېخىمۇ تاۋلايدۇ. فەرھاد تۇتقۇن قىلىنغاندا، شىرىن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ.

نى بولغاي ئېردى چەرخى زۇلم پىشە،
مېنى سەندىن جۇدا قىلماي ھەمىشە.

خىرامىڭ چاغى يولداش بولسام ئېردى،
سۇكۇنىڭ ۋەقتى قولداش بولسام ئېردى.

تىكەن كىرسە كەفىڭگە كىنەسىدىن،
چىقارسام ئېردى كىرپىك ئىگنەسىدىن.

ئاياغ سۇنساڭ بولۇپ غەمدىن خەراشىڭ،
مۇدام ئۇلسا ئىدى قوينۇمدا باشىڭ.

... ..................

سۇ ئىستەپ تۇشسە ئوتلۇق كۆڭلۈمگە جۇش،
لەبىمدىن تۇتسام ئېرىدىم چەشمەئى نۇش.[2]

يۇقىرىقى غەزەلدىن مەلۇمكى، شىرىندا ھوقۇق ۋە بايلىق ئىگىسى خىسراۋغا نىسبەتەن قىلچىلىكمۇ قىزىقىش، مايىللىق يوق. ئۇنىڭدا رىسىدە بولغان بىر قىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئوتلۇق ئارزۇ-ئىنتىلىشى، ئۆزى سۆيگەن يار بىلەن مەڭگۈ بىللە مۇڭداش، سىرداش، قەلبداش بولۇش ئىستىكىلا بار. بۇنىمۇ 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئۈچۈن بىر ئىسيانكارلىق، روھىي ئويغىنىش دېمەي تۇرالمايمىز. ئەمما ئەلىشىر نەۋايى شىرىننى جادۇگەر مومىاي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن فەرھادنىڭ جەسىدىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق شەرق ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى ئاياللىق ئەخلاقىنى، ئائىلىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش قارىشىنى ئىپادىلەپ ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئەسلىدە ھەممە جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلگەن، بىر دۆلەتنى مۇكەممەل باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان شىرىن، فەرھادتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرۇيانىڭ بېسىمىغا ئۇچرايدۇ. شىرىن ئۆزىنى نىكاھىغا ئېلىش مەقسىتىدە ئۆز دادىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرگەن ئىنساپسىز شىرۇياغا خوتۇن بولۇشتىن ئىبارەت ئىگىلىۋېلىنىش، بويسۇندۇرۇلۇش خاراكتېرىدىكى، ئايالنىڭ قەلب خاھىشى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان نىكاھتىن ئۆلۈمنى، فەرھادنىڭ يېنىغا پاك كېتىشنى مىڭ ئەۋزەل كۆرىدۇ. بېقىندى خانىش بولۇشتىن، ساداقەتمەن مەشۇق بولۇشنى ئەلا بىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋايى ئايال كىشى ئۈچۈن مال ـ دۇنياغا كۆمۈلۈپ، ئەمما روھىي جەھەتتە مەھكۇملۇقتا، بۇرۇختۇملۇقتا ياشىغاندىن كۆرە، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، چىن دىلىدىن سۆيگەن يارى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىش ياخشى دېگەندىن ئىبارەت ئاياللىق ئەخلاق ھەققىدىكى ئارزۇسىنى ھەم تەلىپىنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا شىرىننىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شائىرچە بۇمۇ ئاياللىق ئاڭنىڭ، غۇرۇرنىڭ روشەن بەلگىسى ئىدى.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئاياللارغا بولغان ھۆرمىتى ئەسەردىكى شىرىننىڭ ھامىيسى پادىشاھ مېھىنبانۇ ئوبرازىدا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مېھىنبانۇ دۆلەتنىڭ قابىل يېتەكچىسى، ئائىلىدە ھەقىقىي مېھرىبان، تەلەپچان ئانا. مېھىنبانۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، خەلقىنىڭ ئامانلىقى، ئاۋامنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرگە بېسىم ئارقىلىق ھوقۇق يۈرگۈزمەستىن، دۆلەتنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش تەرەپدارى بولىدۇ. ئەرمەن ئېلىدىكى قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىدە، تېخى تەختكە چىقمىغان جىيەن قىزى شىرىننىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇوردا ئىچىگە بىلىملىك كىشىلەرنى توپلايدۇ. دۆلەت باشقۇرۇشتا ئۆزىنى بىر ئاجىز ئايال دەپ قارىماستىن، بەلكى دۆلەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان شاھ دەپ قارايدۇ. ئۇ بىر ئادىل پادىشاھلا ئەمەس بەلكى ئائىلە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پەرزەنتلىرىنىڭ قەلب زېمىنىگە بىلىم، ئەخلاق، ئادىمىيلىك ئۇرۇقىنى چاچالىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلەيدىغان ئانا. شىرىن گەرچە مېھىنبانۇنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان قىزى بولمىسىمۇ، ئۇنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساغلام، بىلىملىك ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىللىق ئائىلە مۇھىتى ۋە كۈچلۈك ئىلمىي مۇھىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. شىرىن رىسىدە بولغاندا جىيەن قىزىنىڭ كۆڭۈل سىرىنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، ھەقىقىي مۇھەببەت ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىشنى، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشنى، ئەمما شەرم ـ ھايا ئىچىدە بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. قىز بالا دېگەن ھوقۇقدار، باي ئەرگە تەگسە كۆپايە دەيدىغان بېقىندىلىق خاراكتېرىنىڭ يامرىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ھەتتا فەرھادنىمۇ كۈيئوغۇل بولۇشقا يارايدىغان ھەقىقىي ئىنسان ئىكەن دەپ تونۇغىنىدا، ئۇنىڭغىمۇ ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ، ئىككى ياشنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ئىنتىلىشىنى كۈچىنىڭ بارىچە قوللايدۇ. ئۇلارغا مەدەتكار بولىدۇ. نەۋايى ئەسەردە مېھىنبانۇ ئوبرازى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى قابىلىيىتىگە، ھەم ئانىلىق پەزىلىتىگە قىزغىن مەدھىيە

ئۇقۇيدۇ. ھەقىقىي ئانىنىڭ گۈزەل سىيماسىنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ ئاياللار، جۈملىدىن ئانىلار ھەققىدىكى تەلىپىنى ۋە ئارزۇ - غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋايى «فەرھاد-شىرىن» داستانىدا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى، ئەخلاقىنى، ئەقلىنى مەدھىيەلەپلا قالماستىن، بەلكى رېئال تۇرمۇشنى چىقىش قىلىپ، ئاياللارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى، ھىيلە - مىكىرلىرىنىمۇ دىققەتتىن يىراق قىلمىغان. ئەسەردىكى جادۇگەر موماي بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر ئوبراز. جادۇگەر مومايدا مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلەر بار. ئۇ بىر ئەقىللىق ئايال بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىشكە، شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتۇشقا ماھىر. لېكىن ئۇ ئۆز خۇشاللىقىنى دەپ باشقىلارنى ئازاب دېگىزىغا ئىتتىرىدىغان، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان، مال - دۇنياغا ئېرىشىشتە ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىدىن، پەزىلىتىدىن ياتلاشقان، مەنىۋىيىتى پۇچەك بىر ئايال. نەۋايى جادۇگەر موماي ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «يەتتە باشلىق يالماۋۇز» ئوبرازى ئەندىزىسىدىن ئۈرنەك ئالغان. ئۇنىڭ بايلىق، پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقتەك خاراكتېرىنى يارىتىشتا، شائىر ھۆسەيىن بايقارا ئوردىسىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىدىكى خانىش ۋە كېنىزەكلىرىنىڭ بىر قىسىم ناچار قىلمىشلىرىنى كۆزىتىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى جادۇگەر موماي ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

## 3

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئوخشىمىغان سىيمالىرىنى نەۋايى «خەمسە»سىدىن كۆرەلەيمىز. نەۋايى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە ئاياللىق ئاڭ ھەققىدىكى بىر يۈرۈش قاراشلىرىنى بىزگە يالدامە قىلىپ قالدۇرغان، نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئاياللارنىڭ ئەقلى، ھېسسىياتى، ئاياللىق ئېگىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن.

1) نەۋايى ئالدى بىلەن ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاشلا ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ھەم ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. نەۋايى «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق داستانلىرىدا ئاياللارنىڭ ياشاش ھوقۇقى، كىشىلىك ئەركىنلىكى مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

2) نەۋايى ئاياللارنىڭ سۆيۈلۈشلا ئەمەس، سۆيۈش ھوقۇقىنىڭمۇ بارلىقىنى مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان داستانلىرىدا ئىپادىلىگەن.

3) نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، ئەل - ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئەرلەر ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئاياللارمۇ ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارالغان.

4) شائىر ئاياللار ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆز ئىقتىدارىغا، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىق تىكلىشى كېرەك ھەم تىكلىيەلەيدۇ دەپ قارىغان.

5) نەۋايى ئاياللارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىدە ئائىلە تەربىيەسى، بولۇپمۇ ئانىلارنىڭ ساپاسى ۋە قىممەت قارىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ قارىغان.

6) شائىر يەنە ئىنسان سۆيمەيدىغان ئايالار ئارىسىدىمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرالايدىغان بىلىملىك پادىشاھلارنىڭ، ئۆز ئېلىنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى قوللىنالايدىغان قابىل ئىسلاھاتچىلارنىڭ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلالايدىغان ئوت يۈرەك ۋاپادارلارنىڭ، ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتەلەيدىغان قەھرىمان قىزلارنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى مەدھىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شەخسىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، پۇل - مال

ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان قارانىيەتلەرنىڭمۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق بولۇشىغا تەن بېرىدىغان، ئاياللىق ئېڭى يوق گۈزەللەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى سۆككەن. ئاياللارنىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش قېنى، گۆشى، يۈرىكى بار ئىنسان دەپ تونۇغان.

نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاياللارنى ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ماددىي كۈچىگىلا تايىنىپ ياشايدىغان بېقىندىلار، پۈتكۈل ئەخلاقسىزلىقنىڭ، گۇناھنىڭ مەنبەسى، بايىراق بىر ئەرگە تېگىشنىلا ئويلاش ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارمىنى دەپ قارىۋالمىغان، بەلكى ئاياللارنى پەس كۆرىدىغان، گۇناھكار، ئەقىلسىز ھېسابلايدىغان، ئۇلارغا تاۋار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقى دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا، بۈگۈنكى دەۋردىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىلغار، دەۋردىن ھالقىغان ئاياللار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما نەۋايى ئاياللارغىمۇ ناھايىتى قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى ئارزۇ - غايىلىرىنى ئىپادىلىگەن. نەۋايى ئاياللار ئۈچۈن ئاياللىق ئېڭىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەندە، ئىچكى ئويغىنىشنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى ھامان مۇھىم دەپ قارىغان. دىلئارام، شىرىن، مېھىنبانۇ ئوبرازلىرى بۇ جەھەتتە بىر قەدەر يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئوبرازلاردۇر.

نەۋايى يەنە ئىنسانلار ئارا مۇھەببەتنى ئىنساننى مەنىۋى جەھەتتىن تاۋلايدىغان، ئىزگۈلۈككە باشلايدىغان ئۇلۇغ مۇساپە دەپ قارىغان. ئەمما بۇ نۇقتىدا ئاياللارنىڭ كۆڭۈل خاھىشىنى، ئېرىشىشنىڭلا ئەمەس بەلكى تەقدىم قىلىشنىڭمۇ مۇھىملىقىنى ۋە ئاياللاردىكى ئەخلاقىي كامىللىق مەسىلىلىرىنىمۇ تەكىتلىگەن. ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ جىنسى مەسىلىسىدە، نەۋايى قانداقتۇر ئۇلارغا ئالاھىدە رامكا بەلگىلىۋالمىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاياللارنىڭ بەزىلىرى باش پېرسوناژلىق، بەزىلىرى ياندىش پېرسوناژلىق رولىنى ئالغان. ئەمما نەۋايى ئەسەرلىرىدە ئايال ياندىش پېرسوناژلار كۆپرەك بولغان.

نەۋايى ئاياللىق گۈزەللىكى ئۆلچەملىرى مەسىلىسىدە، چىراي گۈزەللىكىنى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىۋالمىغان. شىرىنىدەك ھەرقانداق ئەر كۆرسە يۈرىكى لەرزىگە كېلىدىغان چىرايلىق قىزلارمۇ، لەيلىدەك پەقەت مەجنۇنىنىڭ كۆزى ئارقىلىقلا گۈزەللىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان نورمال ھۆسن - جامالغا ئىگە قىزلارمۇ، ھېلىگەر مومايدەك، يۈزىدىن يۈرىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ خاراكتېرلىك ئاياللارمۇ بار. ئەمما نەۋايى ئاياللارنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى، مەنىۋى ئالەمنىڭ تويۇنغان بولۇشىنى، مۇھىمى ئىنسانىي ئەقىل - پاراسىتىنى جەمئىيەت، دۆلەت، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا بېغىشلىيالايدىغان روھقا ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەكرەك تەكىتلىگەن. شۇنداقلا بۇلارنى ئاياللىق كامالەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلغان.

نەۋايى گەرچە بىر ئۆمۈر ئۆيلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت نۇقتىسىدىن، ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى نۇقتىسىدىن ئەتراپلىق كۆزىتىپ، بىر مۇتەپەككۇر شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىشكە تېگىشلىك بولغان بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ، نەۋايى دەۋردە تېخى پۈتكۈل جەمئىيەت تونۇپ يېتەلمىگەن، ئەمما ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنسانلار ھامان بىر كۈنى تونۇپ يېتىدىغان زور دۇنياۋى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇ ھامان ئاياللارغا يۇقىرى ھۆرمەت، قىزغىن مۇھەببەت، قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاياللار ئوبرازىنى قېلىپلاشتۇرۇش، خۇنۈكلەشتۈرۈش ياكى چاكىنىلاشتۇرۇشتەك ئەھۋاللار يوق. ئۇ ئۆزى ياراتقان ئاياللارنى بەزىدە ئوردىدا، بەزىدە جەڭ مەيدانىدا، بەزىدە ئېغىر ئەمگەكلەردە، بەزىدە سەھرالاردا، بەزىدە چاھار باغلاردا، بەزىدە ئۆيدە ھەركەتلەندۈرگەن. ئۇلارغا پەقەت ئەخلاق نۇقتىسىدىنلا باھا بېرىشتىن ئاڭلىق ساقلانغان، ئۆزى ياراتقان ئاياللار ئوبرازىنى ھەرگىزمۇ مۇھەببەت مەستانىسىلا قىلىپ قويمىغان. نەۋايى مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەندە، مۇھەببەتنى تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا تەسۋىرلىمىگەن، بەلكى مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ

تۇرۇپ، ئىنسانىي كامىللىق يوللىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يورۇتۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. مۇھەببەتنى دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى يورۇتۇشتىكى ۋاستە، ئىنساننىڭ ئىزگۈلۈك مەنزىلىگە، مەنىۋى يېتۈكلۈك پەللىسىگە يېتىشىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ دەپ بىلگەن. شۇڭلاشقا نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى مەيلى ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بوغۇلغان ئوتتۇرا ئەسىردە بولسۇن ياكى ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەتراپلىق تەكشۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا بولسۇن يەنىلا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات مەركىزى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەڭگۈلۈك زىكرى - تەلقىن ئوبيېكتى بولالايدۇ.

نەۋايى ئەسەرلىرىدىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار دەۋر چەكلىمىسى ۋە ئەرلىك ھوقۇقچىلىقى ئىدىيەسىنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىدىن پۈتۈنلەي مۇستەسنامۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ياخشى ۋە ئەخلاقلىق ئاياللارنى چىرايلىق ۋە ياش، قارانىيەت ئاياللارنى سەت ۋە قېرى قىلىپ تەسۋىرلەشتەك ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇلار نەۋايىنىڭ بىر پۈتۈن ئاياللار قارىشى ئىچىدە قىسمەن تەرەپ، خالاس.

## ئىزاھاتلار

[1] جېك زېيشۇ باش بولۇپ تۈزگەن (كورىيە) :«شەرقىي ئاسىيادا ئاياللارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى» (خىنزۇچە) ، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، 110-بەتكە قاراڭ.
[2] ئەلىشىر نەۋايى: «فەرھاد-شىرىن»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991- يىلى، 673-674 - بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 116 ـ 02 (2012) 5878 ـ 1005

# كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا*

## چىمەنگۈل سەمەت، مۇنىرە ياقۇپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1934 ـ يىلى كەلپىن ناھىيەسىدىمۇ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زور كۈچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە شەھەر ـ يېزىلاردا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەلپىن ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سالدى. بۇ ماقالىدە، كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ھەمدە ئۇيۇشمىنىڭ بۇ ناھىيەنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى بىرقاتار ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە تارىخىي تۆھپىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 随着维吾尔文化促进会在新疆各地的建立,1934 年在柯坪县也建立了维吾尔文化促进分会。县维吾尔文化促进分会建立后在县各地大兴学校，在发展教育事业的同时也在镇乡开展公益活动，促进了文学艺术事业，为柯坪县现代教育的发展奠定了基础。本文对柯坪县维吾尔文化促进分会的建立历史以及县维文会为发展本县的教育、文化、文学艺术事业，维护祖国统一、加强民族团结方面开展的一系列活动作了阐述。

**Abstract:** With the establishment of Sub-committees for Promotion of Uyghur Culture all over XJ, Sub-committee for Promotion of Uyghur Culture was established in Kelpin County in 1934. Since its establishment, it promoted the establishment of schools around the county, the development of educational business, the launching of socially useful activities, and the development of art and literature; laid the foundation for the development of modern education in Kelpin County. In this paper, the author elaborates on the history of establishment of Sub-committee for Promotion of Uyghur Culture in Kelpin County and its roles in promoting the county's education, culture, art and literature development, unification of the motherland, strengthening national unity.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G529　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## كىرىش سۆز

كەلپىن ناھىيەسىدە 1934 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، 16 يىل داۋاملاشقان. بۇ 16 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا مەزكۇر ئۇيۇشما زور كۈچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتورلار: چىمەنگۈل سەمەت (1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ ماگىستىرانتى.
مۇنىرە ياقۇپ (1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخ مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە، بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، نادان، قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ ئۆز - ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە يېتەكلىگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كۆپلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. نەتىجىدە، ناھىيەدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھالىتىدە، ناھىيەنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، ھەممە ئادەم مائارىپنى قىزغىن قوللايدىغان، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدىغان قايىنام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ناھىيەنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇ جەرياندا يېتىشىپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناھىيەنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا ئازادلىق ئورۇشى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇيۇشمىنىڭ بۇ 16 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش بۈگۈنكى مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزدا، بولۇپمۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ، ئىلىم - پەنگە بولغان قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا - بازارلارنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى رۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى

بىز ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارالىق ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىش تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئايانكى، 19 -ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. 1911- يىلى، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بىراق، شىنجاڭدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. خەلقنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار تەرىپىدىن يوق قىلىندى. شىنجاڭ خەلقى ئۆزلىرى ئۈچۈن نىجادلىق يولى ئىزدەپ تەمتىرەپ تۇرغان شارائىتتا، روسىيەدە لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈپ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭغىمۇ ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ ھەم ئىلغار پىكىرلىك ھەر خىل ئىنقىلابىي، ئىجتىمائىي ئېقىملارنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان تەسىرىنى كۈنسايىن كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى زامان مائارىپى ۋە مەدەنىيەت سەنئىتىگە بولغان ئىنتىلىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە قورغاس ناھىيىسىنىڭ قازاقىستانغا يېقىن يېزىلىرى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە فېئوداللىق ئاسارەتكە، دىنىي كىشەنلەرگە، مەرىپەت دۈشمەنلىرىگە قارشى يېڭىچە پىكىر ئېقىمى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدەك خەلق قوزغىلاڭلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پارتلاشقا باشلىدى.

1931- يىلىغا كەلگەندە قومۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلاب چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ، جايلاردىكى ئاممىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىشى بىلەن زورلۇقچا، ئېزىشكە قارشى چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ كۈچلۈك

زەربىسىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئالماشتى. لېكىن «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە جىن شۇرېننىڭ تەختتىن چۈشۈشى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خەلق مائارىپىنى بوغۇپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىدىن بولدى. بۇ ھال شېڭ شىسەينى ئاز - تولا بولسىمۇ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىنى ھېس قىلىپ، قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئويغىنىۋاتقان شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېسىمى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋاقىتىنچە نىقابلاپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا ئۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئېچىپ ساۋاتلىق بولۇشىغا يول قويماسلىقتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ بېسىمى ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مەلۇم تەسىرى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۈچ بۈيۈك سىياسەت»، «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى ھەمدە بۇ سىياسەتلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ ئېلان قىلغان «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»دىكى «مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش»، «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە»دىكى «ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش» سىياسەتلىرى[1] پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان سىياسىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىلغارلىققا مايىل بولۇشى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەرنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، ناھىيەلەردە تەرەققىپەرۋەرلەر ھاكىملىققا تۇرغۇزۇلۇپ، جاھالەتلىك مۇدھىش يىللارغا خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىندى. ئەمما ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن مەكتەپ قۇرۇشقا يەتكۈدەك ئىقتىساد يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، جايلاردا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان ئۇيغۇر خەلقىدە ئىلىم - ئىرپان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر مىللىي تەشكىلاتى بولغان ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتى. قايىنام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك يېڭى مەكتەپلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇرۇندىن بار بولغان مەھەللىۋى دىنىي ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئۇيۇشمىلار ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى ياكى دىنىي مەكتەپلەرگىمۇ ئىلىم - پەندىن ساۋاتى بار ئوقۇتقۇچىلارنى بەلگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا پەننىي ۋە دىنىي تەربىيەنى بىرلىكتە ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر كىچىك ۋە چەت يېزا - قىشلاقلاردىمۇ يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيۇشما قارمىقىدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەر (10ۋىلايەت، 54ناھىيە) دە ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى

قۇرۇلدى. 1936- يىلى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ 1736گە، ئوقۇغۇچىسى 124مىڭ 174نەپەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپ 3كە، ئوقۇغۇچىسى 440 نەپەرگە، پېداگوگىكىلىق تەربىيەلەش سىنىپى 10غا، ئوقۇغۇچىسى 535 نەپەرگە، ئاممىۋى مەكتەپلەر 115كە، ئوقۇغۇچىسى 1980 نەپەرگە يەتكەن، جەمئىي ئوقۇغۇچى 129مىڭ 469نەپەرگە يەتكەندى[2]. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەكتەپ مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىدە بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغانىدى.

ئاقسۇدا 1933-يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇن دىنىي مەكتەپلەر بولسىمۇ، پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن باشلانغۇچ مائارىپى بىخ ئۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. 1934- يىلى ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، مەرىپەتپەرۋەر زات نىياز شەرىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاتاقلىق ئالىم ۋە پېداگوك مەمتىمىن قارى ھاجى (سوپىزادە)نىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (شۇ چاغلاردا ئەۋقاپ دەپ ئاتالغان) قۇرۇلدى. ئۇيۇشما ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن باشلاپ، جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ، شەھەر، يېزىلاردا پەننىي مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىدىمۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرى پائال تۈردە قانات يايدۇرۇلدى. ھەر قايسى ناھىيەلەردە قۇرۇلغان ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە كەلپىن ناھىيەلىك ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، قىسقىغىنە 16 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى.

## 2. كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى

كەلپىن ناھىيىسىدە 1934- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇھەممەد ھاجى رەئىس، ئەرشىدىن موللا مۇئاۋىن رەئىس، موللا مامۇت، قادىر مىراپ، موللاق، مۇسا مىراپ، ئەمەت شاگىيو، ھەققۇل شاگىيو، رېشىت ھاجى، سېيىت شاگىيو، نىياز شاگىيو، يولداش قازى، موللا ياقۇپ ئىجرائىي ھەيئەت بولغان[3]. ئۇيۇشما قارىمىقىدا تۆت بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. ھازىرغىچە ساقلانغان ئارخىپ ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆشرە، زاكات، ھەققۇللا، قۇربانلىق قوي تېرىسى قاتارلىقلار ھەمدە مەسچىت، مازار، مەدرىسە، كۆۋرۈك ۋەخپىلىرى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەرەققىپەرۋەر سودىگەرلەر، ئۆلىمالار، چارۋىچىلار ۋە ھەر كەسىپتىكى بايلارمۇ ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ئۇيۇشمىنى ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە قىلغان. ئۇيۇشمىنىڭ ھەر يىلى يىغىۋالىدىغان ئۆشرە - زاكات كىرىمى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. مەسىلەن: ئۇيۇشمىنىڭ مىنگونىڭ 28- يىلى بىر يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە يىغىلغان ئۆشرە، بۇغداي 5139.12 چارەك، قوناق 2778.9 چارەك، تېرىق 1694.85 چارەك، ئارپا 492.8 چارەك، بېدە 24مىڭ22 باغ، پاختا 6.4 جىڭ، زىغىر 1.5 چارەك، كەندىر 1 چارەك، زاكاتقا كىرگەن قوي 287 تۇياق، زاكاتقا كىرگەن ئۆچكە 22 تۇياق، پۇل 4570 يۈەن 88 تىيىن بولغان[4] . ھەر بىر كەنتتە بۇ كىرىمنى يىغىدىغان ئاشىر دەپ ئاتىلىدىغان خادىملار بار بولۇپ، بۇ خادىملارنى شۇ كەنتنىڭ خەلقلىرى سايلاپ بېرەتتى. ئۇلارغا ئۇيۇشما تەرەپتىن قوش بەتلىك كىرىم ئوردۇرى تارقىتىپ بېرىلەتتى، ئۆشرە، زاكات بەرگۈچىلەرگە ئوردۇر بېرىلەتتى. ئاشىرلاردىن ئۇيۇشما مالىيەسى كىرىم ئوردۇرى بويىچە ھېسابلاپ ئۆشرە، زاكاتنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئاشىرلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆشرە - زاكات كەچۈرۈم قىلىناتتى ھەم مەلۇم ساندا مۇكاپات بېرىلەتتى. ئۇيۇشما كىرىم قىلغان ئۆشرە - زاكاتلارنى بازار باھاسى بويىچە سېتىپ پۇلغا

ئايلاندۇرۇپ، ئۇيۇشمىغا تەۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى، مەكتەپ ، سانايىنەپىسە، پوچتا ـ تېلېگراف، قىرائەتخانا، تەشۋىقات قاتارلىق راسخوتلارغا ئىشلىتەتتى. ناھىيە تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان بىنا قۇرۇلۇشى ياكى رېمونت چىقىملىرى، قىشلىق يېقىلغۇلارنى شۇ مەكتەپ تەۋەسىدىكى خەلقلەر ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيۇشمىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە خىراجەت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولاتتى: ئۇيۇشما قارمىقىدىكى بارلىق مەسئۇل خىزمەتچى ۋە مۇئەللىملەرگە ئايلىق ژالۇنە بېرىلىش ئەھۋالى: 1 ـ ئايدا 486 مىڭ 263 سەر؛ 2 ـ ئايدا 257 مىڭ 575 سەر؛ 3 ـ ئايدا 239 مىڭ 700سەر؛ 4-ئايدا 237 مىڭ 250سەر؛ 5-ئايدا 237مىڭ سەر؛ 6-ئايدا 455 مىڭ 200 سەر؛ 7-ئايدا 397 مىڭ500 سەر؛ 8-ئايدا 479 مىڭ 300سەر؛ 9 - ئايدا 499 مىڭ 800سەر؛ 10 -ئايدا 592 مىڭ 850سەر؛ 10 -ئايدا چايخانا خىزمەتچىلىرىگە بېرىلگەن ژالۇنە 118 مىڭ750 سەر ،11-ئايدا ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مۇئەللىملەرگە بېرىلگەن ژالۇنە 639مىڭ سەر، 12-ئايدا ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مۇئەللىملەرگە بېرىلگەن ژالۇنە 618 مىڭ 900سەر؛ 12-ئايدا چايخانا خىزمەتچىلىرىگە بېرىلگەن ژالۇنە 62 مىڭ سەر؛ ئۇيۇشمىنىڭ پارچە خىراجەت راسخوتى ئۈچۈن بېرىلگەن ژالۇنە 25مىڭ سەر؛ بۇ يىل كېتىدىغان جەمئىي چىقىم 300مىڭ سەر، چايخانىنىڭ تاملىرىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن راسخوت 30مىڭ سەر؛ ئۇيۇشما ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كەلگەن مۇئەللىملەرنىڭ يول خىراجىتى ھەمدە ئۇيۇشمىدىن ھەر تەرەپكە تەشۋىقات ئۈچۈن بېرىلگەن مۇئەللىملەرنىڭ ئات كىراسى ئۈچۈن بېرىلگەن ئاقچا221 مىڭ 400سەر ، بىر يىللىق جەمئىي چىقىم5 مىليون920 مىڭ 288سەر[5] بولغان. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيۇشما ئەزالىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مائارىپ ئۈچۈن مەبلەغ توپلىغاندا، پەن ـ مائارىپقا ئىنتىزار بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان. نەتىجىدە شەھەر ـ يېزىلاردا بەس ـ بەس بىلەن مائارىپقا ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىلىپ، خەلق ئاممىسى مائارىپ ئۈچۈن نەچچە مىڭ چارەك ئاشلىق، مال ـ چارۋا ۋە نۇرغۇن نەق پۇل ئىئانە قىلغان. ئۇيۇشما بۇلارنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيۇشمىغا تەۋە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇيۇشما خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى، مەكتەپ، سانايىنەپىسە، پوچتا ـ تېلېگراف، قىرائەتخانا، تەشۋىقات قاتارلىق راسخوتلارغا ئىشلەتكەن. ئۇيۇشمىنىڭ بۇ ناھىيەدە قانات يايدۇرغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن بايان قىلىشقا بولىدۇ:

**1) زور كۈچ بىلەن پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان**

زور كۈچ بىلەن پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش — ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كەلپىن ناھىيەسىدە 1934 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بىرمۇ پەننىي مەكتەپ بولمىغان. پەقەت بازار ئىچىدە خەنزۇچىنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆتىدىغان شۆتاڭ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلاردىن ئالۋان ھېسابىدا يىغىۋېلىنغان ئۇيغۇر باللىرى ئىدى. دەرسلەر ئاساسلىقى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلگەنلىكتىن، باللار تىلىدىن قىينىلىپ مەكتەپتىن قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرغان ھەمدە بۇنداق باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان. پارا بېرەلمىگەن بىر قىسىم كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرىلا مەكتەپكە يىغىۋېلىنغان. شۆتاڭلاردا ئوقۇتۇلىدىغىنى مەنچىڭ خاندانلىقىغا ئائىت ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئىدى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش يۆنىلىشمۇ ئانچە پەرقلەنمەيتتى، دەرسلىكلەرنى تاللاپ يادلىتاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئەپيۇنكەش، ھاراقكەش، قىمارۋاز، گۆرۈكەش بولۇپ، باللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش، بىلىم ئىگىلەش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇلارنى پالاق بىلەن ئۇراتتى. يەنە تېخى ئوقۇغۇچىلارغا خالىغانچە ئالۋان ـ ياساق سېلىپ، ئوتۇن، تۇخۇم، توخۇ ۋە باشقا بەزى بۇيۇملار ئارقىلىق چۆنتىكىنى تولدۇرۇۋالاتتى. شۇڭلاشقا شۆتاڭدا يەتتە ـ سەككىز

يىل ئوقۇپ چىققانلارنىڭ ئىچىدە دەرسنى ئەڭ ياخشى ئىگىلىگەنلىرىمۇ ئاران تەستە چالا تەرجىمان بولۇپ چىقالايتتى، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆمرى بىكار ئۆتۈپ كېتەتتى. مائارىپ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مائارىپ دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1934- يىلى ناھىيەلىك ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنىدى. خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تۇنجى رەئىس، مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەت ھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاتلانغان. نادانلىق، قالاقلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشتەك قاينام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ناھىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشتەك پەن - مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئاممىسى ئۆزى يېمەي- ئىچمەي يىغقان ئازغىنا ئىقتىسادىنىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان. ھەتتا بەزى مەرىپەتپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىنىڭ ئۆز يېزىسىدا مەكتەپ قۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن ئۆز ئىقتىسادى بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ئۆز يېنىدىن بەرگەن. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ خاراكتېر جەھەتتىن ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بولماستىن، بەلكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى خاراكتېرىدىكى مەكتەپ بولۇپ، دەسلەپ بىر سىنىپلىق قۇرۇلغان، خەت ساۋاتى بارلاردىن ئوتتۇز نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ چىققان ئىمىن ئىسمائىل، مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئۆگەنگەن قىرائەت، دىن دەرسى، تەۋھىت، تەجۋىت، ئانا تىل، ھېساب، شېئىر، تەنتەربىيە... قاتارلىقلاردىن دەرس بېرەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، تۇردى سابىر، ئابلىمىت ئەپەندى قاتارلىق ئىككىنچى قارار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلپىنگە كەلگەن. بۇلار مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن دەرسلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، گىراماتىكا ... قاتارلىق دەرسلەر تولۇقلانغان. 1935- يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى ھاكىم يۇسۇپ داموللام بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت ھاجى ناھىيە بويىچە تۇنجى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرغان[6]. شۇ يىلى ئۈچ سىنىپقا 99 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قادىر ئابدۇللا، ئىمىن نىياز ۋە توختى باۋۇدۇن ئىدى. سىنىپلارنىڭ دەرىزىلىرى چوڭ بولۇپ، ئاپتاپ تولۇق چۈشەتتى، سىنىپتا ئۈستەل، ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار ئىدى. شۇ يىلى يەنە بازار ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇراززاق ھامىد، قاسىمبەگ، قاشئېرىق خانىقادا ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى قادىر ئابلا، ئىمىن نىياز، توختى ئەپەندى، يۇرچى توققۇز گۈمبەزدە ئىككى سىنىپلىق بىر مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلىرى ئېلى ياقۇپ، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي ئۈچ مەكتەپ ، ئالتە سىنىپ قۇرۇلغان[7]. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ بازار ئىچىدىكى مەكتەپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن تاللانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى مەكتەپ ئارقىمۇئارقا كېڭىيىشكە باشلىغان. بازار مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەيدىنپەي ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇلغاچقا، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ھاجەت بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياج قامدالغان. 1936-يىلى 5-ئايدا ئاچال باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 25 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، مەسۇم يۇنۇس، نامەت، مامۇت ئېلى، ئەيىنددىن قاتارلىق تۆت كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1936- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە

قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ تولۇقلۇق تولۇقتۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 547 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 307 نەپەر، قىز ئوقۇغۇچى 240 نەپەر بولغان[8]. 1939 ـ يىلى ئۇيۇشما قارىمىقىدا ناھىيەلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى ـ پاسۇن باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغان. پاسۇندىكى بىر سىنىپلىق قىزلار مەكتىپىگە ئامان ئابدۇرېھىم تېيىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چىلاندا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى سادىق سابىر، قۇمئېرىقتا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى دالى ئىسمايىل، نۇرمۇھەممەدى، ئۇستۇن قاشئېرىقتا ئىككى سىنىپلىق بىر ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ھەشقۇلى ئىسمائىل، گەزلىكتە بىر سىنىپلىق بىر مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى توختى بەگ ئابلا، بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا تالىپ، ئىبراھىم سايىت بولغان. 1936 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغا قەدەر ئۇيۇشما 15 ئورۇندا 40 نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ بىنا قىلىپ، ئوقۇغۇچى سانىنى 1600 گە يەتكۈزگەن[9]. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان 15 مەكتەپنىڭ يەتتىسى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا (ئىككىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا، ئالتىسى خەلق باشقۇرۇشىدا) بولغان. 1944 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە جەمئىي يەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ، 33 ئوقۇتۇش سىنىپى، 1416 ئوقۇغۇچى بار بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىككى، ئوقۇتۇش سىنىپى ئۈچ، ئوقۇغۇچى 520، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بەش، ئوقۇتۇش سىنىپى 20 بولۇپ، 896 ئوقۇغۇچىسى بولغان[10]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتكەن. كېيىنچە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەر ناھىيە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان.

1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ يەتتە (بازار باشلانغۇچ مەكتەپ، قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ، يۇرچى باشلانغۇچ مەكتەپ، گەزلىك باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاچال باشلانغۇچ مەكتەپ، پاسۇن باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىككى (قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇغۇچى 1386نەپەر) بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە ئاساسلىقى ئانا تىل، ھېساب، ئىسلام دىنى تارىخى، تەنتەربىيە، ئىملا قائىدىسى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئومۇمىي ساۋات، ئەخلاق، تەنتەربىيە، شېئىر، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن، 1944 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ ئۈچ مەسلەك دەرسى قوشۇلغان. دېمەك، ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن زور كۈچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، بۇ ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان.

**2) تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان**

كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلغان ھەمدە تۈرلۈك ئۇسۇلدا تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئىئانە توپلىغاننىڭ سىرتىدا، ئۇيۇشما يەنە نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەرگەن. 1938 ـ يىلى كەلپىن ناھىيەسىدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە پۇل ـ مال ئىئانە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا ئاياللارمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە پۇل ئىئانە قىلغان. شۇ يىلى كەلپىن ناھىيەسى بويىچە بەش مىليون 570 مىڭ سەر ئۈلكە كۆمۈش پۇلى ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىگە يېقىن قىسمى ئاياللارنىڭ نامىدا ئىئانە قىلىنغان. شۇ چاغدا كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئاياللارغا

تۈۋەندىكىچە مۇراجىئەتنامە چىقىرىلغان: «قەدىرلىك ئاچا - سىڭىللار: 5 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ۋەتىنىمىزنىڭ يېرىمىنى دۈشمەن تارتىۋالدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ئايروپىلان، زەمبىرەكلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە بومباردىمان قىلىشى نەتىجىسىدە يۇرتىمىز، تۇپرىقىمىز نابۇت بولماقتا. ئۇرۇش رايونلىرىدىكى خەلق توپ - زەمبىرەكنىڭ ۋەيرانچىلىقىدا غەيرى ئىنسانىي ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا. ياپون فاشىستلىرىنىڭ قاراقچىلارچە قانلىق ھۇجۇمى ئارقىسىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى. بىز يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز. بىز ئىتتىپاقلىشىپ ياپون قاراقچىلىرىنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئەركىنلىكىمىزنى قولغا ئالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قېرىنداشلار، خوتۇن - قىزلار پۇلىمىز بولسا پۇل، كۈچىمىز بولسا كۈچ، كىيىمىمىز بولسا كىيىم چىقىرايلى. ئالدىنقى سەپتىكىلەر قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالسۇن، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ساخاۋەتلىك قول ئۇزاتايلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ياردىمىڭلارنى ئايىماڭلار!» [11]. بۇ مۇراجىئەتنامىدە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ نابۇت بولۇۋاتقانلىقىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، بارلىق خەلقنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە پۇل - مال ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيۇشما خەلق ئاممىسىغا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلغان. بۇنىڭ تەسىرىدە كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى 1939-1940-يىللىرى «شاڭخەي كېچىسى»، «كۈرمىش قىزى» درامىلىرىنى تەييارلاپ، سەييارە تەشۋىق قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىلا 450 مىڭ دوللار ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش فرونتىغا ئەۋەتكەن[12]. 1939- يىلى كەلپىن ناھىيەسى بويىچە 6 مىليون سەر ئىئانە يىغىلغان، شۇ چاغدا ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلغان. 1943- يىلى 5 - ئايدا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە ئاياللارمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ناھىيە بويىچە 500 گە يېقىن ئايال560 يامبۇ قىممىتىدىكى ئىئانە توپلاپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك باش ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇيۇشما يەنە مەخسۇس تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شەھەر ئىچى ۋە ھەر قايسى رايون بازارلىرىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش توغرىلىق تەشۋىقات - تەربىيەسى ئېلىپ بارغان. بۇنداق تەشۋىقاتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

**3) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە يۈرۈش قىلىپ، ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان**

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن «نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن ساۋاتسىز قالغانىدى. كەلپىن ناھىيەسىدە ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن زور كۈچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇغۇچى تەربىيەلەش بىلەن بىرگە يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. ئۇيۇشما كۈندۈزلىرى مەكتەپتە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەشتىن سىرت، يەنە شەھەر-يېزىلاردىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەچلىك كۇرسلارنى ئېچىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى كەچلىك كۇرسلاردا دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بويىچە 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئادەمنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان. بۇ ئارقىلىق ناھىيەنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلانغان.

**4) ئۇيۇشما قارىمىقىدا سانايىنەپىسە تەشكىللەپ، ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەن**

كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا يەنە سانايىنەپىسە تەشكىللىنىپ، تىياتىر،

كومېدىيە، كونسېرت ئوينالغان. 1940 - يىلى ناھىيەلىك ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شەھەردە 600 كىۋادرات مېتىرلىق بىر تىياتىرخانا سېلىپ[13]، ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان، جەمئىيەتنىڭ قالاق، نادان تەرىپىنى پاش قىلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن، شۇ ئارقىلىق خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە ئۈندەپ، ئاممىغا ئىلغار بولغان روھىي ئوزۇق تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشما يەنە قىرائەتخانا قۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك يېڭى كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى قويۇش بىلەن بىرگە قىرائەتخانا زالىغا بىليارت، شاھمات، قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىنى قويۇپ، ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. تەنتەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەردە توپ ئويناش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان. شۇ چاغدا ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە كەلپىن ناھىيەسىدىن ئىمىن نىياز باشچىلىقىدا 30 نەپەر تەنھەرىكەتچىدىن (مەمەت سادىر، زىنەپخان، تۇردىخان... قاتارلىقلار) تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا قاتنىشىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن[14]. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلغان.

## 3. كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

كەلپىن ناھىيەسىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقنى ئاقارتىش، يېڭىلىققا باشلاش، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يورۇتۇپ، كىشىلىك ھاياتقا ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى كۈچەيتىش، ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق مىللەتنى، خەلقنى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق جەھەتتە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بىر قاتار پائالىيەتلەر ئارقىلىق دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەردىن بايان قىلىشقا بولىدۇ:

1) كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە بولغان بۇ 16 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا زور كۈچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇ چاغلاردا ئۇيۇشما خەلقتىن يىغقان ئۆشرە - زاكاتلارنى ۋە ۋەخپە يەرلەردىن يىغىۋېلىنغان ئاشلىقلارنى سېتىپ، نامرات يېزا - كەنتلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇنى مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا دەۋەت قىلغان، بۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى يېڭىدىن سېلىنىپ، پەننىي مائارىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، قىزغىنلىقى ئاشقان. سىنىپلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ناھىيەدىكى پەننىي مائارىپ ئىشلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئۇيۇشما جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توققۇز باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنى ناھىيەلىك بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ، يۇرچى باشلانغۇچ مەكتىپى، قاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاچال باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەرنى قۇرغانىدى. ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرغان بۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھازىرمۇ بار بولۇپ، ھازىرقى كەلپىن ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ كەلپىن ناھىيەلىك قۇمئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەل ئۆزى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان ئوقۇتقۇچىلار تاكى كېيىنكى چاغلارغىچىلىك مەزكۇر ناھىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

2) ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە ئۇيۇشما خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، مەخسۇس

تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، مەكتەپلەردە، كوچىلاردا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگەن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش فىرونتلىرىغا ئىئانىلەرنى توپلاپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىپ، ياپونغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. كوچا تەشۋىقاتلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئويۇن تەييارلاپ، يېزا - كەنتلەردە قويۇپ، ئىئانە توپلىغانىدى. رابىيە، گۈلسۈمخان، نىساخان، شەرۋانىخان، مەرەمنىساخان، ھاشىخان، ئايىمخان، ئامىنەم قاتارلىق ئاياللار ئويۇن قويۇش، تەشۋىق قىلىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق جەڭچىلەرگە ياردەم بېرىش تەشۋىقاتى قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ھەممە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى.

3) ئويۇشما قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ تونۇپ، ناھىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. ئازادلىقتىن بۇرۇنقىدەك ئىسلام ئەقىدىسى، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ھۆكۈم سۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى گۇناھ ھېسابلىنىدىغان شارائىتتىمۇ، ئويۇشما تۈرلۈك بېسىم ۋە توسالغۇلاردىن قورقماي، كىنو - تىياتىر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. 1940 - يىلى ناھىيەلىك ئاقارتىش ئويۇشمىسى شەھەردە 600 كىۋادرات مېترلىق بىر تىياتىرخانا سېلىپ، ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان، جەمئىيەتنىڭ قالاق، نادان تەرىپىنى پاش قىلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بەرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي، بىر بۆلۈك ئەر - ئاياللار بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتناشقان، 1944 - يىلى ئون تۆت ياشلىق زۆھرەخان ناھىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان، خەلقنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن رابىيە، گۈلسۈمخان، زىۋەرخان، ئايىمخان قاتارلىق ئاياللارمۇ سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىپ، خەلقنى تەربىيەلىگەن.

4) ئويۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقنى زەھەرلەپ كەلگەن خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش، پەن-مائارىپ ئارقىلىق يېڭى يولغا مېڭىش، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيۈش تەربىيەسى بېرىش ئۈچۈن ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلارغا تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى چىقىرىپ يېڭى ئىدىيە، يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلىگەن.

ئۇ زامانلاردا ناھىيەدە دوختۇر بولمىغانلىقتىن، بىر قىسىم كىشىلەر چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەل داۋالاتقاندىن باشقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر كونا خۇراپاتلىققا ئىشىنىپ رەم سالدۇرۇش، دۇئا ئوقۇتۇش، پېرە ئوينىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كېسەللىكتىن قۇتۇلماقچى بولۇشاتتى، بەزىلەر سىرتتىن كېلىپ قالغان تېۋىپلارغا ياكى تېۋىپلىق تونىغا ئورىنىۋالغان ئالدامچىلارغا ئالدىنىپ، جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. شۇڭا ئويۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ، خۇراپىي ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاتماسلىق، ئالدامچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىك، يۇقۇملۇق كېسەللەرگە يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئويۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە كۇتۇپخانا ئېچىپ، ئۆلكىلىك ئويۇشما نەشرىياتى چىقارغان گېزىت - ژۇرنال، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «ئالغا» ژۇرنىلى قاتارلىقلارنى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

5) ئويۇشما يەنە ناھىيە ئىچىدە دارىلئېتام (يېتىملەر مەكتىپى) قۇرۇپ، ئاتا - ئانىسى يوق، باش-پاناھسىز باللارنى يىغىپ ئوقۇتقان. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر يىلى يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكلەرنى بېرىپ، يېمەك - ئىچمەك تەمىناتىنى، تۇرار جايىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلغان. ئويۇشما بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش، ئىگە - چاقىسى يوق يېتىم - يېسىرلارغا باشپاناھ بولۇش، تەبىئىي ئاپەت،

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشتەك نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشما يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ساۋاتلىق قىلغان. تەنتەربىيە ئىشلىرىنىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان .

## خۇلاسە

1950 ـ يىلىغا كەلگەندە كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى «ئىتتىپاق»قا ئۆزگەرتىلىپ، ئىمىر باقى قوشۇمچە باشقۇرغان. 1951 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئاياغلاشقان. ئۇيۇشما خادىملىرى ئۆز سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارى بويىچە كۆپ قىسمى مەكتەپ ۋە ئىدارىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاز بىر قىسمى ئائىلىلەرگە قايتۇرۇلغان.

ئومۇمەن، كەلپىن ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى نۇرغۇنلىغان زىيالىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، خەلقنى يېڭىچە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، كەلپىن ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان. شۇنىڭدەك ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ، ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قانداق جايلىرىدا، يېزىلاردا زىيالىلارنىڭ بولۇشىنى دەل ئاشۇ يىللاردىكى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

### ئىزاھاتلار


[1] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (2-قىسىم) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2003-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 1271-،1276 ـبەتلەر.

[2]左红卫，郭红霞：《新疆维文会兴办民族教育及其作用》[J]，《新疆大学学报》，2005 年第三期。

[3] [6] [8] [10] [13] 《柯坪县志》编纂委员会编:《柯坪县志》[M]，《新疆大学出版社》， 1992 年八月，第 319-320 页，249 页,339 页。

[4] كەلپىن ناھىيەلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرى «كەلپىن ناھىيە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مىنگونىڭ 28-يىلىدىكى كىرىم ـ چىقىم بولغان تۈرلۈك ئىش ھېسابى».

[5] كەلپىن ناھىيەلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرى.

[7] [9] [14]ئىمىن نىياز: «كەلپىننىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە »، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 31-سان، 219-،222-بەتلەر.

[11]ئابدۇساتتار ھامىدىن: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كەلپىن ئاياللىرىنىڭ ئىشانلىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 42-سان، 137-بەت .

[12] ئابدۇللا تالىپ: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 28-سان، 7- بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2012) 02 ـ 127 ـ 10

# تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە*

ئادىلجان ئاقيول

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى قۇرۇلغان سەككىز يىلدىن بۇيان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە تور بەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ماقالىدە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىپ، نۆۋەتتە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ تارقىتىش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدۇ ھەمدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**摘要**：新疆维吾尔天山网成立 8 年以来，形成了其独特的特色和网页架构。这篇文章在介绍新疆维吾尔天山网简史的同时，重点研究了新疆维吾尔天山网的网页架构和内容，就目前影响新疆维吾尔天山网传播效率的问题方面进行了分析，并提出了存在问题的解决措施。这些措施在新疆维吾尔天山网今后的发展道路上有着重要的意义。

**Abstract**: In the eight years since the Tengritagh Uyghur Website was founded, the site has developed unique characteristics and a unique web page structure. This article, along with briefly outlining the history of the Tengritagh Uyghur Website, will also explicate the structure and content of the Tengritagh Uyghur Website, and will consider some of the factors currently affecting the reception of the site. In addition, some suggestions will be put forward for solving remaining problems; these suggestions are of great significance for the future development of Tengritagh Uyghur Website.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G21　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنتېرنېت تورى ئىنسانلارنىڭ كومپيۇتېر بىلەن ئىنتېرنېت تورىنى ئاساس قىلغان ئۇچۇر دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. تور بېكەتلىرى بولسا ئىنتېرنېت تورىدىكى ئۇچۇر تارقاتقۇچىلار بىلەن قوبۇل قىلغۇچىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم پونكىتنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنتېرنېت تورى ئىشلىرى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 15 يىلدىن كۆپرەك تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردى. كىشىلەرنىڭ تور ۋاستىسىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە نازارەت سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدەك ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى، نازارەت سىستېمىسى مۇكەممەل بولغان تەڭرىتاغ تورى قۇرۇش پىلانىنى تەستىقلىدى.

تەڭرىتاغ تورى 2001 ـ يىلى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى تەستىقلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى باشقۇرۇشىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى بىردىنبىر نۇقتىلىق ئاخبارات تور پونكىتى بولۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە بەش خىل تىلدا تارقىتىلىدۇ.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇر تارقىتىشقا باشلىغان، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ئادىلجان ئاقيول (1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، ماگىستىرانت.

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا ئىچىلغان ئۇيغۇر تور ئاخبارات ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور پونكىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تور ئاخباراتچىلىقىدىكى ئۆتكۈر كۆز بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيەنىڭ توغرا ئاخبارات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭدىكى يېڭىلىق، ئەڭ يېڭى ئۇچۇر، خىلمۇخىل نوپۇزلۇق ئاخبارات قاراشلىرىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ كەلدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»، «قانۇنچىلىق گېزىتى»، «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى، «مىراس» ژۇرنىلى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە گېزىت-ژۇرناللار بىلەن دوستانە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەپ كەلدى.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتى 2007-يىل 28-ماي چۈشتىن كېيىن 3:00دە (شىنجاڭ ۋاقتى) كونا تور بەت بىلەن خوشلىشىپ ، سەھىپىلىرى رەڭدار، مەزمۇنى سەرخىل يېڭى بىر قىياپەت بىلەن سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇر تارقىتىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ كۆرۈرمەنلەر بىلىشنى خالايدىغان ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى، مائارىپى، گۈللەۋاتقان ساياھەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ. تور بېكەت يەنە چەت ئەللەردىكى لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىنى قوللىنىدىغان، كەڭ كۆرۈرمەنلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، 2007-يىلى 5-ئايدا، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەۋەر ۋە ماقالىلەرنى لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىغا ئاپتوماتىك ئايلاندۇرىدىغان سىستېمىنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملىدى.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ باشقا ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك:

1.ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولغان ئاخبارات-ئۇچۇر تىپىدىكى تور بېكىتى.

رايونىمىزدىكى نۇرغۇن تور بېكەتلىرىگە ئوخشاش تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. لېكىن ئاساسلىق ئۇچۇرلار يەنىلا رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇھىم ئاخبارات خەۋەرلىرى بولۇپ، تور بەت يۈزىدىكى مەزمۇنلار ئىچىدە خەۋەرلەرنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى. ئۇنىڭ باشقا ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، گەرچە تور بەتتىكى مەزمۇنلار مەدەنىيەت، تۇرمۇش، سەنئەت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلسىمۇ، تور بەتنىڭ خاسلىقى يەنىلا ئۇنىڭ ئاخباراتچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇچۇرلار مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنىڭ بەت يۈزىدىكى سالمىقىدىنلا ئۇنىڭ بۇ خىل خاسلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

2.ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ياردىمىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىردىنبىر ھۆكۈمەتكە قاراشلىق تور پونكىتى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە باشقا تۈرلۈك ياردىمىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەپ، بىر قىسىم چاكىنا، كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان ئېلانلارنىڭ تور بەت يۈزىدە كۆپلەپ يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنالايدۇ.

بىز بەزىبىر شەخسىي تور بېكەتلەرنى ئاچقان ۋاقتىمىزدا، بىر قىسىم چاكىنا ئېلانلارنىڭ مائۇس ئىستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ، بىز ئاچماقچى بولغان مەزمۇنلارنىڭ ئېچىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. مانا بۇ خىل چاكىنا ئېلانلار دەل شەخسىي تور بېكەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغاچقا، بۇ خىل يۈزلىنىشتىن مۇستەسنا.

3.نازارەت سىستېمىسى مۇكەممەل

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، تور بەت يۈزىدىكى ھەربىر خەۋەر، ھەربىر خەت قاتمۇقات تەكشۈرۈش ۋە تاسقاشلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. تۆۋەندىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئەۋەتكەن خەۋەرلىرىنىمۇ قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ، راستلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئاندىن تور بېتىگە چىقىرىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا سىياسىيغا مۇخالىپ بولغان ئۇچۇرلارنىڭ ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان «كوچا پاراڭلىرى»نىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك.

4.چىنلىقى يۇقىرى

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدىكى خەۋەرلەر ئاساسلىقى شىنخۇا تورى، ماتاربېپ تورى، قانۇنچىلىق تورى، قاتارلىق مەملىكىتىمىزدە نوپۇزى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، ئىشەنچلىك تور بېكەتلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

يەنە مۇھىملىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە ئۆز نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ بىۋاسىتە قاتنىشالايدۇ ۋە نەق مەيداندىن خەۋەرى يېزىپ تارقىتالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تور بەت يۈزىدىكى خەۋەرلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىق دەرىجىسى ۋە چىنلىقى يۇقىرى .

5.تور بېكەت خادىملىرىنىڭ كەسپكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ساپاسى يۇقىرى.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقانلار جەمئىي 11نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر كىشى مۇقىم ئىشتاتلىق، توققۇز نەپەر كىشى تەكلىپ بىلەن ئىشلەۋاتقانلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن ياشلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى جوڭگو ئاخبارات تارقىتىش ۋاستىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنى، قالغانلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات - تارقىتىش ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ كەسپكە بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى، خىزمەتتىنىڭ ھەربىر ھالقىلىرى ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىگىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. گەرچە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تور بېكەت يۈزىدىكى ھەر بىر چوڭ كۆزنەككە بىردىن توغرا كەلمىسىمۇ، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدەك كۆلەملەشكەن، ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك تور بېكىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تور تارقىتىش ئىشلىرىدا، بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

6.ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى جەلپ قىلىش كۈچى بىرقەدەر يۇقىرى

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى دىيارىمىزدىكى بىۋاسىتە ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بولغان تور پونكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، توردىن ئىبارەت بۇ ۋاستە (ئۇيغۇرچە) تېخى ئىختىيارىي مۇخبىر بولماسلىقتەك ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. رايونىمىزدىكى بىر قىسىم شەخسىي ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدىمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن بىر قىسىم «ئىختىيارى مۇخبىرلار» قوشۇنى يوق ئەمەس. بىراق بۇ «ئىختىيارىي مۇخبىرلار»نىڭ ۋەزىپىسى چەت يېزا-قىشلاقلاردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم خەۋەر، ئۇچۇر، ئىنكاسلارنى يوللاش بولماستىن، ئۆزى قىزىققان «كوچا پاراڭلىرى »، تېخى تەھرىرلەشتىن ئۆتمىگەن شېئىر، نەسىر، ھېكايە، قاتارلىق ساھەلەر بىلەن چەكلىنىدۇ، خالاس.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى مەخسۇس ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئۈچۈن «يېزا - قىشلاقلىرىمىزدا» سەھىپىسى ئېچىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى گېزىت، ژۇرنال، رادىيو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىگە ئوخشاش ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا ئۆز ئەجرىگە لايىق قەلەم ھەققى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلمەكتە.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ تور بەت قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان:

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ باش بېتى، باش بەت، خەۋەر مەركىزى، گۈزەل شىنجاڭ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، تۇرمۇش، ئېكران، رادىيو، تەنتەربىيە،

مەدەنىي مىراس، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت، قانۇن مۇنبىرى، سۆز قالدۇرۇش قاتارلىق 13 چوڭ كۆزنەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر قايسى چوڭ كۆزنەكلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن كىچىك كۆزنەكلەرگە بۆلۈنگەن. تۆۋەندە مەن ھەر قايسى چوڭ كۆزنەكلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1.باش بەت: تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىغا كىرگەن چېغىڭىزدىكى كۆزنەكلەر ۋە ھەربىر كۆزنەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەڭ رەڭدار كۆزنەكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، سىزنىڭ ئىزدىگەن مەنزىلىڭىزگە يېتىشىڭىزدىكى ياكى تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېتى ئىچىدىكى سىز ئېرىشمەكچى بولغان تەپسىلاتلارنى تېپىشىڭىزدىكى كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ، باش بەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارغا، مۇناسىۋەتلىك كۆزنەكلەرنى بىۋاسىتە شۇ مەزمۇندىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ.

2.خەۋەر مەركىزى: بۇ كۆزنەكتە شىنجاڭ خەۋەرلىرى، خەلقئارا خەۋەرلەر، مەملىكەت خەۋەرلىرى، ۋىلايەت ـ ئوبلاست خەۋەرلىرى، ئىقتىسادىي خەۋەرلەر، پەن ـ مائارىپ خەۋەرلىرى، تەنتەربىيە خەۋەرلىرى ۋە ئىجتىمائىي خەۋەر قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، مۇھىملىق دەرىجىسى يۇقىرى، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان خەۋەرلەر ناھايىتى سىستېملىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

خەۋەر مەركىزى كۆزنىكى تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ ئەڭ جەۋھەر قىسمى بولۇپ، مەزكۇر كۆزنەككە كىرىش ئارقىلىق، ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيسىز.

3. گۈزەل شىنجاڭ: مەزكۇر كۆزنەك رايونىمىزدىكى سەيلىگاھلار، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يەنە ئۆز ئىچىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەر، مەمۇرىي رايونلار، مۆجىزىلىك جايلار، ساياھەت رايونلىرى، سۈرەتتىكى شىنجاڭ قاتارلىق كىچىك كۆزنەكلەرگە بۆلۈنگەن. بۇخىل سىستېملىق ئورۇنلاشتۇرۇش، قىزىققۇچىلارنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارغا بىۋاسىتە ئېرىشەلىشى ئۈچۈن، ناھايىتى قولايلىق شارائىت ھازىرلىغان.

4. مەدەنىيەت: بۇ كۆزنەكتە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، مىللىي سەنئەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. قىزىققۇچىلارغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، مەزكۇر كۆنەك يەنە ئۆز ئىچىدىن شىنجاڭدىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەر، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، مىللىي سەنئەت ۋە يازما ئەدەبىيات قاتارلىق كىچىك كۆنەكلەرگە بۆلۈنگەن. كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى مەزمۇنلار يەنە ھەرخىل بەدىئىي سۈرەتلەرنىڭ ياردىمىدە بىر قەدەر ئېنىق ۋە ئۆلچەملىك تونۇشتۇرۇلغان.

5. ئەدەبىيات: ئەدەبىيات كۆزنىكى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر تورچىلىقىدا ھەممىگە دېگۈدەك ئۇنىۋېرسال بولغان، ئومۇملاشقان كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئەدەبىيات كۆزنىكىنىڭ باشقا تور بەت ئەدەبىيات كۆزنىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مەزكۇر كۆزنەكتە «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى»، «جوڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق ژۇرناللار ئاساسەن تولۇق ساقلانغان. بۇ كۆزنەك يەنە ئۆز ئىچىدىن ئەدەبىي ئەسەر، تەرمىلەر، ھېكمەت ئۈنچىلىرى، شېئىرىيەت گۈلزارى، تەڭرىتاغ كىتابخانىسى قاتارلىق كىچىك كۆزنەكلەرگە بۆلۈنگەن.

6. تۇرمۇش: بۇ كۆزنەك كەڭ تورداشلارنى ھەرخىل تۇرمۇش بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىش، تۇرمۇش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش، تورداشلارنىڭ تۇرمۇشىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىگە مەسلىھەت بېرىش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پەرزەنت تەربىيەلەش، ساغلاملىق، ئەخلاق، ئائىلە ۋە نىكاھ، يېڭى كىنو ئۇچۇرلىرى قاتارلىق كىچىك مەزمۇنلارغا بۆلۈنگەن. ھەربىر كۆزنەكنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى ئاساسەن تۇرمۇشتىكى بىلىشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ساۋاتلاردىن تەركىب تاپقان.

7. ئېكران: مەزكۇر كۆزنەكتە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پىروگراممىلىرى ئاساسەن تولۇقى بىلەن ساقلانغان بولۇپ، تورداشلار خالىغان ۋاقىتتا، ئۆزى كۆرمەكچى بولغان پىروگراممىلارنى تەڭرىتاغ ئۇيغۇر

تورى ئارقىلىق كۆرۈش ئىمكانىيىتى ھازىرلانغان.

8.رادىيو: تەڭرىتاغ ئۇيغۇر توردا تور رادىيوسى تەسىس قىلىش پىلانى خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېقىنقى مەزگىلگىچە بۇ كۆزنەك كەڭ تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن ئىدى. 2010-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، تور بېكەت باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ پىلان ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. بىراق بەش سان پىروگرامما تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپلا بەزىبىر سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى توختاپ قالدى. نۆۋەتتە مەزكۇر كۆزنەكتە قەشقەر شەھەرلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ بىر قىسىم پىروگراممىلىرى تارقىتىلىۋاتىدۇ.

9.تەنتەربىيە: بۇ كۆزنەك مەخسۇس رايونىمىزدىكى تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەملىكەت ئىچى -سىرتىدىكى تەنتەربىيە خەۋەرلىرى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى توغرىسىدا تورداشلارغا ئۇچۇر بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. بۇ كۆزنەك ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن رايونىمىز ئىچىدە مەخسۇس تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى تارقىتىدىغان ۋاستىلەرنىڭ ئاز بولۇشىدەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە.

10.مەدەنىي مىراسلار: مەزكۇر كۆزنەك ئۆز ئىچىدىن ئەنئەنىۋى قائىدە -يوسۇنلار، ئۆرپ -ئادەت ۋە ئېتىقاد، كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە، تۇرمۇش ئادەتلىرى، قۇرۇلۇش مەدەنىيىتى، كىيىم -كېچەك مەدەنىيىتى، خەلق سەنئىتى قاتارلىق كىچىك كۆزنەكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرخىل بەدىئىي سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ -ئادەتلىرى، ياشاش ئۇسۇلى ۋە سەنئەت مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان.

11.نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت: بۇ كۆزنەكتە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مۇھىم خەۋەر ۋە سىياسەتلەر تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، ھەر خىل ساغلاملىق ئۇچۇرلىرى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئالاقىدار ھەرخىل يوليورۇقلىرى ۋە پەرزەنت تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

12.قانۇن مۇنبىرى: بۇ كۆزنەكتە ھەرخىل قانۇن ئۇچۇرلىرى، بىلىشكە تېگىشلىك قانۇن -نىزاملار، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەردىن سىرت، ھەرخىل دېلو تەھلىللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تورداشلارنىڭ قانۇن توغرىسىدا بىلمەكچى بولغان مەسىلىلەردىن مەسلىھەت سوراش ۋە مەسلىھەت بېرىش كۆزنىكى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، رايونىمىزدا قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

13.سۆز قالدۇرۇڭ: مەزكۇر كۆزنەكنىڭ ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ تورداشلار ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىچىدىكى يولۇققان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب تېپىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كەڭ تور ئىستېمالچىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن يولۇققان مەسىلىلىرىگە ئورتاق جاۋاب ئىزدىشىگە قولايلىق ئېلىپ كەلگەن.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى بارلىققا كەلگەن سەككىز يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە مۇكەممەللىكنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

1.مۇخبىرلار قوشۇنى كەمچىل

ھازىر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 11نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇخبىرلىققا چىقىدىغانلار پەقەتلا تۆت نەپەر. خەلقنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدەك ئاخبارات -ئۇچۇر تېپىدىكى تور بېكىتى ئۈچۈن، 11نەپەر خىزمەتچى ھەرگىزمۇ كۇپايە قىلمايدۇ.

بىر ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن مۇخبىر، تەھرىر، تەرجىمان (تەرجىمە ئەسەر بولسا)، مۇھەررىر، نازارەتچى، قاتارلىق ئوخشىمىغان ۋەزىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ. شۇنداقكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساغلاملىق

قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە چېتىلىدىغان تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدەك كۆلەملەشكەن تور بېكەتنى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، جاي ـ جايلاردا بىۋاستە قەلەم تۇتالايدىغان، كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى، تور بىلىملىرىگە پىششىق، ئۇنىۋېرسال ساپالىق كەسپىي خادىملارنىڭ يېتەرلىك بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر.

2.ئۇچۇر مىقدارى يېتەرلىك ئەمەس

گەرچە تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى رايونىمىزدىكى باشقا ئاخبارات ـ ئۇچۇر تىپىدىكى تور بېكەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇچۇر مىقدارى مول ۋە بىر قەدەر كۆلەملەشكەن تور بېكىتى بولسىمۇ، بىراق، رايونىمىزدىكى نۇرغۇن تورداشلار ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى ئىزدەشتە، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىغا ئەمەس، بەلكى مۇناسىۋەتلىك بولغان خەنزۇچە يېزىقتىكى تور بېكەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەھۋال ھازىر تەلتۆكۈس ئۆزگەرگىنى يوق. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ يېتەرلىك ۋە ئەتراپلىق بولمايۋاتقانلىقىدا.

بىز تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم يىغىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇھىم يىغىلىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرى بىر قەدەر تولۇق بولغاندىن سىرت، باشقا ئۇچۇرلارنىڭ ئانچە تولۇق بولمايۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ھەر قايسى ۋىلايەت ـ ئوبلاستلار، ناھىيە ـ شەھەرلەردىكى مۇھىم ئۇچۇرلار پەقەت شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئەۋەتكەن ئۇچۇرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر سەھىپىسى بولسا شىنخۇا تورى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تور بېكەتلەردىن مۇھىم دەپ قارالغان تەرجىمە خەۋەرلەر بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. باشقا ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى سەھىپىلەردىن بولسا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. ھەتتا بەزى كىچىك كۆزنەكلەر ئىچىگە بىر ئىككىلا مەزمۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئەدەبىيات» كۆزنىكى ئىچىدىكى «شەخسلىرىمىز» نامىلىق كىچىك كۆزنەكتە پەقەتلا يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارلا بار بولۇپ، باشقا شەخسلەر توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن بىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

3. ئىجادىي ئەسەرلەر كەمچىل

ئەگەر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدىكى ئىجادىي ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ بولغان كۆزنەكنى تاللاش توغرا كەلسە «خەۋەر مەركىزى» كۆزنىكىدىكى «ۋىلايەت ـ ئوبلاست خەۋەرلىرى» نامىلىق كىچىك كۆزنەكنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى مەزكۇر كۆزنەكتە، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىققان خەۋەرلىرى بولۇپ، باشقا كۆزنەكلەردىكى مەزمۇنلارنىڭ ئىجادچانلىقى يوق دېيەرلىك. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان «خەۋەر مەركىزى» كۆزنىكىدىكى خەۋەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنخۇا تورى، مائارىپ تورى قاتارلىقلارنى مەنبە قىلغان تەرجىمە خەۋەرلەردۇر. ھەتتا ئەتراپىمىزدىكى مۇھىم يۈز بەرگەن بەزى خەۋەرلەرمۇ تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تور بېكىتى دىيارىمىزدىكى بىرقەدەر نوپۇزلۇق تور بېكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان قەلەمكەش ئىشتىراكچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى تەبىئىي. شۇنداقكەن، نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلار ئۆز ئەسەرلىرىنى تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ئېلان قىلىشنى ئويلايدۇ.بىراق، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى تورداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ بولالمايۋاتىدۇ. ئاددىيسى، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا تورداشلار ئۈچۈن مەخسۇس «سۆز قالدۇرۇش» نامىدىكى چوڭ كۆزنەك تەسىس قىلىنغان. بىراق كۆزنەكتە 2010ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىن كېيىنكى ئىنكاسلار كۆرۈلمىگەن. بۇ كۆزنەككە 2010ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 24ـ كۈنىدىن كېيىن سۆز قالدۇرۇلمىدىمۇ ياكى تەڭرىتاغ تورىدىكى خادىملار بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرمىدىمۇ دېگەن گۇماندا 2010ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى ئىككى ئىلىك خەت قالدۇرۇپ سىناپ باقتىم. نەتىجە شۇ بولدىكى، ئارىلىقتىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرۇلمىدى. دېمەك بۇ

سەۋەنلىكمۇ تەڭرىتاغ تورىدا ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

4.ۋاقىتچانلىقى كۈچلۈك ئەمەس

بىر ئۇچۇرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىنلىقنى ئۇنىڭ جېنى، ۋاقىتچانلىقنى ئۇنىڭ قېنى دېسەك ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولمايمىز. ھەر قانداق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت زىيارەت سۈرئىتى، يېزىقچىلىق سۈرئىتى ۋە تارقىتىش سۈرئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىتچانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ۋاقىت ئاخبارات ۋاستىلىرىگە نىسبەتەن كاپىتال ۋە شەكىلسىز مەبلەغدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاخباراتنىڭ ۋاقىتچانلىقى خەۋەر تارقىتىلىپ، ئامما بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىت بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىت ئارىلىقى قانچە قىسقا بولسا، قىممىتى تۆۋەنلەپ، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدىكى ئۇچۇرلارغا قارايدىغان بولساق، كۆپىنچىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇناسىۋەتلىك تارقىتىش ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنىپ بولغان، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار دەپ قارالغان ئۇچۇرلارنىڭ بېكەت باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

يۇقىرىقى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ ئۇچۇر تارقىتىش ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر. تۆۋەندە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىمەن.

1. مۇخبىرلار قوشۇنىنى زورايتىش ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم.

ئۇچۇر تارقىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بىر ۋاستە ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇچۇرنىڭ ئەڭ تېز، توغرا ۋە ئەتراپلىق ئاشكارىلىنىشى شەكسىز ئۈنۈمدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئۈنۈم يۇقىرى ساپالىق مۇخبىرلار توپىدىن ئايرىلالمايدۇ.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇر تورچىلىقىدا تۇتقان ئورنىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئۆز نوپۇزىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىنتىلىدىكەن، زىيارەت، يېزىقچىلىق قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يېتەرلىك مۇخبىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا چەت يېزا- قىشلاقلاردىكى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر بېرەلەيدىغان، ئاخبارات سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم.

ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى كۆزنەكلەرنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەرقانداق بىر ۋاستە تارقىتىش ئىشلىرىدا، ئۆزى تارقىتىۋاتقان تىل ياكى يېزىقنى قوللىنىدىغان مىللەت توپىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى ۋە مىجەز - خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا ئۇنىۋېرساللىق ئىچىدىكى بۇ خىل خاسلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا خۇشچاقچاق، سەنئەت خۇمار، ئۆز قايغۇ ۋە خۇشاللىقنى ناخشا - ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ماھىر خەلق، پەقەتلا ئۇيغۇرلاردىنلا تەشكىللەنگەن پائالىيەتلەردە، ناخشا - ئۇسسۇل كەم بولۇپ باققان ئەمەس، بۈگۈنكى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن تور تارقىتىشقا نەزەر سالساق، دىيارىمىزدىكى ھەربىر ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى گەۋدىلىك.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تورغا قىزىققۇچىلار توپىنى زىيالىيلار توپى ۋە ھەۋەسكار ياشلار توپى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە زىيالىيلار ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى، مۆجىزىلىك ئىشلار قاتارلىقلارغا كۆپرەك نەزەرىنى ئاغدۇرسا، ھەۋەسكار ياشلار كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى تېمىلارغا (يېڭىدىن مەيدانغا چىقىۋاتقان كىنو - فىلىملەر ،

ئالقىشقا ئېرىشۋاتقان چولپانلار، يېڭى ۋە مودا ناخشىلار) بەكرەك قىزىقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەت يۈزىدىكى ئىجتىمائىي تېمىلار (ئەدەبىيات، تۇرمۇش بىلىملىرى، تارىخ بىلىملىرى قاتارلىقلارغا ئائىت ئۇچۇرلار) تور ئىشتىراكچىلىرىنى مەزكۇر تور بېكىتىگە قىزىقتۇرۇشىدىكى مۇھىم بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى بۇ خىل ئىجتىمائىي تېمىدىكى كۆزنەكلەرنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇشى، يېڭىدىن ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم باسقان ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، مەزمۇنلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

3. ئۇچۇر مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەك.

بىر ئاخبارات ۋاستىسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى شۇ ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيە، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا يۈز بەرگەن ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ھەرقانداق بىر ۋەقە ياكى پائالىيەت مەزكۇر تور بېكىتىنىڭ ئۇچۇر مەنبەسى بولالايدۇ، بىراق بۇخىل پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدىنلا تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىنىڭ خەۋەردار بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇ خىل ئۇچۇرلاردىن ئەڭ ئاۋۋال خەۋەردار بولىدىغان ئورۇن يەنىلا شۇ رايوندا تۇرۇشلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئۆز نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيە ھەتتا يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى، شۇ ئارقىلىق يېڭى ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

4. ئۇچۇرلارنىڭ ۋاقىتچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئىستېمالچىلارنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتتا يۈز بەرگەن ئەڭ يېڭى ئىشلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىلىشنى خالايدۇ. بۈگۈنكىدەك ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلەشكەن دەۋردە، ئۇچۇرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ تېز، ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا ئاممىغا يەتكۈزگەن ۋاستىلا... ئامما بىلەن ئۇچراشتۇرالىغان ۋاستە ئۈستۈنلۈك ھالدا تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە راۋاجلىنالايدۇ. شۇڭا تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە زۆرۈر كېرەكلىك بولغان قاتناش، زىيارەت، يېزىقچىلىق، تارقىتىش، ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، شۇ ئارقىلىق ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇچۇرلارنى تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتىنى ئېنىق ئايرىپ، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە خىزمەتنى تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ۋاقىت جەھەتتىن ئۈتۈشى، مۇخبىرلارنى كۆپرەك سىرتقا چىقىپ، ئەھۋال ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ھەسسىلەپ كۈچ چىقىرىشى زۆرۈر.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دەۋر تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. مەخسۇس ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن «ئىستۇدېنتلار» كۆزنىكى تەسىس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىسە:

ئەگەر بىز ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تور ئىستېمالچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئەڭ تېز قوبۇل قىلالايدىغان بۇ زىيالىيلار قوشۇنىمۇ ھەر قانداق ئىستېمالچىغا ئوخشاش، ئۆز تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، يېقىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئۇچۇرلارغا بىرقەدەر قىزىقىدۇ. شۇنداقكەن، توردىن ئىبارەت ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەۋاتقان بۇ يېڭى ۋاستىدە، تور ئىستېمالچىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن، مۇۋاپىق ئورۇن ئاجرىتىش ئاقىلانە تەدبىر، ئەلۋەتتە.

تەڭرىتاغ ئۇيغۇر توردا مەخسۇس ئىستۇدېنتلار ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش،

مۇھەببەت، ياتاق تۇرمۇشى، مەكتەپ ئاشخانىسى، نەمۇنىلىك ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپتىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر قاتارلىقلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ئىستۇدېنتلار كۆزنىكى» ئېچىش پىلانىنى رايونىمىز ئاخبارات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلىرىمىز كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ھەرخىل ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايۋاتىدۇ. بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمىغىنىدەك، ھەممە ئىشلارنى بىر يولىلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغىمۇ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى.

2.«داڭلىق شەخسلەر» كۆزنىكىنى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇش ۋە مەخسۇس فىلىم كۆزنىكى تەسىس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش.

مەخسۇس فىلىم ئۇيغۇر ئېكران ئاخباراتچىلىقىدا قېزىشقا، تېخىمۇ ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر ئاجىز نۇقتا. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقىغا نەزەر سالساق، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قانۇن ۋە پۇقرا» پىروگراممىسى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «نەزەر» پىروگراممىسى قاتارلىق بىر نەچچە پىروگراممىلارلا مەخسۇس فىلىم شەكلىدە ئىشلىنىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىدا مەخسۇس فىلىم تېخى بىر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرماقتا.

بىز ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان چولپان، رىياسەتچى، دىكتورلىرنى بارماق بىلەن ساناپ بېرەلەيمىز. ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا ئۇلار ھەققىدە ئاز - تولا ئىزاھات بېرەلەيمىز. چۈنكى ئۇلار تېلېۋىزىيە، رادىيو قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىز بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا، تەشۋىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىلغار شەخسلەر، ئۇلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىرلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا خەلققە سوۋغا قىلغانلىقتىن، بىز شۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىلىنىمىز-يۇ، لېكىن كىملەر تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى بىلمەي قالىمىز. شۇڭلاشقا مۇناسىپ ھالدا ھاياتلىق سەپىرىدىكى كىچىككىنە تۇسالغۇ تۈپەيلىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ، چىقىش يولى تاپالمايۋاتقانلارمۇ نۇرغۇن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، نەمۇنىلىك شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەخسۇس فىلىم ھالىتىدە تونۇشتۇرۇش، بىر قىسىم ياشلارغا نىسبەتەن، خەۋەر ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن.

3.«قانۇن مۇنبىرى» كۆزنىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن بىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسېرى ئاشماقتا. بۈگۈنكى كۈندە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرچە تارقىتىش ۋاستىلىرى ئىچىدە، مەخسۇس قانۇن بىلىملىرىنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگراممىلار ساناقلىقلا بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تور ۋاستىسى بولسا ئۇچۇر سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، ئىستېمالچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قولايلىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىكى بىلەن، باشقا ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

گەرچە ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن «قانۇنچىلىق گېزىتى» شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قانۇن ۋە پۇقرا» پىروگراممىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆزى يولۇققان بىلىملىرى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىشىغا بوشلۇق قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، سورۇننىڭ چەكلىكلىكى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئىستېمالچىلارنىڭ يەنىلا تورغا ئوخشاش ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش شارائىتى ھازىرلانغان يېڭى ۋاستىگە بولغان ئېھتىياجى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورىنىڭ «قانۇن مۇنبىرى» كۆزنىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە كۆزنەك ئىچىدىكى تارماق سەھىپىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزمەيدىغان، ھەقىقىي

قانۇنىدىن مەسلىھەت بېرىش كۆزنىكى بولۇپ ئۆزگەرتىلىشكە مۇھتاج.

4.تور رادىيوسى پىروگراممىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھەپتىدە بىر سان ئاڭلىتىدىغان ھالەتتىن كۈندە بىر سان ئاڭلىتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

رادىيو ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئىچىدە، ئۈچرىشىش بىرقەدەر قولايلىق ھەم رايونىمىزنى قاپلاش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئومۇملاشقان ۋاسىتە بولسىمۇ، بىراق مۇقىم تەكرارلىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن ۋاقتى ئۆتكەن مەزمۇنلارنى قايتا ئاڭلاش پۇرسىتى ھازىرلانمىغان. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىدە (باس-باس تورى، تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى...) مەخسۇس تور رادىيوسى يولغا قويۇلدى.

نۆۋەتتە باس-باس توردا يولغا قويۇلغان ئۇيغۇرچە تور رادىيوسى پىروگراممىسى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ بازار تېپىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق تەڭرىتاغ ئۇيغۇر توردا بەش سان پىروگرامما تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپلا توختاپ قالدى.

ئەگەر تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى تور رادىيوسى پىروگراممىسىنى داۋاملاشتۇرسا ۋە ئەسلىدىكى ھەپتىدە بىر سان ئاڭلىتىلىدىغان ھالەتتىن كۈندە بىر سان ئاڭلىتىدىغان ھالەتكە يەتكۈزسە، ئىشىنىمىزكى نۇرغۇنلىغان تورداشلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدۇ ۋە خەلققە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى يەتكۈزمەيدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. تەڭرىتاغ ئۇيغۇر تورى
2. ئەسقەر ئابدۇزاھىر، زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى، 2009-يىل 1-سان

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2012) 02 ـ 137 ـ 04

# ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا*

ئەخمەتجان ئۆمەر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى چىقىش نۇقتىسى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە قانداق شەرت ۋە ساپالارنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يۇقىرى سىياسىي ۋە ئىلمىي ساپا، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسى، پۇختا كەسپىي ساپا، شۇنداقلا يۈكسەك ئەخلاقىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ باي يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە يۇقىرى مۇلازىمەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ.

**摘要：** 本文以学报编辑的基本职能出发，论述了学报编辑人员必须具备的基本素质，强调了学报编辑人员要有坚定的政治与道德素养、全面的知识结构以及坚实的业务能力，并提出学报编辑应有较强的创新能力与良好的服务理念。

**Abstract:** Taking as a starting point the basic responsibilities of the editors of scholarly journals, the present article will demonstrate the necessity of their developing certain skills and levels of knowledge. It will be suggested that editors of scholarly journals must possess high levels of political and scholarly knowledge, a firm general knowledge base, a high professional level, and a high ethical level. It will be further suggested that editors of scholarly journals must also possess a strong creative spirit and a strong spirit of service.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تەھرىرلىك بىر تۈرلۈك ئىدىيەۋىلىكى، سىياسىيلىقى شۇنداقلا ئىلمىيلىكى تولىمۇ يۇقىرى بولغان خىزمەتتۇر. ئىلمىي ژۇرنال سۈپىتىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى، ژۇرنالنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئورگىناللارنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولۇپلا قالماستىن يەنە بىۋاستە ھالدا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە سەۋىيەسىگە باغلىق بولىدۇ، چۈنكى مۇھەررىرلەرنىڭ سىياسىي، ئىلمىي، كەسپىي ساپاسى، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى، شۇنداقلا قىممەت قارىشى ژۇرنالدا مۇھەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى توغرا بولغان سىياسىي-ئىدىيەۋى مەيداندا تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۆگىنىپ تۇرۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساپاسىنى شۇنداقلا سەۋىيەسىنى توختىماي ئاشۇرۇشى كېرەك.

## 1. يۇقىرى سىياسىي ساپا ھازىرلىشى كېرەك

ئىلمىي ژۇرنال بىر خىل كۆپ تەرەپلىمە روھىي ئىجادىي ھاسىلاتتۇر. ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى بولسا مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك جەريانىدۇر. ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى ژۇرنال سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل. مۇھەررىرلەرنىڭ سىياسىي ساپاسى دېگىنىمىز مۇھەررىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك سىياسىي- نەزەرىيەۋى تەربىيەلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مۇھەررىرلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سىياسىي مەۋقە، قاراش، خاھىشلىرىغا بولغان توغرا تونۇشىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت، پارتىيە، مىللەت، دىن قاتارلىق ئۇقۇملارغا قارىتا توغرا بولغان تونۇش ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 2- ئاينىڭ 28-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەخمەتجان ئۆمەر (1982-يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان) ، ماگىستىر، ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سىياسىي مەيدانى، خاھىشى شۇنداقلا ساپاسى ژۇرنال ماقالىلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يۇقىرى سىياسىي ساپا ھازىرلاپ، دۆلەت، پارتىيە، مىللەت، دىن ئۇقۇملىرىغا قارىتا توغرا تونۇش شەكىللەندۇرۇشى ۋە ئۇلارنى بىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى چوقۇم يەنە ئىدىيە، سىياسىي ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بىردەك پارتىيە بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى، دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات ۋە نەشرىيات ئىشلىرىغا ئالاقىدار مەخپىيەتلىك، ئەسەر ھوقۇقى، پاتېنت، دۆلەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارغا يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىشلىرىغا ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن پەرمانلىرىغا، دۆلەتنىڭ مىللەت، دىن، قانۇن، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە ساھەلىرىدىكى سىياسىي پىرىنسىپلىرىغا قارىتا يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئۇلارغا قارىتا ئىزچىل توغرا مەيدان ۋە پوزىتسىيەنى ئىپادىلىشى كېرەك.

## 2. يۈكسەك ئىلمىي ساپا ۋە ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئىلمىي ساپاسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسى، قىممىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا شۇنداقلا يەنە تەھرىرلىك ـ نەشرىيات ئىلمى ساھەسىدە ئىلمىي نەتىجىلەرنى يارىتىشتا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كەسكىن نەشرىيات رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشى، شۇنداقلا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئىلىمگە بولغان پوزىتسىيەسى، ئىلمىي ئىزدىنىش روھى شۇنداقلا تەتقىقات ئىقتىدارى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك نامايان قىلىپ بېرىشىنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يەنە ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئادەتتە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەر ئۆزى مۇناسىۋەتلىك پەن تۈرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان پەن تۈرىگە ئالاقىدار بولىدۇ. گەرچە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن ھەممە پەن تۈرىدىن ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ (ھەم ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ) لېكىن، ژۇرنالغا ئالاقىدار ھەر بىر پەن تۈرىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەردىن مۇئەييەن دەرىجىدە خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولمىسا، ئورگىناللارغا قارىتا پەرق ئېتىش، قىممىتى بار ئورگىناللارنى بايقاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدۇ. ھەر قايسى پەن ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتا، مۇھىم نۇقتىلارنى، تەتقىقات ئەھۋاللىرىغا توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. بۇ ئىلمىي ژۇرناللار سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، يەنە بەزى كەسىپ ئەخلاقىغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## 3. پۇختا كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك

مۇھەررىرلىك كەسپىي ساپاسى دېگىنىمىز مۇھەررىرلەرنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى تەشكىللەش سەۋىيەسى، ئورگىناللارغا قارىتا دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈپ چىقىش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرۈپ بېكىتىشىگە يوللاش، ماقالىنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، سەھىپىلەرنى لايىھەلەش، ئورگىناللارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، يېزىق، بەلگە، فورمۇلا، گىرافىكلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كونكرېت ھالقىلاردا نامايان قىلىنغان ئىقتىدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىلمىي ژۇرناللا چوقۇم «جوڭگو ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى سۈپەت ئۆلچىمى ۋە سۈپەت باھالاش چارىسى»، «جوڭگو تەبىئىي پەن ئىلمىي ژۇرناللىرى سۈپەت ئۆلچىمى ۋە سۈپەت باھالاش

چارىسى»، «جوڭگو تىل-يېزىق ئىشلىتىش ئۆلچىمى»، «پايدىلانغان ماتېرىياللارنى تىزىش بەلگىلىمىسى» قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەرگە چوقۇم رىئايە قىلىشى، ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ لايىھەلىنىشى مۇۋاپىق ۋە خاسلىققا ئىگە بولغان بولۇشى، رەسىم، گىرافىكلارنىڭ فورماتى بىردەك ماسلاشقان، كۆركەم بولۇشى كېرەك. ئەسەر تىلىنىڭ قېلىپلاشقان، تاللانغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ تەلەپلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى پۇختا كەسپىي ئاساسقا شۇنداقلا، دەۋر روھىغا ئۈزلۈكسىز ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر.

## 4. يۈكسەك ئەخلاقىي ساپا ھازىرلىشى كېرەك

ئىلمىي ژۇرناللار پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، شۇنداقلا يۈنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋاستە بولۇشتەك مۇھىم فۇنكسىيەگە، كەڭرى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىر دائىرىگە ئىگىدۇر، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى ھېچقانداق نەشر ئەپكارى باسالمايدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يۇقىرى سۈپەتلىك سەھىپىلەرنى ھازىرلاپ، ئۇلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن رول ئوينىغۇزۇشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى جەمئىيەت ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يۈكسەك ئەخلاقىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ھەر قانداق ياخشى ئورگىنالمۇ مۇھەررىرلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، بايقىشى نەتىجىسىدە ژۇرنال يۈزىگە چىقالايدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيەسى دەل ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى توغرا تاللىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، مۇھەررىرنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى ئۇلارنىڭ ئىلىمگە بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيەسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئىلمىي ژۇرنالنىڭ مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدىكى سۈپىتى ۋە خاراكتېرىگە قاراپلا ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا مۇئەييەن دەرىجىدە باھا بېرەلەيدۇ. ھالبۇكى بۇ خىل باھا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇرمەنلەر شۇنداقلا ئاپتورلارنىڭ ژۇرنالغا بولغان ئىشەنچىسىگە، ژۇرنالنى قوللىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھالقىدۇر.

شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپ، توغرا بولغان كەسپىي ئەخلاق قارىشىنى تۇرغۇزۇشى، شۇنداقلا يەنە ئاخبارات-نەشرىيات باش مەھكىمىسى چىقارغان «جوڭگو نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق نىزامى» «نەشرىيات ساھەسىدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي سالاھىيىتىنى بېكىتىش بەلگىلىمىسى» جوڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تۈزگەن «مەملىكەت خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ ئەخلاق ئەھدىنامىسى» قاتارلىق كەسپىي ئەخلاق مىزانلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

## 5 . يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇش، توختىماي ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى كېرەك

يېڭىلىق يارىتىش بىر خىل ئاكتىپ بولغان ئىزدىنىش پوزىتسىيەسىدۇر. يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە مۇھەررىرلەرلا يېڭىلىق يارىتىش يولىدا توختىماي ئىزدىنەلەيدۇ، يېڭىلىق يارىتىشتا پۈتمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئىشتىياققا ئىگە بولالايدۇ. شۇنداقلا پەقەت مۇشۇنداق روھقا ئىگە مۇھەررىرلەرلا يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇسۇل ۋە ئۇقۇملارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. مۇھەررىرلەر كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئورگىناللار دۆۋىسىدىن دەۋر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىلمىيلىكى يۇقىرى، ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىگە ئۇيغۇن بولغان ماقالىلەرنى تاللاپ ژۇرنال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. يېڭىلىق يارىتىش يەنە مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى، ئۇنىۋېرسال

بىلىمى ۋە خىزمەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۇنىۋېرسال نامايان قىلىنىشىدۇر. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى، ئىزدىنىشلىرىنى، قىزىقىشىنى، شۇنداقلا ۋاقتىنى ژۇرنالغا ئائىت ساھەلەرگە ھەممىدە ژۇرنال سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش يوللىرىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ژۇرناللا ئەمەس بەلكى بارلىق نەشر ئەپكار ئىجادىيلىقىدا، شۇنداقلا مۇئەييەن خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بولماي قالمايدۇ. يېڭى دەۋر مۇھەررىرلىرى قارىغۇلارچە، تەكرار يوسۇندا خىزمەت قىلىشتىن تەلتۆكۈس خالىي ھالدا، ئۆز ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەپەككۇر قىلىشقا، ئىسلاھ قىلىشقا، يىغىپ ئېيتقاندا يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

## 6. مۇلازىمەت ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك

مۇھەررىرلەرنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى مۇھەررىرلەرنىڭ ئاپتورلار، ئوقۇرمەنلەر شۇنداقلا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئۇنۇملۇك ھەمكارلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك، جانلىق مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ. بىر دانە ئىلمىي ژۇرنالنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشردىن چىقىشى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى، تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى، كوررېكتور ۋە بەت لايىھەلىگۈچىلەر، بېسىش ۋە تىكىشكە مەسئۇل خادىملار قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە روياپقا چىقىدۇ. بۇ خىل ئورتاق كۈچ چىقىرىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ۋاسىتىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى پۈتۈن جەرياندا خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسى ژۇرنالغا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ھالقا ھەر بىر كىشىگە چېتىلغان بولىدۇ. شۇڭا ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئاكتىپ بولغان مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇش يېتىلدۇرگەندە ئاندىن ئىناق، ۋە ماسلاشقان تەھرىرلىك ـ نەشرىيات مۇھىتى يارىتالايدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 陈志贤，王玫武，钱 筠，黄晓楠. 高校学报编辑学术能力之管见[J], 闽西职业技术学院学报, 2011(3) : 115-117页。

[2] 严虹. 学报编辑人员的素质培养探析[J], 山东工商学院学报, 2010(6):122-124页。

[3] 王佳玲. 论 学 报 编 辑 素 质 的 培 养[J], 黑龙江省社会主义学院学报, 2011(6):57-58 页。

[4] 张亘稼. 高校学报编辑职业道德研究[J], 陕西广播电视大学学报, 2011(3) : 67页。

[5] يۈسۈپ ھامۇت: مۇھەررىرلەرنىڭ كەسىپ ئېڭى ھەققىدە[J]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان، 125 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.33, Iss.2 (Total:130)    Jun 2012

## Contents

Collectivization: The Creation of "Non-Peasants" ........... *Sawut Pawan, Muhemmetyüsüp Tahir* (1)

OnCultural Aspects of Idiomatic Phrases in Uyghur ............................................... *Ablimit Yunus* (9)

On the Types of Phrase in Uyghur........................................... ......*Abduréhim Raxman* (19)

On the Means and Ends of Making the "Xinjiang Spirit" Flourish......... ...........*Mahire Abliz* (26)

On Strengthening the Corps of Professionals and on Tapping Our Professional Resources ........
............................................................................................................*Muhemmetyüsüp Sulayman* (33)

On a Number of Problems Remaining in the Religious Views of Xinjiang's Minority College Students.............................................................................................*Xurshide Ghopur* (40)

A On Improving the Ideological and Political Training Directed at Art Students .......................
.......................................................................................Muxtar Abduréhim (44)

On the N-gram Structure of Letters and Words ...................................................
.......................................................*Abduxélil Abduréhim, Nijad Nejmidin, Mehmutjan Memet (52)*

On the Difference Between Non-fixed Phrases in Traditional Grammar and Generative Grammar
........................................................................................................................... *Adile Musa* (62)

On Proverbs in the *Dictionary of Turkic Languages* Which Use Animals as Examples ..........
...........................................................................................................................*Adile Qahar* (71)

On Popular Recreation and Its Social Role....................................*Ablimit Muhemmet Yiltizliq* (72)

Thoughts on Some of Muhemmedsalih Metrozi's Literary Journalism ..... *Abdulla Metqurban* (89)

On Some Skills Requisite to Analyzing Films and Television Shows................ *Batur Mexsut* (96)

Navai's Views of Women Were Ahead of Their Time....................... .. *Güljamal Memtimin* (105)

On the History and Events of Establishment of Sub-committee for Promotion of Uyghur Culture in Kelpin County..........................................*Chimengul. Semet & Munire. Yaqup* (116)

On the Development of the Tengritagh Uyghur Website ...................................*Adiljan Aqyol* (127)

On Skills Which Editors at Scholarly Journals Should Develop ...............*Exmetjan Ömer* (135)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.2.2012г (Общий: № 130)**

**Содержание**

Коллективизация — о создании « Странный крестьянин».... Савут Паван, Мэмэтюсуп Тайр

О культуре, отраженной в фразеологических выражениях уйгурского языка ……………………………………………………………………………. Аблимит Юнус

О словосочетаниях уйгурского языка и их класификация......................Абдурехим Рахман

О пути и значении проявления « Синьцзянского духа» ................................ .Махирэ Аблиз

Об усилении строительства отряда специалистов и содействии освоению людских ресурсов ................................................................................. Мэмэтюсуп Сулайман

Изучение некоторых проблем, существующих в религиозных взглядах у студентов нацианальных меньшинств Синьцзянских вузов…………………………….....Хурщидэ Гупур

О повышении эфективности идейно-политического воспитания студентов художественных специальностей ..........................................................................Мухтар Абдурехим

Анализ структуры уйгурских слов и букв на основе N-gram.............................................. …………………………Абдухэлил Абдурехим, Нижат Нэжмидин, Мэхмутжан Мэмэт

Разница при анализе словосочетаний в традиционной грамматике и в генеративной грамматике ................................................................................................ Адилэ Муса

О значении фразеологизмов с образами животных в « Словаре тюркских наречий» ................................................................................................................ Адилэ Кахар

Об обычаях народных развлечений и их функции ........................................ Аблимит Мэмэт

О некоторых произведениях очерковой литературы Мэмэтсали Мэтрози…………………… ........................................................................................................ Абдулла Мэткурбан

О навыках анализа произведений кино и телевидения ..................................... Батур Мэхсут

Об образах женщин в « Хэмисэ» Наваий и ультро-временные взгляды автора на женщин ............................................................................................... Гульжамал Мэмтимин

Об истории создания и деятельности Ассоциации культурного содействия уйгуров в уезде Кэлпин ........................................................................................................ Чимэнгуль Сэмэт

Изучение положения развития Тянь-Шань сети на уйгурском языке ............................................................................................................................ Адил Акёл

Анализ качества редактора вестника университета ……………………..…………..Эхмэт Умэр

# قاۋسلقان قامجان ئەپەندى ئايتماتوف ئاكادېمىيەسىكە ئاكادېمىك بولۇپ سايلاندى



دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچى ئايتماتوف ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى ئاكادېمىك ئا. ئاقمەتەلىيېفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەملىكىتىمىزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پېشقەدەم پېداگوك، ئاتاقلىق تەتقىقاتچى، ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسلقان قامجان 2011-يىلى 25-ئۆكتەبىردە ئايتماتوف ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى.

قاۋسلقان ئەپەندى 1942-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1980-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئۇيۇق سىزىقى»، «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا: «ئايتماتوف جۇڭگودا»، «چىڭغىز ئايتماتوف ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا»، «دۇنياۋىي يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف»، «‹شۇۋرغانلىق بېكەت› ۋە ‹ئېلچاۋ كۈنبىي›»، «ئايتماتوف ئېرىشكەن دۇنياۋىي مۇكاپاتلار ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «‹قىيامەت› ۋە ‹قوڭغۇر تاغنىڭ ئەكس ساداسى›»، «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە چىڭغىز ئايتماتوف» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئايتماتوف ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ بىلەن قاۋسلقان قامجان 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق 4 ئالىي مەكتەپكە «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «قازاق كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، «نەسرچىلىك يېزىقچىلىقى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر قازاق ئەدەبىياتى»، «ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتى»، «ئاباي تەتقىقاتى»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» قاتارلىق 10 خىل دەرسنى ئۆتكەن. قاۋسلقان قامجان ئۇزۇن ۋاقىت باشتىن-ئاخىر ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەم ئۇيغۇر، قازاقتىن ئىبارەت ئىككى مىللەت تىلىدا قەلەم تەۋرىتىپ، 320 پارچە ماقالىسىنى، 24 پارچە كىتابىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. مەملىكىتىمىز سىرتىدا قازاقىستاندا بىر پارچە كىتابى بىلەن 5 پارچە ماقالىسى بېسىلغان.

قاۋسلقان قامجان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى ھەم نۇرلۇق چولپىنى ئۇلۇغ شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنى چارەك ئەسىر نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ: «تېيىپجان تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۈلگە»، «ئەل قەلبىدىكى تېيىپجان ئېلىيوف» قاتارلىق ئۈچ پارچە تەتقىقات كىتابى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، دەۋرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تېيىپجان ئېلىيوف تەتقىقاتى» ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى - «مانا بۇ بوغدا» ناملىق ئىلمىي ئەمگەكنى نەشر قىلدۇرغان. جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىكار ۋەكىلى، ئاتاقلىق يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوفنى 15 يىل تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى، مەخسۇس «سۇلتان جانبولاتوف» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر پارچە تەتقىقات كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. قاۋسلقان قامجان «قازاق ئەدەبىياتى ھەققىدە» ناملىق كىتابى ئارقىلىق مەملىكەتلىك «تۇلپار» مۇكاپاتىغا، «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئويلار» ناملىق كىتابى ھەمدە «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2-ۋە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى پەلسەپەۋى قاراشلار» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 7-قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

# 新疆大學學報


Journal of Xinjiang University
哲学社会科学维吾尔文版
季刊（1980年创刊）
第33卷 第二期 2012年6月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878
07>
9 771005 587001


# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى


(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
پەسىللىك ژۇرنال (1980-يىلى چىقىشقا باشلىغان)
2012-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى (33-يىللىق 2-سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991-8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1034/G4-W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58-13
باھاسى: 6 يۈەن